

1996
MAYBULAK
مايبۇلاق

# مەرھۇم ۋارسجان تۇردى ھاياتدىن كۆرۈنۈشلەر



ۋارسجان تۇردى زاۋۇت قۇرۇلۇشغاقوماندانلىق قلماقتا (ماتريالدىن)



ۋارسجان تۇردى1984-يىلى ئەدىبلەربىلەن جۇڭغارىيە چۆللۈكدە (ماتريالدىن)

# قاراماي شەھەر
# ئىدارە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر
# بىرلەشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
# 10 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز


# مايبۇلاق

پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال

19-يىل نەشرى

1

1996



باش مۇھەررىر قادىر تۇختى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئابدۇۋاھىت ئوسمان
مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان تالىپ

مەسلىھەتچىلەر

ئا. ئالماس، سىراجىدىن سىيىتنىياز،
ئابدۇرېشىت قادىر، ئۆمەرجان كېرىم

تەھرىر ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇكېرىم قاسىم، ئابدۇۋاھىت ئوسمان،
ئابدۇرېشىت نىياز، ئارسلان تالىپ،
ئەركىن مۇھەممەت كامالى، تۇرسۇنجان ھاشىمى،
غالىب تۇختى، قادىر تۇختى، مۇھەممەت سابىت،
مۇھەممەت مەمتىلى، ئوسمان فازىل

# بۇ ساندا

## قەھرىمانلار شەجەرىسى

مۇستەھكەم ئىرادە، تولۇق ئىشەنچە ...... جۇمابای جەكسەنبای (4)

قەلبىمدىكى ئابىدە (ئەسلىمە) ...... سىراجىدىن سېيىتنىياز (15)

## مەرسىيەلەر

يولداش ۋارىسجان تۇردى ۋاپات بولدى ...... (21)

قامەتلىك چىنار ...... ئارسلان تالىپ (24)

قايغۇ ئىچىدىكى ئەسلىمە ...... مۇھەممەت سابىت (28)

خەير - خوش ۋارىسجان ئاكا ...... ئابدۇرېشىت قادىرى (31)

سۇۋادان تېرەك يىقىلدى ...... ئۆمەرجان كېرىم (37)

قارامای خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ كەلدىم ...... ئەنۋەر بۇلاق (47)

ئەستىن چىقماس ئابىدە ...... ئا. ئالماس (49)

تۇزىماس گۈل ...... ئابدۇۋاھىت ئوسمان (50)

مەرھۇم ۋارىسجاننى ئەسلەپ ...... تۇنىياز قادىر (51)

پېشقەدەم رەھبەرگە مەرسىيە ...... ئا. قاسىم (52)

شېئىرىيەت ئۈكسۈيدۇ ئىشتىياق ئۆچۈن ...... ئايبېك ئۆمەر (53)

ئەلۋىدا ...... ئەخمەتجان مۇھەممەت (53)

ۋارىس ئىدىڭ سېلىم بوۋاڭغا ...... قادىر سىدىق (54)

ئەلۋىدا ...... مۇھەممەت مەمتىلى (54)

ۋارىسجان تۇردىغا مەرسىيە ...... غالىپ توختى (55)

## نەسرى ئەسەرلەر

ئەسقەر ئۇستامنىڭ كېسىلى (ھېكايە) ...... تۇرسۇن تۇمۇر (56)

رەسسام قىزنىڭ ئۆلۈمى (ھېكايە) ...... رەپقەت غوپۇر (65)

دوپپا بازىرىدا كۆرگەنلىرىم ۋە ئويلىغانلىرىم (ئەدەبىي خاتىرە) ...... رەخمەتجان ئىمىن (71)

چۈشىنىش (ھېكايە) ...... تۇرسۇن ئابدۇللا (82)

پارنىك ئىچىدىكى ئادەم (ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە) ...... ئەركىن ئەمەت (84)

## شېئىرلار

ئۇيغۇرۇم ...... ئابدۇللا جامال (75)

كەلدى نورۇز ...... ھەسەنجان (76)

بىر جۈپ گۈل ...... ئا. قاسىم (76)

سەكسەن كوي ............ ئابدۇغېنى سېيىت (77)

شېئىرلار ............ ئابابەكرى توختى (78)

تۆيۈقلار ............ جۇمە ئابدۇغېنى (چوقئا) (80)

غەزەللەر ............ ئىرشاد ھېيتاخۇن (81)

ئىگە ھەققىدە مۇخەممەس ............ تۇردى قۇربان يامغۇر (90)

ئانامغا مەكتۇپ ............ ئىمىنجان روزى (تاقىتى) (92)

گەرچىسىپ بولغاندا قايتا بىر سۆيۈش ............ ھەسەنجان بوساق (93)

شۇنداق ئادەمەن ............ ئابدۇرېھىم ئابدۇرۇسۇل (ئىنتىزار) (94)

شېئىرلار ............ نۇر ئامىنىم ئەھەت (95)

ئەللەيلىنىپ يۇرەمسەن مەڭدەپ ............ ئۆمەرجۇمە (96)

شېئىرلار ............ ئابدۇقېيۇم مەجنۇن (97)


## مىڭلىق قىرىق يىل


ئىپتىخارلىق سوۋغا ............ ئابدۇۋاھىت ئوسمان (98)

ئەدەبىياتنى سۆيەيلى ............ ئا. ئالماس (101)

ئۆچمەس تارىخ ............ غالىپ توختى (106)

«چۆلدىكى تۇنجى چىراغ» توپلىمى ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز ............ تۇرسۇن مۇسا (108)


## يېڭىلىك غۇنچىلىرى


سېنىڭ قەدرىڭ (نەسر) ............ گۈزەلنۇر مۇتەللىپ (111)

تېگىرقاش ئىلكىدە يېزىلغان خەت (ھېكايە) ............ رەھىمجان رەھمەتجان (112)

نەسرلەر ............ رىسالەت رېھىم (113)

شېئىرلار ............ مەريەم توختى (115)


## تەرجىمە كۆزنىكى


سىرلىق قوشنا ............ ئاينۇرنەيىم (ت) (116)

ۋالىڭ ئەرگۈنىڭ تۇرمۇشتىكى ئۈچ قائىدىسى ............ سۇلايمان داۋۇت (ت) (119)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: قۇملۇقتىكى بازا. (ماتىرىيالدىن)

مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە: رەڭدار زېمىن. ئىسكەندەر غوپۇر فوتوسى

مۇقاۋىنى ئارسلان تالىپ لايىھىلىگەن، ھۆسن خەت، قىستۇرما رەسىملەرنى ئادىل ئابلىز ئىشلىگەن. ئىچ مۇقاۋىنى ئابلەت ھوشۇر ئىشلىدى.

جۇماباي جەكسەنباي

# مۇستەھكەم ئىرادە، تولۇق ئىشەنچە

## سۈت ساتقۇچى

ئەپكەش بىلەن ئىككى چېلەك سۈت كۆتۈرۈپ «يېڭى سېغىلغان سۈت! سۈت ئېلىۋېلىڭلار!» دەپ كورپۇس ئارىلاپ سۈت ساتىدىغان ئوتتۇرا بوي، رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىش كىيىمى، ئورۇق بەدىنىگە سەل كەڭ كېلىپ، سالپىيىپ تۇرسىمۇ، قامىتىدىن قەيسەرلىكىنىڭ سىماسى ئۇرغۇپ تۇرغان كىشىنى كۆرگەنلا كىشى «ۋاي ئېرىسباي ئۇستام ياخشىمۇسىز؟ چۈشتە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ تاماق ئىچىۋېلىڭ»، «ۋاي ئېرىسباي، كەچتە ۋاقتىڭىز بولسا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىڭ» دەپ ئەر-ئايال ھەممىسى دېگەندەك ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. «ئاددى بىر سۈت ساتقۇچىنى بۇ خەق نېمانچە ۋاي دەپ ھۆرمەتلەيدىغاندۇ» دەپ مەن ھەيران قالاتتىم.

بۈگۈن سۈت ساتقۇچى ئېرىسباي مەھەللىمىزگە سۈت سېتىپ كەلمىگەندىن كېيىن كالا قوتاندىن سۈت ئېلىپ كېلەي دەپ باردىم. مەن بۇرۇن كالا قوتىنىغا بېرىپ باقمىغاچقا ئۇدۇل چوشقا قوتىنىغا كىرىپ قاپتىمەن-يۇ، ئۆز كۆزۈمگە ئۆزۈم ئىشەنمەي ھەيران قېلىپ تۇرۇپلا قالدىم. كۆز ئالدىمدا سۈت ساتقۇچى ئېرىسباي چوشقىلارغا يەم تۆكۈۋاتاتتى. «مۇشۇ چوشقا باققۇچى ساغقان سۈتنىمۇ ئىچىپ يۈرۈپتۇقدە» دەپ كۆڭلۈم ئېلىشقاندەك بولدى. شۇ چاغدا ئېرىسباي مەن تەرەپكە قارىدى. مەن زورمۇ-زور ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم. ئېرىسباي مېنىڭ ھەيران قېلىپ تۇرغانلىقىمنى سەزدى بولغاي:

- ئۇكام، ئانچە بەك ئەجەبلىنىپ كەتمىسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن كۈن سىزنىڭ بېشىڭىزغا چۈشكەن بولسا بەلكىم سىز بەرداشلىق بېرەلمەي، چوشقا بېقىش ئۇياقتا تۇرسۇن بەلكىم ئەقلىڭىزدىن ئازغاشقان بولاتتىڭىز ياكى ئۆزىڭىزنى ھالاك قىلىۋالغان بولاتتىڭىز. مەندە ھەققانىيەتكە بولغان مۇستەھكەم ئىرادە، خەلقىمىزگە، پارتىيىمىزگە بولغان تولۇق ئىشەنچە بولغاچقا تۇرمۇشتىكى ھەر قانداق كۈرەشكە بەرداشلىق بېرىۋاتىمەن. دۈيىمىز بىر ھاراق زاۋۇتى قۇرغانتى. بۇرۇنقى چوشقا باقىدىغان ئىككى كىشىنىڭ بىرسىنى ھاراق زاۋۇتىغا چىقىرىپ مېنى ياردەملەشكىن دەپ چىقىرىپ قويدى. كالىنى مىللىي ئاياللار سېغىپ بولغاندىن كېيىن سۈتنى-مەن كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ ساتىدىغان بولدۇم، - دېدى. مەن:

- سىزدىن باشقا خەنزۇ يولداشلار يوقمىكەن، بۇ ئىشنى سىزگە ئىشلىتىش پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە تازا ئۇيغۇن كەلمەيدۇغۇ؟ -دېدىم. ئېرىسباي ئەتراپىغا بىر قۇر سىنچىلاپ قارىۋېتىپ:

- پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىدا شۇنداق دېيىلگەن بىلەن ئۇنى تۆۋەندە بۇرمىلاپ ئىجرا قىلغۇچىلار بار ئەمەسمۇ، مېنىڭ نەق «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپىقىم بولغاچقا پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىم يوق. مەن ھازىر ئىدىيەمنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىۋاتقان ئادەم، باشقىلار مېنى «ئەكسىلئىنقىلابچى» دەمدۇ، «چەت ئەلگە باغلانغان» دەمدۇ، «سېسىق زىيالى» دەمدۇ مەيلى، نېمە

دېسە شۇنى دېسۇن، مەن ھايات مۇساپامدا پارتىيىمىز ئۈچۈن، خەلقىمىز ئۈچۈن، نېفىتلىكىمىز ئۈچۈن ھەر قانداق ئېغىر، جاپالىق، مەينەت-پاسكىنا ئىش بولسىمۇ ئىشلەپ، ئىنسانى غورۇرۇمغا مەنسۇپ ھالدا ۋەتەنگە ئەجىر سىڭدۈرەلىسەملا ئۆزەمنى بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم. پارتىيە، خەلق ھامان بىر كۈنى مېنى توغرا چۈشىنىدۇ. ئەمگىكىمگە ئادىل باھا بېرىدۇ.-دەپ ئۇ كىشى مېنى كالا قوتىنىغا باشلاپ باردى.

1976- يىلى باش كۈز. ئۆتكەندە چوشقا قوتىنىدا ئېرىسباي بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئېرىسباي ئاكا بىلەن بىر مۇڭدىشىپ بېقىش كويىدا بولۇپ يۈرەتتىم. بىر يەكشەنبە كۈنى ئېرىسباي ئاكىنى ئىزدەپ كالا قوتىنىغا باردىم. ئۇ مېنى ھاراق ئېچىتقۇسى كۆمۈلگەن ئۇزۇن زالدىن باشلاپ، دۇفۇ چىقىرىدىغان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى كىچىك بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدىكى چىۋىنلار غۇژژىدا بىر كۆتۈرۈلۈپ بېسىقتى. زالدىكى ھاراقنىڭ ئېچىتقۇسى بىلەن تالادىكى، كالا، چوشقا، قوي ۋە دۇفۇخانىلارنىڭ پۇرىقى قوشۇلۇپ، ياتاقنىڭ ئىچىدىكى سېسىقچىلىق كۆڭلىڭىزنى ئاينىتىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ياتاقنىڭ ئىچى تالادىن كىرگەن ئادەمگە گوردەك قاراڭغۇ، دېرىزىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ كىچىك توشۇك قويۇلغانىكەن. زالدا چېچىلىپ ياتقان قوناق، سېرىق پۇرچاقنى توشۇپ يۈرگەن چاشقانلار ئادەمدىن تەپتارتىدىغاندەك ئەمەس. مەن ئەتراپىمغا خۇدۇكسىنىپ قاراپ چىقتىم. چۈنكى ياتاق ناھايىتى سۈرلۈك ئىدى.

-بەش مىنۇت ئولتۇرسىڭىز كۆزىڭىز ئۆزلىشىپ قالىدۇ. توكنى ياققان بىلەن ياتاق بەك ئىسسىپ كېتىدۇ. ئىش قىلىپ بۇ ياتاق تۈرمىدىن ياخشىراق. ئىشىكىمدە پوس يوق. ئەركىن كىرىپ چىقالايمەن. بىر قوتان قوي بىلەن 30 دىن ئارتۇق كالىنىڭ يەم-خەشىكىنى تەييارلاپ بولۇپ 60دىن ئارتۇق چوشقىنىڭ ئۇمىچىنى قايناتىپ بولغاندىن كېيىن توخۇ فېرمىسىنىڭ تازىلىقىنى قىلىمەن. ئىككى چېلەك سۈتنى سېتىپ كېلىپ كەچتە مۇشۇ دېھقان-چارۋىچىلىق دۈيىمىزنىڭ گۈزىتىنى قىلىمەن. خۇداغا شۈكرى سوتكىسىغا 5.4 سائەت دەم ئېلىش ۋاقتى چىقىرالايمەن. مېنىڭ ئەڭ خوش بولىدىغىنىم تۈرمىدىكىدەك ئىككى ئەسكەر ئارقامدىن ھەيدەپ يۈرمىگەندىن كېيىن، ئۆزەمنى ناھايىتى ئازادە ھېس قىلىمەن. .مەندەك بىر ئەكسىلئىنقىلابچىغا ئىشىنىپ بىر قورا قويغا 30 دىن ئارتۇق كالىغا، 60 دىن ئارتۇق چوشقىغا يەم-خەشەك تەييارلىتىپ توخۇ فېرمىسى، ھاراق زاۋۇتى، دۇفۇ زاۋۇتى قاتارلىق شۇنچە كۆپ ئىقتىسادى ئورۇنلارنىڭ گۈزىتىگە قويغانلىقى ئەجەب كۈلكىلىك، بىر قېتىم باشقارمىمىزنىڭ بىر باشلىقىنىڭ ئۆيىنىڭ (شۇ يىللىرى كۆمۈر قالايتتى) تۈرخۈنىنى بىرسى كېسەك بىلەن باستۇرۇپ قويۇپتىكەن، ئۇ باشلىق تاڭ ئاتقىچە «سۈرلىنەي» دەپ قاپتىكەن، بۇ ئىشنى «ئەكسىلئىنقىلابچى» مەندىن گۇمانلىنىپ خېلى ئەدىپىمنى بەردى. نېفىتلىكىمىزنىڭ پېشقەدەم تۆھپىكارى ۋارىسجان تۇردىنى ناھەق ھالدا «4 كىشىلىك گورۇھ» نىڭ چوماقچىسى قىلىپ بىزنىڭ باشقارمىغا ئېلىپ چىقىپ تەنقىت قىلماقچى بولغاندا مېنى باشقارما قوغداش بۆلۈمى ئىسكەنجىگە ئېلىپ قويۇپ ئاندىن ئېلىپ چىقتى. ئۇكام مەن مۇشۇ 50 ياشتىن ئاشقىچە ئۆلۈپ قايتا تىرىلىپ كۆرمىدىم. پادىچى، مايلاقچى، بالا باققۇچى، دېھقان، باغۋەن، نېفىتچى، كادىر، «ئەكسىلئىنقىلابچى» ۋاي-ۋۇي ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان «ئىچىلار» بولدۇم.

## ئىزدىنىش

ئېرىسباي ئاكا 1932- يىلى ئىلى ۋادىسىنىڭ جىلىۋز ناھىيىسىدە بىر كەمبەغەل چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. تەلەيسىز تۇغۇلغان ئېرىسباي بىر ياشقا توشماي دادىسى مەتتالىپتىن

ئايرىلدى. تۇل قالغان قاتاي موماي تۆت بالىسى بىلەن بىر باينىڭ ئۆيىدە كىرقات يۇيۇپ، بالا بېقىپ تاماق ئېتىپ تاپقان ئازراق ئەمگەك ھەققى بىلەن بالىلىرىنى باقىدۇ. ياشقا چوڭ، سالامەتلىكى ناچار قاتاي موماي جاپالىق ئىشلەپ قاتتىق ھېرىپ - چارچىغانلىقىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئېرىسباي كۆزىگە ياش ئېلىپ:

- ئاپام كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا جەزدەم ئايتقۇجا بىزگە ناھايىتى غەمخورلۇق قىلدى «دادىنىڭ ياخشىسى جەزدەچىلىك» دېگەن تەمسىلنىڭ قىممىتىنى جەزدەم ئايتقۇجانىڭ بىزگە قىلغان ھېسداشلىقىدىن، باش پاناھ بولغانلىقىدىن چوڭقۇر چۈشەندىم، -دەپ ئېرىسباي ئاكا كۆزىدىكى ياشنى سۈرتتى.

1939- يىلىغا كەلگەندە قاتاي مومىنىڭ تەن-سالامەتلىكى بىر ئاز ياخشىلاندى. بالا چاقىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆيئوغلى ئايتقۇجاغا يۈكلەپ قويۇشنى ئارتۇقچە كۆردى بولغاي، بىر قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەردە ئىش كۆپ تېپىلىدۇ دېگەننى ئاڭلاپ غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ كەتتى. ئېرىسباي ئاكىسى بىلەن ئاۋۇلنىڭ كالا-تۇپاقلىرىنى يىغىپ پادا باقتى. 1940- يىلى ئېرىسباي ئاكىسى بىلەن ئاپىسى قاتاينىڭ قېشىغا غۇلجا شەھىرىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئاپىسى قاتاي موماي شاھمەدى دېگەن بىر تاتار ئىلغار زاتنىڭ ئۆيىدە كىر قاتلىرىنى يۇيۇپ، نانلىرىنى يېقىپ يۈرگەنىكەن. ئاچىسى بالا باققۇچى ئىكەن، ئۇنىڭ ئاكىسى كېلىپلا بىر بايغا يىللىقچى بولدى. ئېرىسباي يېشى كىچىك بولغاچقا ئۆيىدە ۋاقىتىنچە بىكار قالدى. ئۇ كۈندە كوچىغا چىقىپ بازار چۆگىلەيتتى. ئۇ قىردىن كەلگەچكە ئۇنىڭغا شەھەر تۇرمۇشى ناھايىتى قىزىقارلىق بىلىنەتتى. تۈرلۈك تاۋارلارنى ماختاپ بەس-بەس بىلەن سېتىۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا ناھايىتى غەيرى ئاڭلىناتتى. ئېرىسباي ئۇ ئاۋازنى ئۆزى پادا باقىدىغاندىكى قىرى تاغىل كالىنىڭ مۆرىشىگە ئوخشاتسا، بەزىلىرىنىڭ ئاۋازى قوزا باقىدىغاندىكى يېتىم قارا ئوغلاقنىڭ ئاچچىق مەرىشىگە ئوخشايتتى. دېمەك ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان ئاۋۇلنى سېغىناتتى. يۇ، ئۇنى مۇنۇ قاينام تاشقىنلىق يېڭى تۇرمۇش ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلالمايتتى.

بىر كۈنى ئېرىسباي كۈندىكى ئادىتى بويىچە كوچا ئارىلاپ ئويناپ بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىدە دەرۋازا ئىچىگە ھەۋەس بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى. چۈنكى ھويلىدا ئۆزىگە ئوخشاش بالىلار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئويناپ يۈرگەنىدى. بىر تۈركۈم بالىلار قول تۇتۇشۇپ چەمبەر ھاسىل قىلىپ بىر خىل ئويۇن ئويناۋاتىدۇ. يەنە بىر قانچە بالىلار قوللىرىغا كىتاب ئېلىپ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا كىتابتىن بېشىنى ئالماي ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ. قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەن بالىلار ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى تاشلاپ ئىشىك-ئىشىككە كىرىپ كەتتى. ئېرىسباي بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ بالىلار كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ دېرىزىسىگە كېلىپ ياماشتى. دوسكا ئالدىدا دەرس ئۆتۈۋاتقان گەۋدىلىك ئوقۇتقۇچىغا كۆزى چۈشتى-دە، كىشىلەردىن ئاڭلىغان مەكتەپ دېگەن مۇشۇ ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلدى. «مەنمۇ ئوقۇغان بولسام» دېگەن تۇيغۇ شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ سەبى كۆڭلىگە كىرىپ بىلىم ئېلىش غايىسى پەيدا بولدى. ئۇ بۇ ئارزۇسىنى ئاپىسى قاتاي مومايغا يەتكۈزدى. قاتاي موماي بالىسىنىڭ بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بىلىم ئېلىپ يارامىلىق ئادەم بولاي دەپسەن قوزام. خۇدايىم دىلىڭغا ئىلىم قوندۇراي دېگەن ئوخشايدۇ. ئارزۇيۇڭ بويىچە ئوقۇساڭ بولار ئىدى. بىراق مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن نۇرغۇن خىراجەت كېتىدۇ. دەپتەر، قېرىنداش كېتىدۇ. تۇرمۇش ئەھۋالىمىزنى ئۆزەڭ بىلىسەن» دەپ ئېرىسبايغا كېيىنچە تۇرمۇش ياخشىلانغاندا چوقۇم ئوقۇتىدىغانغا ۋەدە بەردى. ئېرىسباي شۇ كۈندىن باشلاپ كوچىدا بىكار لاغايلاپ ئويناشنى توختاتتى. مەكتەپكە بېرىپ مەكتەپ بالىلىرى بىلەن بىللە ئوينايدىغان بولدى. بالىلار سىنىپقا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئاستا بېرىپ سىنىپنىڭ دېرىزىسىگە يامىشىپ تۇرۇپ دەرس ئاڭلىدى. دەسلەپتە ئوقۇتقۇچى ئۇنى

دېرىزە ئالدىدىن قوغلىدى. قايتا-قايتا قوغلاپ كەتكۈزەلمىگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى زېرىكتى بولغاي كېيىنچە ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. بىر كۈنى قاتاي موماي ئۇنىڭغا:

– بالام، مۇنۇ ئۆتۈكنە بازارغا ئاپىرىپ مايلىتىپ كەلگىنە، ئەتە قىرغا چىقىپ كېلەيلى، – دېدى.

ئېرىسباي ئاپىسىنىڭ ئۆتۈكىنى بازارغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ دائىم بازار چۆگىلىگەندە، ئىرەن قىلمىدىمۇ ياكى سەپ-سالمىدىمۇ ئۆزى دىمەتلىك باللار بەس-بەستە چوقۇرۇشۇپ «ئۆتۈك مايلايمەن! ئۆتۈك» دەپ خېرىدار چاقىرىشىۋاتاتتى. ئۇ چەتتەرەك تۇرغان ئۆزى دېمەتلىك بىر بالىغا ئۆتۈكنى مايلىتىپ ئولتۇرۇپ «بەك سىرلىق ئىش ئەمەسكەنغۇ، مېنىڭمۇ قوربۇم يېتىدىغان ئىش ئىكەن. بۇلار قىلغان ئىشنى مەنمۇ قىلالايمەنغۇ، بىرەر يىل مايلاقچىلىق قىلىپ پۇل تېپىپ ئاندىن ئوقۇمامدىمەن» دەپ ئويلاپ ئۆيگە كېلىپ ئاپىسىغا:

– ئاپا، ماڭا ئۆتۈك مېيى ئىككى چوتكا ئېلىپ بەرگىن. مەن مايلاقچىلىق قىلىپ پۇل تېپىپ ئاندىن ئوقۇيمەن، – دەپ يالۋۇردى. قاتاي موماي بالىسى ئېرىسبايىنىڭ بىلىم ئېلىشقا چىن دىلىدىن ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چوتكا، ئۆتۈك مېيى ئېلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئېرىسبايىنىڭ مايلاقچىلىق تۇرمۇشى باشلاندى.

ئېرىسباي بىر يىل مايلاقچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلىنى يىغىپ ئائىلىسىگە ئېغىرلىق سالماي 1941- يىلى «غۇلجا شەھەرلىك ئۆزبەك مەكتەپ» كە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ مەكتەپتىن ئالدىراش يېنىپ كېلىپ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپلا ئۆتۈك مېيى سالغان كىچىك ساندۇقنى كۆتۈرۈپ بازاردا مايلاقچىلىق قىلدى. تاپقان پۇللىرىغا دەپتەر، قېرىنداش ئالغانىنىڭ سىرتىدا يەكشەنبە كۈنلىرى 6.5 سوم پۇل تېپىپ ئۆيگىمۇ ياردەم قىلىدىغان بولدى. ئېرىسباي مۇشۇنداق جاپالىق تۇرمۇشتا تۆت يىل ئوقۇدى. 1944- يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلىنىپ ئۇ ئوقۇغان مەكتەپ تاقىلىپ قالدى. 1944- يىلى كۈزدە ئېرىسبايىنىڭ ئاپىسى باشقا باللارنى ئېلىپ قىرغا كۆچۈپ كەتتى. ئېرىسباي يۇقىرىلاپ ئوقۇشنى قانچە ئارزۇ قىلغان بىلەن پۇرسەت بولمىغاندىن كېيىن شاھمەدى باينىڭ ئۆيىدە بالا باققۇچى بولۇپ قالدى. شاھمەدىنىڭ ئائىلىسى شۇ كەملەردە غۇلجا شەھىرىدىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەردىن بولۇپ چوڭ ئوغلى نايىل ئوقۇتقۇچى، قىزى ئامىنە دوختۇر، قالغان بالىلىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى. ئېرىسباي ئەتىگەندىن كەچكىچە باينىڭ قوراسىدا ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشلارنى تەل-تۆكۈس ئىشلەپ بولۇپ كەچتە باينىڭ بالىلىرىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇلاردىن دەرس ئۆگەندى. ئېرىسبايىنىڭ ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنى كۆرگەن باينىڭ بالىلىرى ئۇنىڭ مەيدىسىدىن قاقمىدى. ياردەم قولىنى سوزۇپ ھېسداشلىق قىلدى. (ئېرىسباي بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى بىر يىل ئوقۇپ مايتاقتا خىزمەتكە بۆلۈنۈپ كەلگەندىن كېيىن بىرىنچى قېتىم ئالغان ئىش ھەققىگە بىر كۆڭلەك ئېلىپ شاھمەدىنى، ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئىزدەپ دېرىكىنى تاپالمىدىم. تاپقان بولسام ئۇلارنىڭ شۇ كەمدىكى ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىغا، غەمخورلۇقىغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتقان بولاتتىم) دەپ سۆز قىستۇردى.

1947- يىلى شاھمەدىنىڭ چوڭ ئوغلى ئۈرۈمچىدىكى پىداگوگ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ غۇلجىدا ئېچىلغان «ئەخمەتجان قاسىمى» نامىدىكى بىلىم يۇرتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلدى. ئۇ ئېرىسبايىنىڭ ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنى، بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ «7- ئايدا ئېرىسبايغا مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ، سەن ئاپاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ماقۇل دېسە ئىمتىھانغا قاتناش» دەپ يول كۆرسەتتى. ئېرىسباي شۇ يەردىلا ئۆزىنىڭ بىلىم ئېلىشقا پۇرسەت كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئاپىسى قاتايغا دېمەيلا ئوقۇشقا تىزىملاتتى. بىراق شاھى «ئۆينىڭ ئىشىنى كېچىسى ئىشلەپ بولۇپ، كۈندۈزى ئوقۇشقا بارسا بولىدۇ. ئەگەر ئۆينىڭ ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا

ئوقۇشقا كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېدى.

ئېرىسباي شاھمەدىنىڭ شەرتىگە كۆنۈپ ئىمتىھانغا قاتنىشىدۇ. ئۇ تەلىيىگە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ 1948- يىلى كۈزدە «ئەخمەتجان قاسىمى» نامىلىق بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ كۈندۈزى دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ، كەچتە دەرستىن چۈشۈپلا باينىڭ ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرۈپ بىر كۈن ئوقۇشتىن قالماي قېتىرقىنىپ ئوقۇدى. يازلىق تەتىلدە ئۆيىگە قايتماي باينىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلدى. 1951- يىلى مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا، مەكتەپ تەشكىلى ئېرىسباينىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ياخشىلىقىغا، مەكتەپ ئىنتىزامىغا ئاكتىپ رىئايە قىلغانلىقىغا قاراپ 6- ئايدا ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى. شۇ يىلى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بويىچە، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە كادىر ئېھتىياجلىق بولغاچقا مەكتەپ پۈتتۈرمەيلا رەسمى خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. ئۇ 1951- يىلى 7- ئايدىن باشلاپ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئىسلاھات خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، كەنت باشلىقى، يېزىلىق ئەترەت باشلىقى، ئوتتا ئەترەت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. 1953- يىلى 2- ئايدا تەشكىل ئېرىسباينىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلدى. ئۇ 1954- يىلى 5- ئايدىن 9- ئايغىچە غۇلجا ناھىيىسىدە رايون باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقاندا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇپ، ئۇنى ئوبلاستلىق تەشۋىقات بۆسىغا يۆتكەپ ئەكەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئېرىسباي ئۆزىنىڭ يۈكىنىڭ زىممىسىدىكى ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىدى. 1954- يىلى 7- ئايدا ئۇ كاماندىروپكىغا چىقىپ 9- ئايدا قايتىپ كېلىشىگە تەشكىل ئۇنىڭغا «بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى»غا بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى ھەمدە تېز تەييارلىق قىلىپ ئەتە يولغا چىقىشنى تاپىلىدى.

ئېرىسباي بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي خۇشال بولدى. بىراق ئۇرۇق تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ كېلىشكە ۋاقىت يوق، چۈنكى ئەتە يولغا چىقماقچى. بىر بالىسى بىلەن ئايالىغىمۇ بېرىپ خوش دېيىشكە ۋاقىت ناھايىتى قىس. ئۇ كېچىسى ياتاقتا ئولتۇرۇپ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بىر پارچە خوشلىشىش خېتى يازدى. ئاندىن ئايالىغا: «سۆيۈملۈكۈم، مېنىڭ ساڭا بولغان پاك مۇھەببىتىم مەڭگۈ يالقۇنجاپ تۇرىدۇ. مەن سېنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن سېنى سېغىنىپ ساڭا ئىشىنىمەن، ئىككىمىزنىڭ پاك مۇھەببىتىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى پەرزەنتىمىزنى، ياشقا چوڭ ئانىمىزنى ساڭا تاپشۇردۇم. مېنىڭ ئوقۇشنى نەتىجىلىك پۈتتۈرۈپ كېلىشىم، كەلگۈسى ئىستىقبالىم سېنىڭ ياردىمىڭدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەتە يولغا چىقماقچى بولۇپ قالدىم، ۋاقىت بەك قىس. بولمىسا ئۆيگە بېرىپ سېنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ خوشلاشقان بولسام بولاتتى. ئۆيىمىزنىڭ ھەممە ئېغىرلىقى ساڭا يۈكلەندى. بەرداشلىق بېرىپ مېنى كۈت» دېگەن خەتنى يېزىپ پوچتىدىن سېلىۋەتتىدە، ئەتىگەندە يولغا چىقتى.

ئاپتوبۇس ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن كېلىۋاتىدۇ. بىراق ئېرىسبايغا خۇددى ئۆكۈز ھارۋىسىدا ماڭغاندەك سېزىلەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبى ئاللاقاچان پايتەختىمىز بېيجىڭنىڭ گۈل پۇركەنگەن كوچىلىرىدا سەيلى قىلاتتى. ئاپتوبۇس ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات بۆسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بېيجىڭگە بولغان سەپەر باشلاندى.

بېيجىڭ. شىنجاڭدىن كەلگەن ئون ئوقۇغۇچىنىڭ قاتارىدا ئېرىسباي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تىزىمغا ئالدۇردى. ئوقۇش خىراجىتى بىلەن مائاشىنى مىنىستىرلىك بېرىدىغان بولدى. ئۇلارنى ئالدى بىلەن «مىللەتلەر ئىنستىتۇتى»دا ئىككى يىل خەنزۇچە ئوقۇتۇپ ئاندىن تاشقى ئىشلارغا دائىر كەسىپنى ئوقىغاندىن كېيىن مىنىستىرلىك بىۋاستە خىزمەتكە تەقسىم قىلىدىغان

بولدى. ئوقۇش باشلاندى. ئېرسىباي مۇشۇنداق ئالىي ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن تەئەداشسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇ پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى چوڭ ئىشەنچە باغلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ پۈتۈن زېھنى قۇۋۋىتى بىلەن بېرىلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. بىراق بۇ ئوقۇش پۇرسىتى يەنە ئۈزۈلۈپ قالارمىدى. سىياسەتنىڭ قانداق يېرىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقى نامەلۇم. شىنجاڭدىن بارغان باللارنىڭ ئوقۇشىنى توختىتىپ شىنجاڭغا قايتۇرىدىغان بولدى. دەل شۇ مەزگىلدە مەركەز شىنجاڭ نېفىتلىكىنى كەڭ كۆلەملىك ئېچىشنى قارار قىلىپ بېكىتكەن ئىكەن. شىنجاڭدىن بارغان ئوقۇغۇچىلارنى بېيجىڭدىن قايتۇرماي تۇرۇپ نېفىت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزۈۋېلىپ شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ كادىر ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ئورنى مايتاغ نېفىتلىكىگە بىۋاسىتە تەقسىم قىلدى. ئېرسىباي تەخسىمانتقا بويسۇنۇپ مايتاغقا كېلىپ ئەمگەك ئىش ھەققى بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى.

ئېرسىباي ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ:

– مەن مۇشۇ تەرجىمالىمنى ئۈچ ئوغۇل، بىر قىزىمغا تەربىيە مەزمۇنىدا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى مۇشۇنداق باياشات تۇرمۇشتا، قولايلىق ئوقۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماي قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، جەمئىيەتكە، خەلققە ياراملىق، ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇپ پارتىيىنىڭ، مىللەتنىڭ سىلەردىن كۈتۈۋاتقان ئۈمىدىنى يەردە قويماڭلار دەپ ئىلھاملاندۇرۇپ تۇردۇم. شۇڭا چوڭ ئوغلۇم ياخشى نەتىجە بىلەن ئوقۇپ ئالىي تېخنىكۇمنى پۈتتۈرۈپ مېخانىزم زاۋۇتىدا مۇھىم ئورۇندا ئىشلەۋاتىدۇ. بىر قىزىم تېخنىكۇمنى پۈتتۈرۈپ، كەسپىي ئادەم بولۇپ چىقتى. قالغان باللىرىممۇ ئارزۇيۇمنى يەردە قويمىدى. بىراق مەن ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بەزەن ياشلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىپ، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىغا ناھايىتى چوڭ زىيانلارنى سېلىپ، باياشات تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يەتمەي، بىلىم ئېلىش، ئۆگىنىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ، ئۆزلىرىنى جەمئىيەتنىڭ سۈپۈرەندىسىگە ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە ئىچ-ئىچىمدىن ئېچىنىمەن، -دېدى.

## بوران چاپقۇنلۇق يىللار

1958- يىلى. ئېرسىباي مايتاغ نېفىتلىكىگە كېلىپ ئەمگەك ئىش ھەققى بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. ئۇ خىزمەتكە چۈشۈپ يېرىم يىل بولماي ئىستىل تۈزۈتۈش ھەرىكىتى باشلاندى. ئۇ دەسلەپدە پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە باشلانغان ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ باشلامچىلىق رول ئوينىغان بولسىمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاكتىپلىقى سۇغا چىلاشتى.

«پارتىيىمىزنىڭ ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي مەخسىتى: ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئاز سانلىق مەسىلىسى بارلارغا قاخشاتقۇچ زەربە بېرىش، كۆپ سانلىقلارنى تەربىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋېلىش، چىنلىقنى، بارىنى سۆزلەش، سۆز بىلەن قايىل قىلدۇرۇش، بېسىم ئىشلەتمەسلىكتەك كونكرېتنى سىياسىي تەدبىرلەر كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ بىزنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىمىزنىڭ ئۇسۇلى، خاراكتېرى ئۆزگىرىپ دائىرىسى بەك كەڭ بوپ كەتتى» دەپ ئويلىغان ئېرسىباي بىر قېتىملىق زەربدارلار يىغىنىدا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

– بىرىنچى ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىمىزنىڭ «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ئۇسۇلى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپىيىپ، دائىرىسى ناھايىتى كېڭىيىپ كەتتى. پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىدە: «نەق پارتىيىگە قارشى، پارتىيە پرىنسىپىغا قارشى، سوتسىيالىزمغا قارشى ئوڭچىلار»غا زەربە بېرىش تۇرسا، بىز ھازىر بەزى كىشىلەرگە ئۆزۋال قىلىپ، ئادەتتىكى زىددىيەتنى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ،

پرىنسىپاللىق مەسىلىلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىۋاتىمىز. بىز مۇشۇنداق ئاق-قارىنى ئاجراتماي قالايمىقان يەكۈن چىقارساق پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىگە، ئىستىلىغا داغ كەلتۈرۈپ قويىمىز، ئىككىنچى بىزنىڭ ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىمىزدە مەسىلىسى بار دەپ قارالغان بىر نەچچە كادىرىمىزنىڭ مەسىلىسى تەل-تۆكۈس تەكشۈرۈپ ئېنىقلانماي ئۇلارغا ئۇۋال قىلدۇق. ئۇ كادىرلىرىمىز ئازادلىق جەريانىدا نۇرغۇن قان-تەر تۆككەن، بەدەل تۆلىگەن. پارتىيە، خەلق ئۈچۈن ئاز بولمىغان تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۇلار پارتىيىمىزگە ئەگىشىپ ئىنقىلابقا قاتناشقان. بىز ئۇلارنىڭ ئازراق سەۋەنلىكىنى كۆرۈپلا ئۇچىگلار قاتارىغا قوشۇۋەتسەك بولامدۇ. ئۇلاردا پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى چىققۇدەك قىلمىشنىڭ ئاساسىي يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزىنى پارتىيە ئاچقان. ئۇلارنى پارتىيە ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزغان. مەسىلەن: بايقازىنى مىسالغا ئالساق بايقازى مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ ساقچى باشلىقى. ما××دېگەن تۈگگان نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ساقچى باشلىقى. ئىشنى ساقچى باشلىقى ما××ئورۇنلاشتۇردى (شۇ ۋاقىتتا مەسىلە دەپ قارالغان مەسىلە) بايقازى ئىجرا قىلغۇچى بولۇپ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بايقازىغا يۈكلىنىپ ئۇ «ئۇچىگچى» بولدى. ما××نىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنمىدى. ما××بايقازىنى مەندىن بىر كۈنى مۇشۇ ھوقۇقنى تارتىۋالمىسۇن دەپ قورقۇپ ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ بايقازىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى، مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى تۈزۈتىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىنى ئوڭۇشلۇق، غەلىبىلىك ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ (ما××كېيىن چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. بايقازىغا ئۇچىگچى قالپىقى كىيگۈزۈپ خىزمىتىنى ئېلىپ تاشلاپ مەمەت ئابلا بايقازىنىڭ ئورنىغا رايونلۇق ساقچى باشلىقى بولغان ئىدى. مەرتىۋىسى ئۆسكەندىن كېيىن ئايالىنى ياراتماي ئۆلتۈرىۋېتىپ قولغا ئېلىندى) ئۈچۈنچى: بىزنىڭ ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىمىزنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ، بەزىلەرنىڭ شەخسىي ئاداۋەت ئېلىشىنىڭ، ئۆچ ئېلىشىنىڭ قورالى بولۇپ قالدى. بەزىلەر ئارىدىكى ئازراق زىددىيەتنى پرىنسىپاللىق مەسىلىگە كۆتۈرۈپ مەلۇم قىلىپ، ئۆز ئارا ئۆچ ئېلىشىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر كىمدە ھوقۇق بولسا شۇنىڭغا تەخسىكەشلىك قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىپ ھوقۇق ئىگەللەشكە ئورۇنىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئالدىنى ئالمىساق پارتىيىمىزنىڭ ئاتاق-ئابرويىغا تەسىر يېتىدۇ.

ئېرىسباي ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپلا ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا قاراپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى-كەينى «ئۇچىگلارنى قانات ئاستىغا ئالغۇچى»، «ئەنزە ئاغدۇرغۇچى» دېگەنگە ئوخشاش چوڭ خەتلىك گېزىتلەر، ھەر تۈرلۈك ھەجۋى رەسىملەر بىلەن توشقانىدى. ئۇنى كۆرگەن ئېرىسباي قىلچە تەمتىرىمەي ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ خوتۇن-بالىلىرىغا:

- پارتىيە، خەلق ھامان ھەق-ناھەقنى توغرا ئايرىيدۇ، مەندە ھېچقانداق گۇناھ يوق، ھەقىقەت چوقۇم بىر كۈنى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ، سىلەر قورقۇپ كەتمەڭلار، مەندىن ئەنسىرىمەڭلار، -دەپ تەسەللى بېرىپ قويۇپ ئىشخانىسىغا كېلىدۇ. ئىشخانىسىمۇ ئوخشاشلا يوقىرقى مەزمۇندىكى تەشۋىق ۋەرەقلىرىگە يۆگىلىپ كەتكەنىكەن. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن جىددىي يىغىن چاقىرىلىپ ئېرىسباي ئۇچىگلار قاتارىغا تۇرغۇزۇلۇپ كۆرەشكە تارتىلىپ، بىر-بىرلەپ ھېساب ئېلىندى. «سەن ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىمىزگە قارشى چىقتىڭ، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىگە تۈزۈتۈش كىرگۈزدىڭ، ئۇچىگلارنى قانات ئاستىڭغا ئالدىڭ» دېگەندەك سوراقلاردىن ئۇ قورقۇپ كەتمىدى. مەغرۇر ھالدا مەيدىسىنى كېرىپ تۇرۇپ:

- مەن بىر يېتىمەك ئىدىم، مېنىڭ كۆزۈمنى پارتىيە ئاچتى. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىمنى پارتىيىگە، خەلققە ئاتىغان. مەن پارتىيىگە، خەلققە مەڭگۈ قەرزدار، پارتىيە ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن جان دىلىم بىلەن ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. مەن باشقىلارغا ئوخشاش ھوقۇقۇمدىن

پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىمگە چوغ تارتمايمەن. ماڭا ئىنسانى غورۇر كېرەك. كومپارتىيە ئەزالىقىغا خاس ئەخلاق-پەزىلەت كېرەك. مەن گۇناھسىز،-دەپ توۋلىدى. تۆۋەندە بىرسى بوغۇق ئاۋازدا:

- ئېرسىباي ئۆزىنىڭ ئايالىنى رەسمى ئىشچى شتاتىغا ئۆتكۈزۈۋاپتۇ. بۇ ھوقۇقىدىن پايدىلانغانلىق بولماي نېمە؟ تىز جاۋاب بەرسۇن،- دەپ دۇدۇقلىدى.

- يولداشلار! بەزەنلەر ماڭا يوقىلاڭ بوھتانلارنى چاپلاۋاتىدۇ. ئۇ كىشىنى مەن ئۆتكەندە خىزمەت تەخسىماتىغا بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىقراق سىلكىپ قويغان ئىدىم . شۇڭا ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماڭا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ئايالىمنى تەشكىل ئېھتىياج يۈزىسىدىن رەسمى شتاتلىق ئىشچى قىلىپ قوبۇل قىلىشنى ئېيتقاندا مەن رەت قىلدىم. باشقىلارنى توغرا ئىشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ھازىر بىرىپ ئىنقىلاپ باقسا بولىدۇ. ئايالىم جاشۇ بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ،- ئېرسىباي كۆرەش مەيدانىدا تىغمۇ-تىغ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئېرسىباينىڭ ھاياتىدىكى بوران-چاپقۇنلۇق يىللار باشلاندى.

ئېرسىباي شۇ يىللىرى ئۆزىگە چاپلانغان ناھەقچىلىقلاردىن غەزىپى ئۆرلەپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەرىز بەرمەكچى بولدىيۇ «سۆنىڭ باشتىن لاي» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ توختاپ قالدى. ئېرسىباينىڭ تۇتامغا تۇرغىدەك مەسىلىسى بولمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مايتاغ كان رايونلۇق ئەمگەك ئىش ھەققى بۆلۈمىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىپ 1959- يىلى يىل بېشىدا چىگو بۇرغىلاش داۋىينىڭ ماشاۋىن داۋىجاڭلىقىغا ئەۋەتىلدى. 1961- يىلغا كەلگەندە مايتاغ بۇرغىلاش باشقارمىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ كەلدى. شۇ مەزگىللەردە ئېرسىباينى نەدە جاپالىق ئورۇن بولسا، نەدە يېڭى ئېچىلغان نېفىتلىك بولسا شۇ يەرگە ئەۋەتىپ تۇردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئېرسىباي قاتتىق سىناق ئۈستىدە ئىدى. ھەر قانداق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلسا «ئوغچىلارنى قانات ئاستىغا ئالغان» دېگەن تاۋاق ئۇنىڭ ئالدىغا ھامان تاشلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسى بوشاشمىدى. تۇرمۇش نامىلىق كۈرەش ئۇنى چىڭداپ چېنىقتۇرۇپ تۇردى. 1962- يىلى يىل بېشىدا ئېرسىباي قىزىل تاغ بۇرغىلاش باشقارمىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ئەۋەتىلدى. بۇ شارائىتى ناچار رايونغا ئەمدىلا كۆنۈپ تۇرغاندا 1962- يىلى يىلىنىڭ ئاخىرىسىدا جەرەنبۇلاق بۇرغىلاش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ مۇئاۋىن رەئىسلىككە يۆتكىلىپ باردى. 1962- يىلدىن 1964- يىلغىچە جەرەنبۇلاق بۇرغىلاش باشقارمىسىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئىشلەپ، كېيىن خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنۇپ نېفىت سىناش داۋىينىڭ ماشاۋىن داۋىجاڭلىقىغا ئالمىشىپ ئىشلىدى. 1966- يىلى يىل بېشىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قوزغىلىپ ئېرسىباينىڭ 1958- يىلى ئىستىل تۈزىتىش جەريانىدىكى مەسىلىلىرى قايتىدىن تەكشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاقىستاندا تۇغقىنى بارلىقى سېزىلىپ «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر»، «ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىگە قارشى چىققان»، «ئوغچىلارنى قانات ئاستىغا ئالغان»، «سېسىق زىيالى» دېگەنگە ئوخشاش قالپاقلار كىيگۈزۈلۈپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بىرىنچى قېتىم شىلتىگەن نەيزى ئۇچىغا ئىلىنىپ «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»لار تىزىملىكىنىڭ ئەڭ بېشىغا تىزىملىنىپ، «بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەن خەت يېزىلغان تۆت بۇرجەكلىك ئاق لاتىنى دۈمبىسىگە چاپلاپ «مەن بىر جىن - شەيتان» دېگەن شوئارنى توۋلاپ، نەدە تەرەتخانا بولسا شۇ يەرنى تازىلاپ، كورپۇس ئارىلىقىنى، يوللارنى سۈپۈرۈپ كۈندە 16 سائەت ئىشلەپ، كەچتە يېرىم كېچىگىچە تىك تۇرۇپ مەسىلە تاپشۇرۇپ كۆرەشكە تارتىلدى. ئۇنىڭ تاپشۇرىدىغان مەسىلىسى شۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆزدىن ئىبارەت بولدى:

- مەن پارتىيىگە، خەلققە ئىشىنىمەن. مەندە پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى غەيرى ئىدىيە

يوق. پارتىيە، خەلق، سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە تۆھپە قوشۇپ، كوممۇنىستىك ئەخلاق -پەزىلەتكە لايىق غورۇرۇمنى نامايەن قىلسام دېگەن ئىرادە بار. - دەپ مەيلى يازما مەسىلە تاپشۇرسۇن، ئوتتۇرىغا تۇرغۇزۇپ كۈرەش قىلىنسۇن يوقىرقى گەپتىن يانمىدى. شۇ مەزگىلدىكى «ئاكتىپلار» ئېرىسبايدىن تۆتامغا چىققىدەك مەسىلە تاپالمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كادىرلىقىنى ئېلىۋېتىپ ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ھەمدە ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچىنى ئۇنىڭ سىرتىدىن كۆزىتىپ، ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشقا تاپشۇرۇلدى. «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»، «سېسىق زىيالى»، «چەتكە باغلانغان»، «ئوغچىلارنى قانات ئاستىغا ئالغان» دېگەنگە ئوخشاش قالپاقلارنى بوينىغا ئېسىپ قويدى.

1973- يىلى ئەتىياز بولسا كېرەك، ئېرىسباي جەرەنبۇلاقتا بىرسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغاندا ئۆزىنى خېلى بىلىملىك سانايدىغان قۇرۇق ئابروي پەرەسلەر ھەدەپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توغرىسىدا، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى توغرىسىدا، ماۋزېدۇڭ توغرىسىدا گەپ ساتقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى ھەر تەرەپدىن سۆزلەپ كېلىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەل ۋاقتىدا، ناھايىتى توغرا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق كاپشىغىلى تۇرغاندا ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئېرىسبايىنىڭ ئىنسانى غورۇرى يول قويمىدى-دە:

-ھەي بۇرادەرلەر! سىلەردە ئازراق تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى بارمۇ؟ مەسىلىنى ئانالىز قىلىش دېگەننى بىلەمسىلەر؟ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ خاراكتېرىنى بىلەمسىلەر؟ مېنىڭ شەخسەن كۆز قارىشىم تا مەركەزدىن تارتىپ مۇشۇ باشقارمىمىزغىچە پارتىيە ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغانلار پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىنى بۇرمىلاپ، ئاق-قارىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، جەمئىيىتىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم قۇرۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ توغرا سىياسىتىغا، ئاتاق-ئابرويىغا شەك كەلتۈرۈۋاتىدۇ. پارتىيىمىز ھامان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئۆز سەۋەنلىكلىرىنى تۈزىتىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئالدىدا ھۆرمەتكە سازاۋار بولىدۇ. مەن شۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتىمەنكى جاڭچىڭ ماۋزېدۇڭنىڭ نامىنى سۇيى ئىستىمال قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىنى بۇرمىلاپ ماۋزېدۇڭ يادرولىقىدىكى پارتىيىمىزنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇنداق خام خىيالى ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ. - ئېرىسباي ئازراق ئىچكەن ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن كۆڭلىدىكى دەردىنى بىراقلا تۆكۈۋالدى.

شۇ كۈنى كەچتە پۈتۈن باشقارمىدىكى ئاكتىپلارنىڭ قۇلۇقىغا: «پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىگە ئوچۇقتىن ئوچۇق قارشى چىقتى»، «پارتىيىمىزدە سەۋەنلىك بار» دېدى. «ماۋجۇشىغا، ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك، پاك ھەمراھى جياڭچىڭغا ئاشكارا تىل تەككۈزدى» دېگەن مەزمۇندا بىرگە ئىككى قېتىلىپ، چالا قالغان يەرلىرى يامىلىپ-چاپلىنىپ خەۋەر قىلىنىپ ئەتىگەندىلا ئېرىسبايىنى قورالىق رىجىمگە ئالدى. ئۇنىڭسىزمۇ 1958-يىلدىن بۇيان ئۇنىڭدىن تۆتامغا چىققۇدەك بىرنېمە تاپالماي تۇرغانلارنىڭ گۈل - قەقەلىرى ئېچىلىپ ئۇنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ شىددەتلىك توپ ئوقى بىلەن ئېتىپ، يامغۇردەك پاكىتلار ئاستىدا كۈرەشكە تارتىپ، ئۇنىڭ ئىت بېشىنى يانچىيدىغان بولۇپ مەسىلە تاپشۇرۇشقا قىستىدى. ئېرىسباي ھەرقانداق شىددەتلىك دىكتاتۇرىغا بەرداشلىق بېرىپ ئۆزى دېگەن گېپىدىن يانمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېرىسبايغا «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاقتىن يەنە بىرسى كىيگۈزۈلۈپ 1973-يىلى 4-ئايلاردا تۈرمىگە سولاندى. ئۇ تۈرمىدە دىكتاتۇرنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىنى كۆرۈپ، بىر يىل يېتىپ 1974-يىلى 4-ئايدا «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېيىلىپ پارتىيىدىن قوغلاندى قىلىنىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن قوغلاندى قىلىنىپ، نېفىت سىناش

دادۈيىنىڭ چارۋىچىلىق دۈيىگە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىلدى.

## ھەقىقەت يۇلتۇزى قايتا چاقنىدى

1974-يىلى 7-ئاينىڭ 17-كۈنى ماۋزېدۇڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنىدا جياڭ چىڭنى: «پولات-تۆمۈر زاۋۇتى، قالپاق زاۋۇتى دەيدىغان ئىككى زاۋۇت قۇرماسلىق كېرەك، ھە دېسىلا باشقىلارغا چوڭ قالپاق كىيدۈرمەسلىك كېرەك» دېدى. ماۋزېدۇڭ يەنە كۆپچىلىك ئالدىدا: «ئۇ (جياڭ چىڭنى دېمەكچى) ماڭا ۋەكىللىك قىلمايدۇ، ئۇ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ» دېدى. ماۋزېدۇڭ يەنە جياڭ چۇنچاۋ قاتارلىقلارنىڭ گۇرۇھۋازلىق ھەرىكىتى قىلىۋاتقانلىقىنى تەنقىد قىلدى.

1977-يىلى 10-ئاينىڭ 14-كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ تارمار قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلان قىلدى. «جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ»نىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئۇلار تارمار قىلىنىپ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. پارتىيە، خەلق ئون يىل ئازاب-ئوقۇبەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى تارمار قىلىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت بۇ بالايى ئاپەتكە خاتىمە بەردى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت تەرتىپى ئەسلىگە كېلىپ نورمال ھالەتكە چۈشتى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمىتى يېڭىباشتىن ساغلام تەرەققىي قىلىش يولىغا قاراپ ماڭدى، پارتىيىنىڭ تارىخى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ھەقىقەت يۇلتۇزى قايتا چاقنىدى، پارتىيىمىز ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئالدىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار مۇساپە باشلاندى، مەملىكىتىمىزنىڭ بوران چاپقۇنلۇق يىللىرىغا خاتىمە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېرسىباينىڭمۇ 1958-يىلدىن بۇيانقى بوران-چاپقۇنلۇق تەرجىمھالىغا يەكۈن چىقىرىلىپ، شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قوچىقىغا قايتىپ كەلدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا قۇچىقىنى كەڭ يايدى. خىزمىتى، ئاتاق - ئابرويى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، نېفىت سىناش باشقارمىسىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشما رەئىسلىكىنى زىممىسىگە ئالدى.

ئېرسىباي بوران چاپقۇنلۇق يىللارنىڭ جاپا مۇشەققىتىگە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن چىداپ، پارتىيىگە، خەلققە تولۇق ئىشەنچە باغلاپ ئاخىرى ناھەقچىلىكتىن قۇتۇلدى. ئۇ پارتىيىگە، خەلققە چىن دىلىدىن ئاپىرىن ئوقىدى. ئۇ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن جان دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش روھىنى تىكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىغا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا جەڭگىۋارلىق بىلەن ئات سالدى. ئۇ 1982-يىلدىن 1992-يىلغىچە «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى كۆرسەتتى. ئۇ نېفىت سىناش باشقارمىسىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشما رەئىسى بولغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئالدىنقى سەپتە جاپالىق جەڭ قىلىۋاتقان ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن 300 قېتىمدىن ئارتۇق تەشكىل نامىدا ھەم ئۆز نامىدا ھال سورىدى. كېسەل-مېيىپ، قىيىنچىلىقى بارلاردىن تەشكىل نامىدا ھەم ئۆز نامىدا 200 قېتىمدىن ئارتۇق ھال سورىدى. 80-يىلدىن 92-يىلغىچە ھەر ھەپتىدە بىر كۈن ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈپ جاپالىق مەينەت ئورۇنلاردا ئىشلىدى. تۆلۈبەك، ئامانتاي قاتارلىق ياشلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ ئۇلارنى ئۆيلەپ قويدى. ئوندىن ئارتۇق بوزۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئائىلىلەرگە خالىسانە مۇرەسسەچىلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىنىڭ

ئالدىنى ئالدى. بۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەربىيىۋى تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولدى.

ئېرىسباي خىزمەتكە چىققان قىرىق يىللىق تارىخنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ: «20 يىللىق ھاياتىم بوران چاپقۇنلۇق يىللاردا ئۆتتى. ياش، قاۋۇل ۋاقتىم بىكار كەتتى. پارتىيىگە، خەلققە كۆڭۈلدىكىدەك تۆھپە قوشالمىدىم، ھازىر دەم ئېلىشقا چىقتىم. مەن دەم ئېلىشقا چىقتىم دەپ قاراپ ئولتۇرمايمەن. ھەمدە قالغان ھاياتىمدا بالىلىرىمغا، ياشلارغا تەربىيە بېرىپ ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەپ ئۆزەم قىلالمىغان نى-نى ئىشلارنى شۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ، ياشلارنى توغرا يولغا يېتەكلىيەلىسەم، ماركسنىڭ قېشىغا بارغاندا ئۇنىڭغا ئەمتىرىمەي جاۋاب بېرەلەيمەن.» -دېدى.

ئېرىسباي مەتتالىپنىڭ قىران ۋاقىتلىرى جەمئىيەتنىڭ ئالا قويۇن، بوران-چاپقۇنلىرى ئىچىدە، تۇرمۇشنىڭ ئەگرى-توقاي سوقماقلىرىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ ئۇ، پارتىيە، خەلققە، تولۇق ئىشەنچە باغلاپ، پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئېغىر سىناقلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاتاق-نامى، خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس ئېسىل ئەخلاق-پەزىلىتى بىلەن، تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش مۇساپىسىدە مەرتلەرچە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ زور تۆھپىلەرنى قوشتى. پارتىيە خەلق ئېرىسباينىڭ جاپاغا چىداپ خەلق ئۈچۈن ئىشلەشتەك ئالىي-جاناب خىسلىتىگە ئالاھىدە باھا بەردى.

1984- يىلى نېفىت باشقۇرۇش ئىدارە كومىتېتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش پائالىيىتىدە «نەمۇنىچى» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى.

1985- يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئېرىسبايغا «ئىشچىلار ئۇيۇشما خىزمىتىنى 20 يىل ئىشلىگەن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.


1988- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تەرىپىدىن ئېرىسبايغا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا 30 يىل خىزمەت ئىشلىگەن» دېگەن ئاتاق بېرىلدى.

1989-، 1990- يىلى نېفىت باشقۇرۇش ئىدارە كومىتېتى تەرىپىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالدى.

1991- يىلى 10- ئايدا نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بويىچە 10 يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش ئېيى پائالىيىتىنى خۇلاسىلاشتا ئىدارە بويىچە ئىلغار شەخسىي بولۇپ باھالاندى.

1991- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشچىلار ئۇيۇشما خىزمىتىنى 30 يىل ئىشلىگەن» دېگەن ئاتاق بېرىلىپ شۇ يىلى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 9- ئاينىڭ 28- كۈندىكى سانىدا ئىدارىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋەكىل قىلغان ھالدا ئېرىسباينى ئاتايىتەن تونۇشتۇردى.

(ئاپتور: نېفىت سىناش باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ)



سىراجىدىن سېيىتنىياز

# قەلبىمدىكى ئابىدە

(ئەسلىمە)

جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدە قەد كۆتۈرۈپ چولپاندەك پارلاپ تۇرغان زامانىۋى شەھەر قاراماينىڭ ھازىرقى گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگىنىمدە قاراماي نېفىتلىكى ئېچىلغان دەسلەپكى جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش يىللىرىدا ئۆزۈم شاھىت بولغان، بىۋاسىتە قاتنىشىپ تەر تۆككەن ئۇنتۇلماس كۆرۈنۈشلەر خىيال ئېكرانىمدىن ئۆزلۈكسىز ئۆتۈشكە باشلايدۇ.

1956- يىلى 8- ئاينىڭ 31- كۈنى مايتاغ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەلگەن ۋاقتىمىزدا مايتاغدىكى نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى قاراماي نېفىتلىكىنى ئېچىش ئۈچۈن قارامايغا يۆتكىلىۋاتقان مەزگىل ئىكەن. بىزمۇ مەكتەپتە ئىككى يىلغا يېقىن ئوقۇغاندىن كېيىن، 1958- يىلى مەكتەپتىكى بۇرغىلاش كەسپىدە ئوقۇۋاتقان تۆت سىنىپ ئوقۇغۇچىنى قاراماي نېفىتلىكىنىڭ چەتتىكى بىر چارلاش قۇدۇقىنىڭ يولىنى ياساشقا ئاپىرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەتە يولغا چىقىمىز دېگەن كۈنى تويۇقسىزدىن يىغىن ئېچىپ، قاراماي ئەمگەك كۈچىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن، بىزنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، قارامايغا تەقسىملەش توغرۇلۇق نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكىدىن تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇختۇرۇش كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

1958- يىلى 4- ئاينىڭ 9- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن خەلق ۋەكىللىرىنى سايلاش سايلىمىغا قاتنىشىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە يۈك ئاپتوموبىللىرىغا يۈك تاقىمىزنى بېسىپ، ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قارامايغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

مايتاغدىن قارامايغا بارىدىغان تاشيول ئالدىنقى يىلى پۈتكەن ئىكەن. ئۇندىن بۇرۇن ماشىنا يولى يوق بولۇپ، ماشىنىلار ئات-ئىشەكلەر ماڭىدىغان كارۋان يولىنى بويلاپ-شىخۇ، كونا شىخۇ، تۇتەي، چېپەيزىلەر ئارقىلىق، ياكى كۈيتۇن، بەش خورجا، چېپەيزىلەر ئارقىلىق ئايلىنىپ باراتتىكەن. بۇ يېڭى يول شېغىل يېيىتىپ ياسالغان ئاددىي يول بولسىمۇ، شۇ دەۋرلەردە ياخشى يول ھېسابلىناتتى. بىز بۇرۇن بۇ يولدا مېڭىپ كۆرمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن يول بويى ئۇچرىغان ھەر خىل مەنزىرىلەر بىزنى قىزىقتۇراتتى. ئۇلار توغرۇلۇق ھەر خىل پاراڭ، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن كېتىپ بارغىنىمىزدا توپا-چاڭ تۇزۇتۇپ بوران چىقىپ كەتتى. بولۇپمۇ، قىزىلتاقىقا كەلگەن چېغىمىزدا بوران كۈچىيىپ، چاپانلىرىمىز بىلەن باش كۆزىمىزنى چۈمكىۋالدۇق. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، كىمدۇر بىرى «قاراماينىڭ چىراغلىرى كۆرۈندى» دەپ ۋاقىرىغاندا چاپاندىن بېشىمنى چىقارسام بوراننىڭ كۈچىمۇ ئاجىزلاپ قاپتۇ، شىمالدىكى تاغ تەرەپتىمۇ، جاڭگالنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىمۇ چىراغلار پارقىراپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار يەرگە كۆچۈپ چۈشۈۋالغاندەك بىر خىل گۈزەل مەنزىرە شەكىللەنگەن ئىدى. يەنە يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن قارامايغا يېتىپ كېلىپ، ئىككى يۈز نەپەرگە يېقىن ئادەمنى بىراقلا قوبۇل قىلالىغىدەك مېھمانخانا بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىزنى بىر قانچە ئورۇنغا بۆلۈپ چۈشۈردى. بىزنىڭ سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرقى نېفىت مەھەللىسى 1- بىنانىڭ ئورنىدا بىر قەۋەتلىك ئۆي بارىكەن، شۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇق. چۈشتە يېگەن تاماق بىلەن قورساقلار ئېچىپ كەتكەن ئىدى. ھېسابلاپ باقسام تاماق يېمىگىلى 9 سائەت بولۇپتۇ،

مايتاغدىن-قارامايغا 7 سائەتتە يېتىپ كەپتۇق. (بۇ بىزنىڭ تېز كەلگىنىمىز ئىكەن، يول پۈتمەستە ئارىدا بىر قونۇپ كېلەتتىكەن)

كان رايونىنىڭ بىر خادىمىنىڭ يول باشلىشى بىلەن تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا باردۇق. ئۇ ئاشخانا ھازىرقى توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ ئىشخانا بىناسىنىڭ ئورنىدا ئىدى.

خىزمەتكە تەقسىملەپ بولغىچە قارامايدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدۇق. بۇ مەزگىلدە بىر مەيدان كىنو قويۇپ بەردى. كان رايونىنىڭ بىر كادىرى قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

ئۇ چاغدا دوستلۇق ساراي تېخى پۈتمىگەن بولۇپ، قارامايدا پەقەتلا بىر «خەلق كىنوخانىسى» بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئورۇندۇقلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. بۇنىڭ ئورنى ھازىرقى شەھەرلىك كۆتۈپخانىنىڭ ئورنىدا ئىدى، كېيىنكى «ئىشچىلار كۇلۇبى» سېلىنغان ئورۇندا بىر يازلىق كىنوخانا بارىكەن.

4- ئاينىڭ 13- كۈنى يازلىق كىنوخانىنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ قايسى ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىمىزنى ئېلان قىلدى. سىنىپىمىزدىكى 32 ساۋاقداش جەرەنبۇلاق بۇرغىلاش دادۈيىگە تەقسىم قىلىنىپتۇق. ئەتىسى جەرەنبۇلاقتىن يۈك ماشىنىلىرى كېلىپ بىزنى ۋە باشقا خەنزۇ ساۋاقداشلارنى ئېلىپ جەرەنبۇلاققا يۈرۈپ كەتتى. ئەتىياز مەزگىلى بولغاچقا قارامايدا بوران تولا چىقىپ تۇرىدىكەن. جەرەنبۇلاققا ماڭغان كۈنىمۇ 7-6 بال ئەتراپىدا بوران چىقىپ تۇراتتى. جەرەنبۇلاققا ماڭغان يول بويلىرىدا جەرەنلەر ماشىنىغا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇشاتتى، توپ-توپ يۈرگەن جەرەنلەرنىڭ كۆپلىكى بىزنى ھەيران قالدۇراتتى. بىر سائەتتەك يول ماڭغاندىن كېيىن جەرەنبۇلاققا يېتىپ كەلدۇق. بىزنى تەقسىم قىلغاندا جەرەنبۇلاققا بۆلۈندۇڭلار دېگەننى ئاڭلاپ، بۇلاق سۈلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان، دەل-دەرەخلىك، مەنزىرىسى گۈزەل بىر جاي ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئوبدان يەرگە بۆلۈنۈپتۇق دەپ كۆڭلىمىزدە خوش بولۇشقان ئىدۇق. كۆز ئالدىمىزدىكى جەرەنبۇلاقنى كۆرۈپ، تاۋۇزىمىز قولتۇقتىن چۈشۈپ كەتتى. ئاھ جەرەنبۇلاق! ئەسلىدە سەن چىدىر-گەمىلەرنىڭ يىغىندىسىكەنسەنغۇ؟!

دادۈينىڭ ئىشخانىلىرى، ئىشچىلارنىڭ ياتاقلىرى، ماگىزىن، بانكا، پوچتىخانا، ئاشلىق پونكىتى، شىنخۇا كىتابخانىسى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گەمە ئۆيلەردە ئىكەن. بىردىن بىر يەر ئۈستىگە سېلىنغان ئۆي ترانسپورت ئەترىتىنىڭ ماشىنا رېمونت ئۆيى ئىكەن.

بىزنى بىرگەمىگە چاقىرىپ، بۇرغىلاش ئەترەتلىرىگە تەقسىم قىلدى. بۇ گەمە ئۆي ئەمگەك-ئىش ھەققى بۆلۈمى ئىكەن. سىنىپىمىزدىن مەن قاتارلىق 4 نەپەر ساۋاقداشنى، يەنە خەنزۇ سىنىپتىن ئىككى نەپەر ساۋاقداشنى 3258- بۇرغىلاش ئەترىتىگە تەقسىم قىلدى. شۇ چاغدا بۇ ئەترەتنىڭ ماستىرى ھازىرقى ئىدارە پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ليۇيۈنشاڭ ئىكەن، ئەترەت باشلىقى ليۇنۇنسەن دېگەن بىر پىروتكا ئىكەن، بۇ ئەترەتنىڭ تۆت نەپەر بۇرۇلشىكنىڭ ئۈچ نەپىرى مىللى بولۇپ، بىرى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى قىيۇم مەتنىياز ئاكا، يەنە بىرى مەھەممەت بەختى، ۋە قازاق ئۇستا سىرىكباي ئىكەن. مېنىڭ بىلەن يەنە بىر ساۋاقداشنى مۇھەممەت بەختى ئۇستىنىڭ سمېنىسىغا تەقسىم قىلدى. بىزنىڭ بۇ سمېنا «پادىمىنىنى سمېنا» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ دېگىنى ئىككى بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ سمېنىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر ئەترەتتە ئۈچ كۈندىن ئىشلەيدىغان سمېنا (بەن) دېگىنى ئىكەن. 238- قۇدۇق بىلەن 129- قۇدۇقتا ئالمىشىپ شۇ يىلى قۇربان ھېيتنىڭ 1- كۈنى 129- قۇدۇققا ئوت كېتىپ، قۇدۇق كېرەكتىن چىققانغا قەدەر ئىشلىدۇق.

ئۇ چاغدا يۇيمىندىن يۆتكەپ كەلگەن ئىككى بۇرغىلاش ئەترىتىدىن باشقا ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدىكى ئاساسلىق ئۇستىلار ئۇيغۇر، قازاق مىللىتىدىن يېتىشىپ چىققان پېشقەدەملەر ئىدى.

جەرەنبۇلاقنىڭ دەسلەپكى ئورنى جەرەنبۇلاقتىن بىر نەچچە كىلومېتىر شەرقىي شىمالدىكى بىر تۆزلەڭلىكتە بولۇپ، دەستلەپ كەلگەن ئىككى بۇرغىلاش ئەترىتى چېدىرلىرىنى ئاشۇ جايغا قۇرغان ئىكەن، بىر قېتىملىق 12 بال بوراندا چېدىرلارنى، ئىشچىلارنىڭ يوتقان-كۆرپە، كىيىم، كېچەكلىرى بىلەن قوشۇپ ئۇچۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەرنى بىر ئاز شامالدىن دالدا بولىدۇ دەپ كونا جەرەنبۇلاققا يۆتكەلگەنىكەن.

بىز تەقسىم قىلىنغان ئەترەتنىڭ قازغان قۇدۇقى ئاۋارىيە بولۇپ، بۇرغا تۇرۇبىسى قۇدۇقتا قىسىلىپ قالغانىكەن، شۇڭا ئەمگەك سىجىللىقى بەك يۇقىرى بولۇپ، ئىشلەپ ياتاققا قايتقاندا پۇت-قوللاردا دەرمان قالمايتتى.

بۇ مەزگىل «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ داغدۇغىلىق باشلانغان مەزگىللىرى بولۇپ، بىر ئايدا مىڭ مېتىر قۇدۇق قازغان ئەترەتلەرگە «مىڭ مېترچە بۇرغىلاش ئەترىتى» دېگەن سۆزلەر كەشتىلەنگەن قىزىل بايراق بېرىلەتتى. بۇ بايراققا ئىگە بولغان ئەترەتنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بايراقنى بۇرغا مۇنارىنىڭ ئۇچىغا قاداپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەيدىلىرىنى كېرىشىپ يۈرەتتى.

بىزنىڭ قۇدۇقىمىز ئاۋارىيە بولغانلىقتىن بۇنداق «شەرەپ» تىن ئېغىز ئاچالمايتتۇق. ئاخىرى كونا قۇدۇقنى تاشلاپ، بۇرغا ستانوكىنى باشقا ئورۇنغا يۆتكەپ، يېڭى 238- نومۇرلۇق چارلاش قۇدۇقنى قېزىش قارار قىلىندى. چۈنكى بۇنداق قىلمىغاندا ۋاقىت، مالىيە كۈچى بەك كۆپ ئىسراپ بولۇپ كېتەتتى.

بۇرغىلاش ئۈسكۈنىلىرىنى يۆتكەپ قۇراشتۇرۇپ بولۇشىمىزغا قېرىنداش ئەترەتنىڭ 201- نومۇرلۇق قۇدۇقىدا بۇرغىلاش باشلىنىشى ئۈچۈن ياردەمگە بېرىشىمىزنى ئۇقتۇردى. بۇ قۇدۇق جەرەنبۇلاقتىن ئون نەچچە كىلومېتىر شەرقىي شىمالدىكى سۆكسۆكلۈك ئىچىدە بولۇپ، بۇ شۇ چاغدا جەرەنبۇلاققا ئارىلىقى ئەڭ يىراق قۇدۇق بولۇپ، ئەگەر بۇ قۇدۇق قېزىلىپ نېفىت چىقسا قاراماي نېفىتلىكىنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، جىق نېفىت زاپىسى ئېنىقلانغان بولاتتى.

بىز بۇ قۇدۇقتا ئۈچ كۈن ياردەملەشكەندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ قۇدۇقىغا قايتىپ كېلىپ بۇرغىلاش باشلىدۇق. بىز راسا جىددىيلىك بىلەن ئىشلەۋاتقان چېغىمىزدا 201- قۇدۇقتىن خۇش خەۋەر كەلدى. ئۇلار بەش سوتكىدا مىڭ مېتىر قېزىپ، شىنجاڭنىڭ بۇرغىلاش سۈرئىتى رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىغان ئىدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا بىزمۇ ئۈچ سوتكىدا مىڭ مېتىر قېزىپ، 201- قۇدۇقتا يېڭىلا يارىتىلغان رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىدۇق. بۇ ئىككى رېكورتنى تەبرىكلەپ-تەغدىرلەش يىغىنى بىرلىكتە ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا كان رايونىنىڭ رەھبەرلىرى ئالاھىدە قارامايدىن چىقىپ تەبرىكلىدى. خېلى يىللارغىچە بۇ رېكورتنى ھېچقايسى ئەترەت بۇزالمىدى.

××

8- ئاي مەزگىللىرى ئىدى. چۈشتىن كېيىنكى سمېنىغا ئىشقا چىقىپ ئىشتىن چۈشۈشكە يېرىم سائەتتەك ۋاقىت قالغاندا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. يامغۇردا كۆزنى ئاچقىلى مۇمكىن بولماي قالغانلىقتىن بۇرغىلاشنى توختىتىپ ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالدۇق، يېرىم سائەتتەك ياققان يامغۇر سمېنا ئالمىشىدىغان ئىشچىلار يېتىپ كېلىشى بىلەن توختاپ قالدى. سمېنىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئەللىك مېترچە مېڭىشىمىزغا ماشىنا چاقلىرى سېغىز لايغا پېتىپ قوزغىلالماي قالدى. بۇنىڭغا خېلى ئەجىر قىلىپ باقساقمۇ، ماشىنىنى پاتقاقتىن چىقىرالمىدۇق. ئامالسىز پاتقاق كېچىپ، پىيادە قايتتۇق. توققۇز نەپەر ئادەم پاتقاقتا تېيىلىپ، يىقىلىپ قوپۇپ يۈرۈپ يولنى داۋاملاشتۇردۇق

ئىشلەپ ھېرىپ، قۇرساقلار ئېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، يىقىلغاننى شائخو قىلىپ، ئۇنى يۆلەيمەن دەپ ئۆزىمۇ يىقىلغاننى كۆرگىنىمىزدە تېخىمۇ قىزىق بىلىنىپ كۈلكە.چاقچاقلار بىلەن بەش كىلومېتىر يولنى بېسىپ كەلسەك جەرەنبۇلاقنىڭ ئىچىنى كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى قاپلاپ كېتىپتۇ. قاتتىق ياققان يامغۇر تاغ تەرەپتىن ئېقىپ كېلىپ گەمە ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىكەن. ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەن يامغۇرمۇ يوتقان كۆرپىلەرنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. كىشىلەر ئۆيگە كىرىپ كەتكەن سۇلارنى چىلەك، جاۋۇرلار بىلەن سىرتقا ئەپچىقىۋاتقان ئىكەن. ياتاقداشلار ھەممىمىز ئىشتا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ياتاققا كىرگەن يامغۇر سۈيى كارىۋاتنىڭ يۈزىگە چىقايلا دەپ قاپتۇ. مېنىڭ ئورنۇم ئۈستۈنكى قەۋەتتە بولغاچقا يوتقان كۆرپىلىرىمنىڭ ھەممىسى ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ قويۇپ، ئاۋۋال قۇرساقنى توقلىۋالايلى دەپ ئاشخانىغا بېرىپ، تاماق يەپ قايتىپ كېلىپ، ئۆيدىكى سۇنى سىرتقا توشۇدۇق. سۇنى توشۇپ بولغاندا تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. يوتقان - كۆرپىلەرنى سىرتقا يېيىۋېتىپ، قاتتىق تاختاي ئۈستىدە يېتىپلا ئۇيقىغا كەتتۇق.

ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن: «201 - قۇدۇقنى كەلكۈن سۈيى بېسىپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. دادۈي رەھبەرلىكى ھەر بىر ئەترەتلەردىن ئادەم چىقىرىپ، ئورگان كادىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بۇ ئەترەتكە ياردەمگە ئېلىپ باردى. قاراماي كان رايونىدىنمۇ ئىدارە جەمئىيەتلەرنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ياردەمگە چىقتى. بورۋايغا يېتىپ بارساق بۇ تۈزلەڭلىككە تولۇپ كەتكەن سۇنىڭ چېكى كۆرۈنمەيتتى، ئۇ يەر - بۇ يەردە سۇدىن چىقىپ تۇرغان يۇلغۇنلۇق دۆڭلەر، قۇم بارخانلىرى خۇددى دېڭىزدىكى ئاراللاردەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇ يەردە پەيدا بولغان چەكسىز سۇلۇقنى بايقاشقا ئۈلگۈرگەن ياۋاغاز، ئۆردەكلەر توپ-توپ ئۇچۇپ كېلىشىپ سۇ ئىچىدە ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتى. ماشىنا پەقەت قۇدۇقتىن 6.5 كىلومېتىر ئارىلىقىچە بارالىدى. ماشىنىدىن چۈشۈپ سايمانلارنى ئېلىپ، پۇشقاقلارنى تۈرۈپ، سۇ كېچىپ ماڭدۇق. سۇ دەسلەپتە تىزدىن ئاشمىغان بولسىمۇ، سۇ يۈزى تۈز بولغان بىلەن، سۇنىڭ تېگى تۈز بولمىغاچقا بەزى يەرلەردە چۆكۈپ كېتەتتۇق، بۇنداق چاغدا سۇ ئۈزەلەيدىغان كىشىلەر سۇ ئۈزەلمەيدىغانلارنى سۆرەپ، سۇنىڭ تېيىز جايلىرىغا چىقىرىپ قوياتتى، ئىككى سائەتتەك ئېلىشىپ بورۋايغا يېتىپ باردۇق. قۇدۇق مەيدانى سۇنىڭ ئاستىدا قالغان بولۇپ، ماتور، سېغىزلىق ئېرىتمە ناسوسلىرى سۇغا چىلىشىپ تۇراتتى. بورۋاينى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قۇدۇق مەيدانىنىڭ ئەتراپىــغا تۇغان سوقۇپ، قۇدۇق مەيداندىكى سۇنى چىقىرىۋېتىش كېرەكتى. سۇنىڭ تېگىدىن لاي ئېلىپ، سۇنىڭ ئۈستىگە تۇغان سوقۇش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەستى. بۇنى توختۇتۇش ئۈچۈن شاخ-شوپۇر، كۆپلىگەن تۈۋرۈكلەرنى قېقىشقا توغرا كېلەتتى. بىر قىسىم ئادەم ئاپتوموبىللار بىلەن دەمدىن ياغاچ كېسىپ كېلىشكە ئەۋەتىلدى. بىر قىسىم ئادەم ئەتراپتىن يۇلغۇن-سۆكسۆكلەرنى يىغدى. ئەمگەك كۈچى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولىۋاتقان ئەھۋالدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىشچىلىققا يېڭى قوبۇل قىلىنغان ياش ئىشچىلار يېتىپ كەلدى. بۇلارنى ئەترەتلەرگە بۆلمەستىن ھەممىسىنى بۇ قۇدۇقنى ئاپەتتىــن قۇتقۇزۇش كۆرىشىگە قاتناشتۇردى. بۇ يېڭى كەلگەن ياشلار ھەر خىل گۈزەل ئارزۇلار بىلەن كەلگەن بولۇپ، ھەر بىرسىنىڭ قورسىقىدا سوققان چوتلىرى ھەر خىل ئىدى. ئاما ئۇلار كېلىپلا كۈن بويى سۇدىن چىقماي توپ-توپ ئۇچۇپ يۈرگەن پاشا-كۆكۈيۈنلەرگە تالىنىپ ئىشلەش ئۇلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى. بەزىلەر يۈز-كۆزلىرىگە ئاپتولنى سۈرۈۋالسا پاشا چاقمايدىكەن دەپ ئاڭلاپ يۈز-كۆز، بەدەنلىرىگە ئالا قويماي سۈرۈۋالغان بولسىمۇ، پاشا تالاپ، بەدەنلىرى ھۆرەك، ھۆرەك ئىششىپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭغا چىدىمىغانلىرىدىن 13 نەپەر ئادەم كېچىدە يۈك-تاقلىرىنى يۈدۈپ، بىر كېچىدىلا غايىب بولدى. كېيىن بىلسەك ئۇلار جۇڭگەي، شياۋگەيلەر ئارقىلىق ساۋەنگە بېرىپ، ماشىنا توسۇپ،

كېتىپ قاپتۇ، بۇ قىيىنچىلىقنى ۋاقىتلىق دەپ چۈشەنگەنلىرى جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، كاندا ئۆي-ئۇچاقلىق بولۇپ، بالا-چاقىلىرى بىلەن خۇشال-خۇرام، بەختلىك ياشاپ كەلمەكتە.

ئىككى ھەپتىدىن ئوشۇق جاپالىق ئېلىشىش ئارقىلىق قۇدۇق مەيدانى تۇغان ئىچىگە ئېلىنىپ، تۇغان ئىچىدىكى سۇ چىقىرىۋېتىلدى.

ماتورلار ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلدى. ئەمدىكى مەسىلە قۇدۇق ئىچىدە لاي-لاتقىلارغا كۆمۈلۈپ، قىسىلىپ قالغان بۇرغىلاش تۇرۇبىسىنى چىقىرىۋېلىپ، بۇرغىلاشنى داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسى ئىدى.

ماتورلار ھەرىكەتكە كېلىش بىلەن يەنە بىر مۇنچە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. بۇ بۇرۋايىدا ئۈچ يۈز ئات كۈچىگە ئىگە 5 ماتور، 50 ئات كۈچىگە ئىگە يەنە بىر توك چىقىرىدىغان ماتور بار بولۇپ، بۇلارغا كۈنىگە توننىلاپ سالياركا، نەچچە يۈزلىتىر ئاپتول كېتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە زاپچاسلارنىمۇ يۆتكەپ كېلىش كېرەك ئىدى. بۇرۋايىغا ئەڭ يېقىن قۇرۇقلۇق ئارىلىقى بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېلەتتى. بۇ نەرسىلەرنى سۇدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قاتناش قورالى كېتەتتى. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر قولۋاق يۆتكەپ كېلىندى. ماي قاچىلانغان تۇڭلار ھەر خىل زاپچاسلار تۈركۈمگە بۆلۈپ بۇرۋايىغا توشۇلدى. بۇنى سۆزلىمەك ئاسان لېكىن قىلماق بەكمۇ جاپالىق ئىدى. سۇ يولى ئېگىز-پەس دۆڭلەر ئارىسىدىن ئۆتەتتى. ئىشچىلار قولۋاقنى سۇ ئىچىدە ئالدىدىن سۆرەپ، كەينىدىن ئىتتىرىپ ماڭاتتى. بەزى سۈيى تېيىز يەرلەردە قولۋاق لايغا پېتىپ قېلىپ، ئىشچىلارنى بەكمۇ جاپاغا سالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوغانلىقى چىۋىندەك كېلىدىغان پاشىلار بىلەن ئۇششاق كۆمۈتىلەر، تۇيۇقسىز كېلىپ چاقىدىغان كۆكۈيۈنلەر چىشىنى چىشلەپ مىڭ جاپالار بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئىشچىلارنىڭ بەدەن باشلىرىنى چېقىپ، جاپا-ئۈستىگە جاپا قىلاتتى.

ئىشچىلار بۇرۋايىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن كىيىملىرىنى سېلىپ سۈيىنى سىقىۋېتىپ كىيىۋېلىشقىمۇ ئىمكانىيەت يوق ئىدى چۈنكى بۇرۋايىدا ئىشلەيدىغان قىزلارمۇ بولغاچقا ئۆز ئارا ھايا قىلىشىپ، ھۆل كىيىملىرى بىلەن يۈرۈشەتتى. مانا شۇ ئىشچىلارنىڭ ئارىسىدا قۇدۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوماندانلىق قىلىۋاتقان بىر خەنزۇ يىگىتى بار بولۇپ، ئۇ ئاۋارىيە ئېلىش ئىنژېنېرى گې جۇڭشياۋ ئىدى. ئۇ 1954-يىلى شىئەن نېفىت تېخنىكومىنىڭ بۇرغىلاش كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، مايتاغدا ئىشلىگەن ئىدى. قاراماي نېفىتلىكى بايقالغاندىن كېيىن قارامايغا يۆتكىلىپ كېلىپ قارامايدىكى بۇرۋايلارنىڭ ئاۋارىيە ئىنژېنېرلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، قايسى بۇرۋايىدا ئاۋارىيە بولۇپ قالسا شۇ بۇرۋايىغا بېرىپ نەچچە كۈنلەپ بۇرۋايىدىن قايتماي، بۇرۋايىدا يېتىپ قوپۇپ جاپالىق ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ 201-نومۇرلۇق قۇدۇقنى سۇ باسقاندىن كېيىن، بۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئىدى. ماتورلار ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ، قۇدۇق نورماللىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە بىر زور بەختسىزلىك ھادىسىسى كېلىپ چىقتى.

بۇرۋاي دەستىلەپ قۇراشتۇرۇلغاندا ناسوس خانىدىن دىجورنى ئۆيگە تارتىلغان توك سىمى يالىڭاچ سىم بولۇپ، ئەسلىدە ئادەم بويىدىن ئېگىز تارتىلغان ئىدى. بۇرۋايىنى سۇ باسقاندىن كېيىن قۇدۇق مەيدانىدىكى سۇ چىقىرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، سېغىز تۇپىلىق بۇ يەر يەنىلا قايماقتەك يۇمشاپ كەتكەن پاتقاق بولغاچقا ئۇيان-بۇيان مېڭىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئىككى تال تاختاي جۈپلىنىپ، ئاستىغا ماي تۇڭىنى قويۇپ كۆۋرۈك ياسالغانتى. بۇ چاغدا ماتورلار ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ، سېغىزلىق ئېرىتمە ناسوسنىڭ چاتقىنى ئوڭلاۋاتقان ئىدى. ھەر بىرسى سەككىز توننىدىن ئېغىرى بولغان ناسوسلارنىڭ ھۆلى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى. بىر قانچە سوتكا دەم ئالماي چارچاپ ھالىدىن كەتكەن گې جۇڭشياۋ ئىنژېنېر ئىشچىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ باقماقچى بولۇپ، تاختاي

كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆۋرۈك ئۈستىگە چاپلاشقان لايدا پۇتى تېيىلىپ كېتىپ، بۇيىندىن توك سىمىغا ئېلىشىپ قېلىپ، شۇ يەردىلا ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنى بەرپا قىلىش يولىدا تەغدىم قىلدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئىشچىلار توكنى توختىتىپ، ئۇنى سىمدىن ئاجرىتىپ ئالغاندا يېڭى كۆنىنىڭ قۇياشى ئەمدىلا شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتاتتى.

ھەر بىر يۇرتنىڭ قەبرىستانلىقى بولىدۇ. ئۇ يۇرتلاردىكى قەبرىلەردىكى كىشىلەرنىڭ كىمنىڭ قاچان كۆمۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشكە مۇمكىن بولسىمۇ لېكىن كۆپۈنچە قەبرىستانلارنىڭ قاچان بەرپا بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىش ئانچە ئاسان ئەمەس. جەرەنبۇلاق بۇرۇن چۆل-جەزىرە بولغاچقا بۇرغىلاش ئىشچىلىرى كەلگەندىن كېيىنلا بۇ يەردە بىر ئاھالىلەر رايونى بارلىققا كەلگەنتى. شۇڭا قەبرىستانلىقى يوق ئىدى. ئىنژېنېر گې جۇڭشياۋنىڭ جەستى جەرەنبۇلاقنىڭ ئۇستى تەرەپتىكى دۆڭلۈككە قويۇلدى. كېيىنكى يىلى يەنى 1959- يىلى 3- ئايلار مەزگىلى مۇللا ئەمەت ئىسىملىك بىر ئۇستا بورۋايدا خىزمەت ئۈستىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن گې جۇڭشياۋ قويۇلغان دۆڭلۈكنىڭ بەش يۈز مېترچە شەرقىدىكى دۆڭلۈك باغرىغا قويۇلۇپ، مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بەرپا بولدى. يېقىنقى كۈنلەردە بىر پېشقەدەم ئۇستا ۋاپات بولۇپ، مېيىت ئۇزىتىپ قەبرىستانلىققا چىقتىم. يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ ئىككى ئورۇندىكى قەبرىستانلىق كېڭىيىپ، چوڭ ئىككى پارچە يەرنى ئىگەللەپتۇ. نېفىت ئۈچۈن قان-تەر تۆككەن پېشقەدەملەر بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقىغا كېتىپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ بولغىنىغا قىرىق يىل بولاي دەپ قالدى. ئىگىلىك يارىتىشنىڭ شۇ جاپالىق يىللىرىدا ھېرىپ-چارچاشتىن، قان-تەر ئاققۇزۇشتىن قاچماي، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان ھەر مىللەتتىن بولغان پېشقەدەملەرگە ئىگىلىپ تازىم قىلغۇم كېلىدۇ. ئەگەر قولۇمدىن كەلسە ئۇلارنىڭ مىس ھەيكەللىرىنى قاراماي شەھىرىنىڭ ئەڭ كۆركەم جايلىرىغا مۇنار ياساپ، شۇ مۇنارنىڭ ئۈستىگە تۇرغۇزۇپ، مەڭگۈلۈك ئۇنتۇلماس ئابىدە قىلغۇم كېلىدۇ.

1995- يىل 4- ئاي. قاراماي



# يولداش ۋارىسجان تۇردى ۋاپات بولدى



شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (ئىدارە دەرىجىلىك) ئالىي ئىنژېنېر، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ۋارىسجان تۇردى 1995-يىلى 12-ئاينىڭ 7-كۈنى سائەت 12دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، پوسكام غەربىي جەنۇبىي تارىم نېفىت - تەبىئىي گاز چارلاش-ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتىدە، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي بەختكە قارشى 72يېشىدا ۋاپات بولدى.

يولداش ۋارىسجان تۇردى 1923-يىلى 5-ئايدا ئاتۇش شەھرىدە تۇغۇلغان. 1944-يىلى 12-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1950-يىلى 8-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ تارىخىدا ئىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، تېكەس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئاشپەزى، ئىلى ج خ ئىدارىسى خەلق ساقچى ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى، بەنجاڭى، مايتاغ نېفىت كان ج خ شۆبە ئىدارىسى خەلق ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى، نېفىت شىركىتى مەمۇرىي مۇلازىمەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1-بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق نېفىت -خىمىيە سانائىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ج ك پ مەملىكەتلىك 10-قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزاسى، ج ك پ مەملىكەتلىك 11-قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1994-يىلى 4-ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

يولداش ۋارىسجان تۇردى ۋەتەننى قىزغىن سۆيەتتى، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق ئىدى. 40-يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان ئىدى. 1946-يىلى شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ خىزمەتنى ھېرىش-چارچاشتىن، تاپا-تەنىدىن قورقماي سەممىمىي ساداقەتمەنلىك بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى يارىتىپ، كۆپ قېتىم ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇپ باھالانغانىدى. پارتىيىنىڭ تەربىيىلەپ يېتەكلىشى ئاستىدا، ئۇ ناھايىتى تېز ئالغا بېسىپ، 1959-يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك رەھبەرلىك خىزمىتى داۋامىدا ئۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، پارتىيىلىك پرىنسىپدا، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭدا مۇستەھكەم كوممۇنىستىك ئېتىقاد بار بولۇپ، خىزمەت داۋامىدا بارلىق قان-تەرىنى نېفىت چارلاش-ئۆزلەشتۈرۈش ۋە نېفىت ئايرىش، خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلغانىدى. بولۇپمۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇ شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ تۈرلۈك بېسىم ۋە توسالغۇلارغا تاقابىل تۇرۇپ،

نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. 1986-يىلى ئۇ، رەھبەرلىك سېپىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، يەنىلا نېفىت خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ تۈرلۈك نېفىت-خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، ئۇنى تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاست خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا تۆھپە قوشقان. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، چىققىشاق مىجەزى ئارقىلىق يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پاك-دىيانەتلىك بولۇپ، نېفىتلىكنىڭ تەرەققىياتى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ئورغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. يولداش ۋارىسجان تۇردى بىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئىنقىلابىي ھاياتىدا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ۋە شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشقان.

يولداش ۋارىسجان تۇردى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو نېفىت تەبىئىي گاز باش شىركىتى، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى، جۇڭگو نېفىت تەبىئىي گاز باش شىركىتى كادىرلار-مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ھەمدە ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمايىل ئەھمەد، ۋاڭ تاۋ، سۇڭ خەنلياڭ، جۇيۇڭكاڭ قاتارلىق رەھبىرى يولداشلار تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ ياكى تېلېفون بېرىپ تەزىيە بىلدۈردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىمۇ تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

يولداش ۋارىسجان تۇردى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، ھەربىي رايون قاتارلىق تارماقلاردىكى بىر قىسىم رەھبىرى يولداشلار يولداش ۋارىسجان تۇردىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ تەزىيە تېلېگراممىسىدا: «50يىلدىن بۇيان ئۇ، باشتىن-ئاخىرى شىنجاڭ نېفىتلىكى ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەپ كەلدى. ئۇ، پارتىيە ۋە سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيەتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇ، پۈتۈن ھاياتىنى قىلچە ئايىماستىن ئۆزى قىزغىن سۆيىدىغان شىنجاڭ نېفىت ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى شىنجاڭ نېفىت خىمىيە سانائىتى ئۈچۈن زور يوقىتىش، بىز شىنجاڭ نېفىت سانائىتى سېپىدىكى خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدىغان، بۇ مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر پېشقەدەم كادىرنى مەڭگۈ ياد ئېتىمىز» دېيىلگەن.

تەزىيە تېلېگراممىسىدا يەنە: «مەيلى قايسى خىزمەت ئورنىدا بولسۇن، ئۇ ھەمىشە ئاشۇنداق تولۇپ تاشقان قىزغىن ھېسسىيات بىلەن، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مۇقىملىقى، ئىتتىپاقلىقى، شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق تولۇپ تاشقان ئەقىل پاراسەت ۋە شىجائەت بىلەن خىزمەت قىلىش ئىستىلى بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بولۇپمۇ 1985-يىلى ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى سەپ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىن چېكىنىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنى قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىپ، زاۋۇت قۇرۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ بۇ قۇرۇلۇشنىڭ پارتىيە مەركىزى كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاست خەلقىنى بالدۇرراق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا

يېتەكلەشتىكى ۋە نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشتىكى ئەڭ زور تۆر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر بىلەتتى. ئۇ، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، غەيرىتى تېخىمۇ ئۇرغۇپ، ئۆزىنىڭ يېشىنىڭ چوڭ، تېنىنىڭ ئاجىز بولۇشىدەك پايدىسىز شارائىتقا پىسەنت قىلماي، هەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ بۇ قۇرۇلۇشقا ياردەم تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ ئۇنۇملۇك خىزمىتى هەر قايسى تەرەپنىڭ ئاكتىپ ماسلىشىشىغا ئېرىشتى. پوسكامدىكى ئۈچ تۈرلۈك نېفىت-خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇشى ئۇنىڭ كۈچلۈك رەهبەرلىكى، قوماندانلىق شتابىدىكى باشقا مۇئاۋىن قوماندانلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا، پوسكامدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر قىلچە سانائەت ئاساسى بولمىغان قاقاسلىقتا، ئۈچ يىل ئىچىدىلا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى زامانىۋىلاشقان سانائەت كارخانىسى قۇرۇپ چىقىلدى. بۇ قۇرۇلۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇهەببىتىنى، زاۋۇت قۇرۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ قەيسەر ئىرادىسىنى ۋە نەچچە مىڭلىغان قۇرغۇچىلارنىڭ ئۆزەم جاپا تارتساممۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىليونلىغان كىشىگە بەخت يارىتىمەن دېيدىغان يۈكسەك پەزىلىتىنى نامايان قىلدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى يەنە يولداش ۋارىسجان تۇردىنى ئورنىنى بېسىپ بولمايدىغان رەهبەرلىك رولىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن كىشىلەرنىڭ يولداش ۋارىسجان تۇردىنى مەڭگۈ ياد ئېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېيىلگەن.

يولداش ۋارىسجان تۇردى نېفىتلىكنى بەرپا قىلغۇچى، ئىگىلىك تىكلىگۈچى قابىل رەهبەرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىلىم ۋە بىلىم ئىگىلىرىنى هەمدە ئىختىساسلىق خادىملارنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئەدەبىيات-سەنئەت سۆيەر كىشى ئىدى. نېفىتلىكنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر شۇنى پەقەت ئۇنتۇمايدۇكى، ۋارىسجان تۇردى خىزمەتلىرىنىڭ شۇنچە ئالدىراش ۋاقىتلىرىدىمۇ، نېفىتلىك خەلقىنىڭ ماددى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كۈچ سەرپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشنىمۇ هەرگىز ئېسىدىن چىقارمايتتى. ۋارىسجان تۇردى قايسى يىلى نېفىتلىكتە تۇرالىسا، شۇ يىلى چۆللۈكتە بىنا بولغان بۇ شەهەر گويا ئاۋات بازارغا ئايلىناتتى. چۈنكى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە يەرلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئانسامبىللىرى تەكلىپ قىلىنىپ سەنئەت بايرىمىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئۇندىن باشقا، نېفىتلىكنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى بىۋاسىتە تۇتۇپ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلاتتى. نېفىتلىكتە چىقىدىغان گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتلىرىنىمۇ بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ، ۋاقتى-ۋاقتىدا ئەهۋال ئىگەللەپ، پىكىر بېرىپ، سۈپەتلىك، ساغلام، مول مەزمۇنلۇق مەدەنىي پائالىيەتلەرگە تەلەپچانلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئىشچىلىقتىن كېلىپ چىققان بۇ رەهبەر كىتابخۇمار، شائىر، يازغۇچى ئىدى. ئۇ ئۇزۇن مۇددەت نېفىتلىكنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە جاپالىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان چاغلىرىدىمۇ يەنىلا ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب كۆرۈشنى، خاتىرە يېزىشنى، قەلەم تەۋرىتىشنى زادىلا تاشلىمىغان ئىدى. «چۆل گۈلى، چۆل كېمىسى»، «ئاشماقتا ئىشقا غايىمىز»، «ياخشىنىڭ دىلدارى بول!» قاتارلىق كۆپلىگەن نەسىر، شېئىر، رۇبائىيلىرى قارامايى نېفىتلىكىدە چىققان ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردىن ئورۇن ئالغان ئىدى. ۋە بىر قىسىم ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغانىدى. ۋارىسجان تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى خۇددى ئۇنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى، ئىشچان بىلىكى نېفىتچىلارغا بېغىشلانغاندەك، نېفىتچىلارنىڭ چۆلنى بوستان قىلغان پىداكار روهىغا نامايەندە بولغاندەكلا كىشىلەرنىڭ روهىنى ئۇرغۇتۇپ نېفىتلىكتە خوجايىنلىق ئىستىلىنى تىكلەپ، نېفىتلىكنىڭ ئوبرازىنى يېڭىلاپ، شان-شەرەپ قۇچۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ كەلگەن ئىدى. بۇ تۆهپىلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

نېفىتلىك قەلەمكەشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هەر مىللەت خەلقى خەلقچىل رەهبەر ۋارىسجان تۇردىنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ!

ئارسلان تالىپ

# قامەتلىك چىنار

(ئەسلىمە)

چىنار-ناھايىتى چىداملىق ماتېرىيال. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ چىداملىقى بىلەن خەلق ئۈچۈن مىننەتسىز خىزمەت قىلىپ كەلگەن. بىزنىڭ نېفىت سېپىدىكى قامەتلىك چىنار ئەنە شۇنداق مىننەتسىز مېھنىتى بىلەن شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۈچمەس تۆھپە قوشقانىدى. ئەپسۇس ئۇ كۆز تەككەندەك «8-دېكابر» پاجىئەسىنىڭ بىر يىللىقى ھارپىسىدا يىقىلدى. خۇددى قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى ئەمەتجان مۇھەممەت بىر كېچە يىغلاپ يازغان مۇنۇ مىسرالىرىدەك قاراماي خەلقى يەنە بىر تاغ سۈپەت ئوغلانىدىن ئايرىلىپ قالدى.

ئاسماندا كۈن بىلەن ئاي چېقىلدىمۇ؟!
گۈلدۈرلەپ كۆكتە يانغىن يېقىلدىمۇ؟!
بۆلتۈرقى ماتەملەرنى ئۇنۇتمىغان،
ئېھ بۇ يىل يوغان چىنار يىقىلدىمۇ؟!

بۆلتۈر ۋاقىتسىز تۆكۈلگەن ياپراقلارغا ئېچىنغان بۇ «قاماتلىك چىنار» سالامەتلىكى تازا ياخشى بولمىسىمۇ قاراميغا كېلىپ قاراماي خەلقىنىڭ مۇسىبىتى ئۈچۈن ياش تۆككەنىدى. ئۆز ۋارىسلىرىنىڭ قازاسى ئۈچۈن ئەلەملىك ئاھ ئۇرۇپ تىلى گەپكە كەلمەي قېتىپ قالغانىدى...

بۇ تاغ سۈپەتلىك ئوغلان، قامەتلىك چىنار خۇددى ئۆزى يازغان «چۆل گۈلى، چۆل كېمىسى» دەك تىنىم تاپماس ئەزىمەت، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ ئۇلىنى سالغۇچى قىران بۈركۈت ھەممىلا كىشىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن «ھۆكۈمەت» -ۋارىسجان تۇردى ئاكا ئىدى. ئۇ جان ئۈزۈشىنىڭ ئالدىدىمۇ يەنىلا خىزمەتنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئىدى. ئۇ پېنسىيىگە ئۆتكىنى بىلەن يەنىلا ئەلنىڭ غېمىنى يەپلا يۈرگەنىدى.

-ۋارىسجان ئاكا، - دېگەنىدىم بىر كۈنى ئۆيىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ،- ئەمدى پېنسىيىگە ئۆتكەندىكىن ئارامخۇدا دەم ئېلىپ ئارتۇقچە ئىشلارغا باش قاتۇرماي ئۆتسىلە بولاتتى!

-شۇمۇ گەپ بولدىمۇ،- دېدى ۋارىسجان ئاكا سەل ئاچچىقلانغاندەك بولۇپ،- مەن قانداقمۇ ئارام ئالالايمەن. مەن ئۆمۈر بويى چۆلدە قۇرۇلۇش سېلىپ ئۆتتۈم، سالىدىغان قۇرۇلۇشلىرىمىز تېخى تۈگىمىدى، پوسكامدىكى قۇرۇلۇش ئاخىرلاشتى (نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتنى دېمەكچى) ئەمدى مايتاغقا يۈرۈش قىلدۇق. بىلىپ قوي جۇمۇ، مەن مايتاغ ئېتىلېن زاۋۇتىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، بۇ قۇرۇلۇش پۈتسە ئارام ئالارمەنمىكىن....

توغرا، بۇ قۇرۇلۇش پۈتتى. بىر ئاينىڭ ئالدىدا مايتاغ نېفىت-خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى رەسمى قۇرۇلدى. قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا ۋارىسجان ئاكا قاتناشتى.

ئۇندىن كېيىنچۇ، يەنىلا جىم ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. پوسكامغا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگىلى باردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا خىمىيە زاۋۇتنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا مەبلەغ سېلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى، لېكىن بۇ مەبلەغنىڭ تېخى ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ زاۋۇت رەھبەرلىرىگە ئىشەنچلىك جاۋاب بەردى.

- سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، مەبلەغ ئەمەلىيلىشىدۇ. مەن بۇ جايدىن قايتقاندىن كېيىن

مەركەزگە بارىمەن. بۇ قىيىنچىلىقنى چوقۇم ھەل قىلىمەن. . . .

بۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدىكى سۆزى ئىدى.

مانا، نېفىتلىكنىڭ تاغ سۈپەت ئوغلانى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىن ئايرىلمىغان ھالدا بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ناھايىتى تېزلا پۈتكۈل نېفىتلىككە ھەتتا مەركەزگىچە تارالدى. ئاۋام خەلق بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قېتىپلا قالدى. نېفىتلىك ماتەم لىباسىغا ئورالدى. خەلق زار-زار يىغلىدى. ئۇ بېسىپ ئۆتكەن بىپايان چۆللۈك سۈكۈناتقا چۆمدى.

-ۋارىس ھۆكۈمەت ۋاپات بوپتۇ. . .

-ۋارىسجان ئاكا قازا قىپتۇ. . . .

بۇ دەھشەتلىك خەۋەر خۇددى ئوچۇق ئاسماندا-چاقماق چاقنىغاندەك ھەممىلا كىشىنى ساراسىمىگە سالدى.

-مەرھۇمنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدىكەن. . . .

-ياق، قاراماي‌غا ئەكىلىدىكەن. . . .

مەرھۇم ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. پوسكامدىن، تارىمدىن، قارامايدىن، مايتاغدىن، فۇكاڭدىن. . . ماشىنىلار ئۈزۈلمەي ئۈرۈمچىگە كېلىشكە باشلىدى. مەخسەت بىرلا، مەرھۇم بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋېلىش، نۇرباغ ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى، يىغا-زارە پەلەكنى قاپلىدى. ۋاقىت-شارائىتى يار بەرمەي ئۈرۈمچىگە كېلەلمىگەنلەر خۇددى ئەمەتجان مۇھەممەتكە ئوخشاش ئۆز ئۆيلىرىدە ياش تۆكۈشتى. خەلق قەلبىدىكى ئورۇن نېمە دېگەن يۈكسەك ھە؟! بۇنداق ئورۇنغا ئېرىشەلەيدىغان كىشىلەر تامامەن بەختلىك كىشىلەر ئەمەسمۇ. چۈنكى ئۇلار بىر ئۆمۈر ئەل ئۈچۈن كۆيۈپ-پىشىپ ياشىدى. ئەل يىغلىسا يىغلىدى. ئەل كۈلسە كۈلدى. بىر ئۆمۈر ئەلنىڭ غېمىنى يەپ ياشاپ ئۆتىدىغان كىشىلەر بىزدە بەكمۇ ئاز بولسا كېرەك.

مەن ۋارىسجان ئاكا بىلەن 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تونۇشقان. شۇندىن بۇيان داۋاملىق سىردىشىپ، مۇڭدىشىپ كەلدۇق، بەزىدە تەنتەكلىك قىلىپ خاپا قىلىپ قويىمەن، لېكىن ئۇ مەن بىلەن بولغان دوستلۇقنى قەدىرلەپ كەلدى. ئۆيىگە بىمالال كىرىمەن، دېمەكچى بولغان سۆزلىرىمنى تارتىنماي دەيمەن، تارىخقا ئائىت (شىنجاڭ نېفىت سانائىتى تارىخى ئەلبەتتە) تەپسىلاتلارنى سورايمەن. 50-يىلدىن بۇيان توپلاۋاتقان ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىپ سۆزلەپ كېتىدۇ.

-مۇشۇلارنى ماڭا بەرگەن بولسىلا رەتلەپ يېزىپ چىقسام بولاتتى، -خۇشكەيىپ ئولتۇرغان ۋاقتىدا سورايمەن.

-بەرمەيمەن، سەن يازغاننى مەنمۇ يازالايمەن قاراپ تۇر، بۇ تارىخنى ھامىنى يېزىپ چىقىمەن. بۇ بىر كىتاب بولىدۇ. ئاشۇ كىتابلار ئارىسىغا مانا بۇ تارىخى رەسىملەرنى بېرىمەن، -تارىخى رەسىملەر ئالدىمدا ۋاراقلىنىدۇ، ئۇ سۈرەتلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ نېفىتلىكنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كۆرۈنۈشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىمەن، ئويلايمەن، يەنىلا تۈگىمەس سوئاللىرىم باشلىنىدۇ.

-بولدى، ئويلىنىپ ئولتۇرما، ئەگەر ئۆزۈم يازالماي قالسام بۇ ماتېرىياللارنى، تارىخى سۈرەتلەرنى ساڭا بېرىمەن، لېكىنزە ئەينى دەۋردىكى جاپالارنى ياخشى يازالماي قالارمىكىن دەپلا ئەنسىرەيمەن، دەسلەپكى يىللاردىكى جاپانى سەن كۆرمىدىڭ، قۇم يەپ تاش چىچىدىغان ئۇ زامانلاردا نۇرغۇن چىدىماسلار كېتىپ قالدى. بىر قىسمىنى مەن تىللاپ يۈرۈپ كەتكۈزمىگەن، ئۇلار ھازىر خۇشال. كەتكەنلەرچۇ، تولا يىغلاپ بېشىمىزنى ئوچاق قىلىۋەتتى.

گېپىمىز شۇنداق باشلىناتتى. تەگسىز خىيال مېنى نېفىتلىكنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە ئېلىپ

كېتەتتى.

ئەنە، مەركىزى پارتىيە مەكتىپى، ۋارىسجان گۈللۈك بىنا قىلماقتا. ئەنە ۋارىسجان ئامانشاھ قۇملۇقىدا تەنھا ئۆزى كېزىپ يۈرمەكتە. قىش ياز پاتقاق-لاي كېچىپ جاپالىق ئىشلەپ رېھاتىزىم بولۇپ كەتكەن نېفىت ئىشچىلىرى ئۈچۈن شىپالىق قۇم ئىزدىمەكتە. ئەنە، ۋارىسجان كۆكيار بىرىنچى قۇدۇقىدىن ماي فونتانلىغاندا فونتاننى بېسىش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلماقتا. ئەنە، ۋارىسجان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەتسىزلىك شامىلىنى توسۇش ئۈچۈن مەيدە كېرىپ «كىم ھۆكۈمەت يوق دەيدۇ. مانا مەن ھۆكۈمەت. ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن بىزگە نان كېرەك، پۇل كېرەك. بۇلارنى تەل قىلماي قانداقمۇ ئىنقىلاب قىلغىلى بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭلار! » دەپ نېفىت ئىشچىلىرىغا باش بولۇپ نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا ئەنە ۋارىسجان. . . . .

ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى بەكمۇ كۆپ ئىدى. شۇڭا مەن ۋارىسجان ئاكا بىلەن تونۇشقان كۈندىن باشلاپلا مۇشۇ پېشقەدەم رەھبەرنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر ئەدەبىي ئاخبارات يازسام نېفىتلىكنىڭ 50 يىللىق تارىخىنىڭ مەلۇم كۆرۈنۈشىنى يورۇتۇپ بىرەلەيمەن دېگەن تۈيغۇ پەيدا بولغانىدى. ئەپسۇس ئۇنىڭ ۋاپاتى مېنىڭ بۇ خىياللىرىمنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ تارىخىنى تەلتۆكۈس ئۆگىنىپ بولالمىغانىدىم. مەن ۋارىسجان ئاكىنى بىزدىن بۇنداق تېز ئايرىلىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدىم. چۈنكى بىر ئاينىڭ ئالدىدا قارامايغا كەلگىنىدە مەن چىرايىنىڭ خېلىلا تۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ناھايىتى روھلۇق ۋە تېتىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم.

-دوختۇر ئۈچ نەرسىدىن پەرھىز تۇتۇشۇمنى ئېيتتى، -دېدى ۋارىسجان ئاكا سالماقلىق بىلەن، -بىرى هاراق، ئىككىنچى تاماكا، ئۈچىنچىسى زىياپەت، مەن دوختۇرنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى جان دەپ قوبۇل قىلدىم.

بىر سورۇندا كىشىلەر زورلاپمۇ تاماكا، ھاراقنى ئاغزىغا ئالدۇرالمىدى. بىزنىڭ ئىشخانىدىكى ئۈچ سائەتلىك سۆھبەت جەريانىدا بىر تالمۇ تاماكا چەكمىدى. ئىلگىرى بۇنداق قىزىق سۆھبەتتە بىر قاپ تاماكىنى چېكىۋەتتى.

شۇ قېتىملىق سۆھبەتتە ئۇ ئۆز پىلانىنى سۆزلەپ كېلىپ بىزنى خۇشال قىلىدىغان بىر خەۋەرنى تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىدى.

-مەن كىتابىمنى يېزىشنى باشلىدىم. بۇ كىتاب توققۇز باب بولىدۇ. بۇ كىتابنى تېزراق پۈتتۈرمىسەم بولمايدۇ. چۈنكى كېلەر يىل (96-يىلنى دېمەكچى) 4-ئاينىڭ 29-كۈنى مەن نېفىتلىككە كېلىپ ئىشلىگىنىمگە نەق ئەللىك يىل بولىدۇ. شۇنىڭغا ئۈلگۈرتسەم، كىتابىممۇ چىقسا، بىرەر پائالىيەت قىلىپ يىرىم ئەسىرلىك نېفىتلىك تارىخىمنى خاتىرىلىسەك.

-ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ. چوقۇم يېزىپ چىقسىلا، بىز سىلىنىڭ بۇ ئەللىك يىللىق خاتىرە كۈنلىرىنى تازا ياخشى ئۆتكۈزەيلى، شۇ كۈنى بىز سىلىگە تون كەيدۈرەيلى.

-بۇ كىتابىمنىڭ تەھرىرلىكىنى سەن قىلىسەن، -دېدى ۋارىسجان ئاكا ئۇلاپلا، -سەن مېنىڭ تۇرمۇشۇم بىلەن خېلىلا تونۇشۇپ قالدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن يازىمەن دەپ تالىشىپ يۈرەتتىڭ ئەمەسمۇ.

كۆلۈشتۇق، غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتۇق، مۇشۇ كىتابنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن كۈچىمىزنىڭ بارىچە ياردەم قىلىدىغىنىمىز توغرۇلۇق ئەھدە قىلىشتۇق.

رەھىمسىز ئەجەل ۋارىسجان ئاكىنىمۇ، بىزنىمۇ نا ئۈمىدتە قويۇپ ئۇنى ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز ئېلىپ كەتتى.

143كۈن، ئۇ نېفىتلىككە قەدەم قويغىنىغا يېرىم ئەسىر توشۇشقا پەقەتلا 143كۈنلا قالغانىدىغۇ؟!

ئۇنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى بەكمۇ كۆپ ئىدى، ئۇز تارىخىدىن بىر ئەسلىمە يېزىپ قالدۇرۇش بۇ ئارزۇلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى. بەلكىم كىتابخانلار كەچكىچە چۆلدە قۇرۇلۇش ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن رەھبەر قانداقمۇ ئەسەر يازالىسۇن دەپ ئويلىشى مۇمكىن. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىنكى ۋارىسجان ئاكا پىشقان رەھبەر بولۇپلا قالماي بىر ئەدىب ئىدى. چۈنكى شۇنچە ئۇزۇن يىللىق نېفىتلىك ھاياتىدا كىتابتىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىغان. ئۇ توپلىغان كىتاب-ماتېرىياللار ھەر قايسى ساھەلەرگە چېتىشلىق بولسىمۇ لېكىن كۆپ قىسمى ئەدەبىي كىتابلار ئىدى. ئۇ ئاشۇ كىتابلارنى ئوقۇشنى، يىغىپ ساقلاشنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرغاچقا ئۆيى، ئىشخانىسى ھەتتا ئۆزىنىڭ مەخسۇس ماشىنىسىدا كىتابلارنى دۆۋە-دۆۋە ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئۇ كىتاب ئوقۇشنى پەقەت بەدىئىي زوق نۇقتىسىدىن ئەمەس باش تېمىسىنىڭ يورۇتۇلىشى، ۋەقەلىك تەرەققىياتى، تىپلارنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ ئۆز پىكىرلىرىنى كىتاب بەتلىرىگە يېزىپ قويۇشنى ياكى ئۆزى چۈشىنەلمىگەن ياكى خاتالىق كېتىپ قالغان جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويۇشنى ئادەت قىلىۋالغانىدى. ئەسەرنى مۇشۇنداق ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈش ئۇنى تەبىئىي ھالدا ئىجادىيەت يولىغا باشلىغاچقا ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «چۆل گۈلى، چۆل كېپىسى» قاتارلىق بىر نەچچە نەسىر، «ئىلتىجا»، «ئاشماقتا بىزنىڭ غايىمىز» قاتارلىق 20نەچچە پارچە شېئىر ۋە بىر نەچچە ئەسلىمە يېزىپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. ئۇنىڭ «چۆل گۈلى، چۆل كېپىسى» ناملىق نەسرى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسىگە كىرگۈزۈلگەن. بىر نەچچە پارچە شېئىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بىرئەدىب سۈپىتىدە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلغان.

ئۇ خىزمەتتىكى كەسكىنلىكى، پرىنسىپچانلىقى شۇنداقلا ئاممىا بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ ئۆتكەنلىكى سەۋەبلىك قارامايغا ۋە نېفىتلىكتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇنغا ئىگە ئىدى.

1986-يىلى ۋارىسجان ئاكا قارامايدىن ئايرىلىپ پوسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللەردىمۇ قارامايلىقلارنى، بىللە ئىشلىگەن نېفىت ئىشچىلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئۇ خىزمەت مۇناسىۋىتى ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قارامايغا كەلسىلا خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ پېشقەدەم ئىشچىلارنى يوقلاشنى، كىتابخۇمار دوستلارنى ئىزدەشنى، گېزىتخانا ۋە «مايبۇلاق» ژۇرنىلىدىكى يولداشلارنى ئىزدەشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. شۇڭا ۋارىسجان ئاكا ھەر خىل كەسىپتىكى ھەر مىللەت نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ قەلبىدىكى كىشىسى بولۇپ ھۆرمەت تەختىدە ئىززەتلىنىپ كەلگەنىدى. مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى نېفىت ئىشچىلىرى ئۈچۈن زور يوقىتىش.

ئەلۋىدا! ۋارىسجان ئاكا، سىزنىڭ 50يىللىق ئەجرىڭىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. سىزنىڭ ئىجادىيەت سېپىدىكى دوستلىرىڭىز سىز يازماقچى بولغان كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ. بىز سىزگە ئۆز ئىجادىيىتىمىز ئارقىلىق تون كەيدۈرىمىز.

1995- يىل 12- ئاينىڭ 12- كۈنى

مۇھەممەت سابىت

# قايغۇ ئىچىدىكى ئەسلىمە

قاراماي خەلقىنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر ئازابقا مۇپتىلا قىلىپ ئۇنتۇلغۇسىز داغ قالدۇرغان «8.دېكابىر» ۋەقەسىگە دەل بىر يىل توشۇش هارپىسىدا پوسكام نېفىتلىكىدىن كىشىنىڭ ئىشەنگىسى كەلمەيدىغان بىر يامان خەۋەر تارقالدى. بۇ.شىنجاڭ نېفىتلىكىنى ئېچىش ۋە بۇگۈنكىدەك زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈش يولىدا باشتىن.ئاياغ سەپىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ بۇ يولدا توپ.توغرا يېرىم ئەسىر ئەجىر سىڭدۈرۈپ تىللاردا داستان بولغىدەك تۆھپىلەرنى قوشقان، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ئىززەت.ھۆرمىتىگە، تەشكىلنىڭ زور ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولغان سەركەردىمىز ۋارىسجان تۇردىنىڭ كېسەل بىلەن تۇيۇقسىز قازا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كىشىلەر گاڭگىراپ قېلىشتى. ئۆزگىرىشچان خىلمۇ خىل دەۋرلەر، ئۇزۇن ئۆمۈر مۇساپىسىدە نى.نى سىناقلاردىن مەڭدەمەي ئۆزۈپ چىققان، ئاددى سەپەرلەرگە چىقسىمۇ تۇغقان، دوست.بۇرادەرلىرىگە خوش دېيىشنى، بارغانلا يېرىدە پېشقەدەملەرنى، خىزمەتداشلىرىنى ئومۇمەن، ۋاقتىنىڭ يار بېرىشىچە ھەممىنى يوقلاشنى ئۇنتۇمايدىغان كۆڭۈلچەك ئىنساننىڭ ئەمدىلىكتە ھېچكىمگە خوش دېمەي شۇنچە ئۇزۇن سەپەرگە بەلكى مەڭگۈلۈك سەپەرگە كېتىپ قېلىشىغا ھېچقانداق كىشىنىڭ ئىشەنگىسى كەلمىدى. ئەمما يەنىمۇ ئېسىنى يىغىپ بۇنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىنى، ئىشەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقاندا ھەممە كىشىنىڭ يۈرىكى قوقاستا پۇچىلانغاندەك ئېيتقۇسىز ئازابقا تولدى. ئەڭ يېقىن كىشىسىدىن ئايرىلغاندەك چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدى.

مىللىتىمىزنىڭ هازىرقى زامان ئەدەبىياتى سەھنىسىدە مۇناسىپ ئورۇن تۇتقان تالانتلىق قەلەم ئىگىسى ئەھمەت زىيائى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلەرگە: جاھان لەڭگەر كىشىلەر كەلدى.كەتتى، كەلمىدى ھەرگىز، ئۇ كەتكەنلەر نە كويدا ھېچكىمەرسە بىلمىدى ھەرگىز» دېگىنىدەك بۇ دۇنيا كىشىلەر كېلىپ.كېتىدىغان لەڭگەر، ئۆلۈم ئەجىلى ھەممە ئادەمگە ئىلگىرى.كېيىن دېمەي ھامىنى بىر كۈنى كېلىدىغان بولسىمۇ ۋارىسجان ئاكىنىڭ ۋاپات خەۋىرىنى باشقىلارنىڭ قازا خەۋىرىنى قوبۇل قىلغاندەك ھېسسىياتتا قوبۇل قىلالمىدۇق.

چۈنكى ئۇ كىشى پۈتۈن ئۆمرىنى شىنجاڭ نېفىتلىك قۇرۇلۇشىغا بېغىشلاپ، خىزمەتتە كەسكىن، دادىل بولۇپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ خەلققە كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشتەك ئالىيجاناب غايىسى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ھەممە كىشىنى تەسىرلەندۈرگەن ھەم قايىل قىلغان. ئۇنىڭ ياخشى تەربىيە، ئېسىل ئۈلگىسى ھەممىلا كىشىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى. ھەقىقەتنى چىقىش قىلىپ لىللا گەپنى قىلغاندا ۋارىسجان ئاكا شىنجاڭ نېفىتلىكى بويىچە تارىخى ئەڭ كونا، تۆھپىسى ئەڭ زور كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كىشى جۇڭگو تەبىئىي نېفىت، گاز شىركىتىنىڭ كونا، يېڭى رەھبەرلىرى، ھەر قايسى نېفىتلىكلەردىكى پېشقەدەملەر ۋە ئىدارىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىشچى.خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. پايانسىز شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ ھەر بىر ئىش ئورۇنلىرى ئۇ كىشىگە بەش قولدەك تونۇش بولۇپ غەربىي.جەنۇبىي تارىم نېفىت، تەبىئىي گاز باش شىركىتىدىكى ئۈچ زاۋۇت، ئىدارىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى ئىچىدىكى بىر نەچچە ساناتورىيىسى قاتارلىق مۇھىم ۋە يەرلىك خەلققە ناھايىتى زور پايدىسى تېگىدىغان ئەھمىيەتلىك قۇرۇلۇشلارنى ئۆزى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈپ نېفىتلىك ۋە يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، ئۇلارغا ياردەم بېرىشتە باشلامچىلىق رول ئويناپ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تۆھپىلەرنى ياراتقان.

75.يىلدىن 78.يىلغىچە ئۇدا 4 يىل شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن ئىشچى قوبۇل قىلىشتا پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ ئاز سانلىق مىللەتتىن قوبۇل قىلىش نىسبىتىنى تولۇق ئورۇنداپ نېفىتلىككە زور تۈركۈمدە ئاز سانلىق مىللەت

ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۆستۈرۈش بۇ كىشىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، قالدۇرغان تەسىرىنى، بىز مەڭگۈ ئۆرنەك-ئۈلگە قىلىدىغان تەرەپلىرىنى سۆزلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.

مەن ۋارىسجان ئاكا بىلەن ئۇ ۋاپات بولۇپ كېتىشتىن 3ھەپتە ئىلگىرى كۆرۈشكەن ئىدىم. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، بىز ئادەم بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ كۆرۈشۈشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلەلمىدۇقتە.

11-ئاينىڭ 20-كۈنلىرى ئەتراپىدا بولسا كېرەك. ئىشخانامدا بىر خىزمەتدىشىم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغىنىمدا تۇيۇقسىز ۋارىسجان ئاكا ئىشىكنى لىق تولدۇرۇپ كىرىپ كەلدى. بىز دەرھال ئورنىمىزدىن تۇرۇپ سالام بېرىپ ھال-ئەھۋال سورىدۇق. ئۇ كىشىنىڭ بۇ چاغدىكى روھى-ھالىتى ۋە چىرايى ناھايىتى ياخشى بولۇپ ھېچقانداق قېرىلىق يەتمىگەندەك يەنىلا شۇنداق بېجىرىم ۋە بەردەس ئىدى.

ۋارىسجان ئاكا بىزگە ناھايىتى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن قارامايغا كەلگىنىگە بىر نەچچە كۈن بولغانلىقىنى، يەنە نەچچە كۈن تۇرۇپ مايتاغدا ئېچىلىدىغان نېفىت، خىمىيە زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ قايتقاندىن كېيىن يەنە پوسكامغا بېرىپ ئەھۋاللارنى ئىگەللەپ، ماتېرىياللارنى تەييارلىتىپ بېيجىڭغا، باش شىركەتكە پوسكام نېفىت، خىمىيە زاۋۇتىنى كېڭەيتىش ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بارىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

بىز بۇ كىشىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان ھەم خېلى ياشىنىپ قالغان تۇرۇقلۇق يەنە ئارام ئالماي قارامايدىكى سەبداشلىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى يوقلاپ كەلگەنلىكى، بولۇپمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ پوسكام نېفىت، خىمىيە زاۋۇتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە يول مېڭىپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىدەك بۇ شىجائىتىدىن بەكمۇ تەسىرلەندۇق. ئۇ ياشىنىپ قالغان ۋە ئاغرىقچان بولسىمۇ يەنە خىزمەتنى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى خەلقنى بالدۇرراق نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇشنى، خەلققە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى يەنىلا چىن كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتاتتى.

-ئاڭلىسام بىزنى تونۇشتۇرغان ھېلىقى رەسىملىك ژۇرنال نەشىردىن چىقىپتۇ، دەيدۇ. قادىر بوجاڭ سىزنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ، دېگەنىدى. ئۇنداق بولسا شۇنى ئېلىپ بەرمەمسىز! -دېدى ۋارىسجان ئاكا بۆلۈمىمىزگە كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئىپادىلەپ.

بۇ ژۇرنال-ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا ئاتاپ چىقىرىلغان، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى سەپلەردىكى تۆھپىكارلار تونۇشتۇرۇلغان چوڭ ھەجىملىك بىر يۈرۈش جەمئىي 9 پارچە رەسىملىك ژۇرنال بولۇپ شەھەر-ئىدارىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت تۆھپىكارلاردىن ۋارىسجان ئاكا باشلىق 18 كىشى كىرگۈزۈلگەن ئىدى. (ھەر بىر ئادەم بىر بەتكە رەسىمى، تەرجىمىھالى، گەۋدىلىك نەتىجىسى تونۇشتۇرۇلغان)

ۋارىسجان ئاكىنىڭ تەلىپى بىلەن مەن ئازراق تەڭلىكتە قالدىم، راستىنى ئېيتقاندا ئۇ ژۇرنالنىڭ بۆلۈمىمىزگە كېلىپ بولغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ خىزمەتنى ئىشلىگەن يولداش مايتاغقا كوماندىروپكىغا كەتكەن بولۇپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىمۇ تاقاقلىق ئىدى.

مەن ئۇيان-بۇيان سۈرۈشتۈرۈپ ئۇ ئىشخانىنى ئېچىش ئامالىنى قىلالمىدىم. ئاخىرى ئەتىگىچە نەدىن بولسىمۇ ژۇرنالنى ئېلىپ تەييار قىلىپ قويۇشقا ۋەدە بېرىپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئۇزىتىپ قويدۇم. ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشخانىنى ئاچقۇزۇپ ھېلىقى رەسىملىك ژۇرنالدىن بىر يۈرۈش ئېلىپ قويدۇم. ۋارىسجان ئاكا شىنجاڭ نېفىتلىكىدىن بۇ ژۇرنالغا تونۇشتۇرۇلغان 18كىشىنىڭ ئىچىدە بىرىنچى رەتكە تۇرغۇزۇلغان بولۇپ رەسىمىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك، ئىش-ئىزلىرى، تۆھپىسىمۇ گەۋدىلىك، ئىخچام تونۇشتۇرۇلغانىدى.

چۈشتىن كېيىن ۋارىسجان ئاكا كەلدى. دەل مەن بار ۋاقىتتا كەلگىنىگە خۇرسەن بولدۇم-دە، دەرھال ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ژۇرنالنى ئالدىغا قويدۇم. ئۇ كىشى ژۇرناللارنى بىر-بىرلەپ ۋاراقلاپ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن:

-سىلەرنىڭ بۇ يەر تەشۋىقات ئورنى بولغاندىكىن بىز پايدىلىنىشقا تېگىشلىك باشقا ماتېرىياللارمۇ باردۇر؟ -دېدى

تۆت تەرەپكە سەپ سېلىپ تۇرۇپ.

بىلىم ۋە بىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان ھەم بىكار بولسىلا كىتاب كۆرۈپ تۇرىدىغان بۇ ئىلىم سۆيەر كىشىگە كۆپرەك كىتاب ۋە ماتېرىياللارنى سوۋغا قىلالىغان بولسام ئۇ كىشىمۇ، مەنمۇ خۇرسەن بولغان بولاتتىم. ئەمما ئىشخانامدا يېڭى ماتېرىيال، كىتابلار يوق ئىدى. شۇڭا خىجىلچىلىقتا:

-ھازىرچە مەندە نېفىتلىك قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا ئاتاپ نەشىر قىلىنىغان ئۈچ توپلامدىن باشقا كىتاب يوق. ئۇ بەلكى ئاللىقاچان سىلىنىڭ قوللىرىغا تېگىپ بولغاندۇ، - دېدىم مەن بۇ ئۈچ پارچە توپلامنىڭ ئۈچىلىسىدە ۋارىسجان ئاكىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېسىمگە ئېلىپ.

-ئېلىشىم بىر يۈرۈش ئالغان، بىر پارچىسىنى بىرسى ئېلىۋالدى. سىزدىن يەنە بىر يۈرۈش ئېلىۋالاي.

شۇنداق قىلىپ مەن بۇ ئۈچ كىتابتىن بىر يۈرۈش، خەنزۇچىدىن بىر يۈرۈش، بىر ئاسما كالېندار بەرگەن بولدۇم. ۋارىسجان ئاكا بۇلارنى رەسىملىك ژۇرناللار بىلەن قوشۇپ دەڭسەپ بېقىپ:

-ۋۇي بۇ ئېغىرلا بىر نەرسە بوپ كېتىپتۇغۇ، كۆتۈرۈشكىمۇ ئەپسىزلىك قىلىدىغان ئوخشايدۇ. سىز ئەمدى خاپا بولماي بىر قەغەز يەشىك تېپىپ قاچىلاپ بەرسىڭىز بولغىدەك، - دېدى.

مەن مۇۋاپىق بىر قەغەز يېشىك تېپىپ كىتاب، ژۇرناللارنى قاچىلاپ، سىرتىدىن ئوبدان باغلاپ ئۇ كىشى بىلەن بىرگە پەسكىچە ئېلىپ چۈشۈپ ئۇزىتىپ قالدىم.

قىسمەتنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگىنىگە مىڭ رەھمەت! ماڭا ھازىرغىچە ۋارىسجان ئاكا بىلەن بۇ قېتىمقىدەك ئۇزۇنراق ۋە تەپسىلىي پاراڭلىشىش ۋە مۇئامىلە قىلىش پۇرسىتى بولمىغان ئىدى. بۇ قېتىم خېلى ئۇزۇن پاراڭىنى ئاڭلاشقا، ئاز-تولا بولسىمۇ خىزمىتىنى قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ھەم بۇ ئۇچرىشىشتىن مەنمۇ خۇش بوپ قالغان، ئۇ كىشىمۇ مەمنۇن بولغان ئىدى. ئەگەر شۇ چاغدا ھېلىقى ئىشخانىنى ئاچالماي قېلىپ شۇ ژۇرنال ئۈچۈن ئاتايىن ئىككى قېتىم كەلگەندە قولىغا تەككۈزەلمىسەم قانچىلىك پۇشايمانغا قالار ئىدىم-ھە؟!

ئەمدى يەنە بىر كۆرۈشۈۋالاي، سۆزىنى ئاڭلىۋالاي، خىزمىتىنى قىلىۋالاي دەپ قانچە ئارمان قىلساقمۇ يوق.


«شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» دىكى ۋارىسجان ئاكىنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەر ۋە ئۆچمەس تارىخى، ئىش-ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان ئېلانغا، تېخى يېقىندىلا كۆرۈشكەن ۋاقىتىدىكىدەك تۇرغان خۇش پېچىم رەسىمگە قاراپ ئىچ-ئىچىمدىن ئۆكۈنمەكتىمەن.

ۋارىسجان ئاكا بىزنى قايغۇ، نادامەتتە قالدۇرۇپ ۋاقىتسىز بۇ ئالەمدىن كەتكەن بولسىمۇ ئەمما ئۇ بىر ئۆمۈر ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاپ شۇ سۆيەت بىلەن زاماندىشلىرى، شاگىرتلىرى، ئەۋلادلىرىغا شانلىق ئۆلگە قالدۇرۇپ كەتتى.

گۆگۈل: «مەن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆمۈمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تۆھپە يارىتالىسام ئۆزەمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختىيار كىشى ھېسابلايمەن» دەپ ئېيتقاندەك ۋارىسجان ئاكا بىر ئۆمۈر ئۆمۈمنىڭ ئىشىنى كۆزلەپ، ئۆمۈمنىڭ ئىشى ئۈچۈن تۆھپە يارىتىپ بەختىيار ھالدا سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ روھى تارىختىكى خەلق قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئورۇن ئالغان سانسىز تۆھپىكارلار قاتارىدا مەڭگۈ ياشايدۇ.

ئەلۋىدا، ۋارىسجان ئاكا، تىنچ يېتىڭ، كېيىنكى ئەۋلادلار چوقۇم سىزنىڭ ئىزىڭىزنى بېسىپ، سىزنىڭ غايىڭىزنى ۋە قىلىپ بولالمىغان ئىشلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز!

15-دېكابىر. قاراماي



ئابدۇرېشىت قادىرى

# خەير خوش، ۋارىسجان ئاكا

(ئەسلىمە)

مەرھۇم ۋارىسجان تۇردى ھايات چېغىدا شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلغان غوللۇق رەھبىرى كادىر بولۇپلا قالماي، كەڭ نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ئورۇن تۇتقان خەلقچىل زات ئىدى. مەن بۇ كىشى بىلەن تۇنجى قېتىم 1977 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنلىرى ئۇچراشتىم. شۇ كۈنى قاراماي ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ 4. رېمونت سېخىدا ئىشلەۋاتاتتىم. باشقارما سىياسىي بۆلۈمىدىن ماڭا «ۋاجىڭفۇ» نىڭ تېلېفون بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، دەرھال بېرىشىمنى تاپىلىدى. مەن بۇ كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن ماڭا تېلېفون بەرگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇدۇل نېفىت گېزىتخانىسىدىكى نىياز نۇرۇللانىڭ قېشىغا كىردىم (مەرھۇم ھايات چېغىدا قەلەمداشلىق سۆھبىتىمىز بار ئىدى) ئۇ، بۇ چاقىرتىشنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدىغانلىقىنى دەپ ئۆزىنىڭمۇ بىللە كىرىشىنى ئېيتتى. بىز ۋارىسجان ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمىزدە بۇ كىشى خۇددى چىڭيۇنگۈيدەك بېشىغا يوغان لۆڭگىنى ئوراپ ياتقان يېرىدىن بىزنى قارشى ئالدى. سالام-سائەتتىن كېيىن بىز ئۆز ئارا تونۇشتۇق. شۇ چاغدا ئۇ ئادەم مەندىن مەلۇم بىر قولىيازمىنى سوراپ چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇ كىشى دېگەن قولىيازمىنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بېشىدىلا كۆيدۈرۈپ تاشلىغانلىقىمنى ئېيتقاندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ پاراڭغا چۈشتى.
كېيىن، ـ قېنى نىياز قارى بىر شېئىر توقۇمامسىلە، ـ دېگەن ئىدى. مەرھۇم تولىمۇ خۇشچاقچاق پاراڭچى بولغاچقا، ـ ماقۇل قېنى ئەمسە بېشىنى مەن باشلايمەن ئاخىرىنى سىلە، ـ دەپ جاۋاب كۈتمەيلا: بېغىشلايمەن بارىمنى ئۇلۇغ ئانا ۋەتەنگە. دەپ پاللىدا كۆزىنى ئېچىپ پىچىرلىغان پېتى كۈلۈمسىرەپ توختاپ قالدى. چۈنكى 14 بوغۇملۇق شېئىر بۇ خىلدىكى يەنە بىر توق قاپىيىگە سەل كەمبەغەل ئىدى. شۇ چاغدا ھېچ كۈتمىگەن يەردىن ۋارىسجان ئاكا:

داراڭلىدۇ يول ماڭسام پۈتتا يوغان بەتەڭگە، دېمەمسىلە،ـ دەۋەتتى دە ھەممىمىز پاراققىدا كۈلۈشتۇق. راست دېگەندەك ئۇ دائىم باجىڭگىر ئاياغ كىيىپ يۇرگەچكە بايا تاختايلىق زالدا ماڭغانغا تەقلىت قىلغان ھەم ئۆزىمۇ ئويغىنىپ كەتكەنىكەن. شۇ چاغدا ئۇ كىشى كىچىككىنە بىر داستىخان تەييارلاتتى. ئازراقتىن ئىستېمال قىلغىنىمىزدا ئۆمەر ھەييام روبائىلىرىدىن بىرەرنى ئوقۇۋېتىمەن (ئۇ چاغدا بۇ تولىمۇ يېڭىلىق تۇيۇلاتتى) شۇ چاغدا ۋارىسجان ئاكا ھەمرايى غەزەللىرى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى. قارىغاندا ئۇبۇغەزەلنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ ئاز-تولا يادلاپمۇ ئالغاندەك قىلاتتى. ئاخىرىدا ئۇ، ـ مەن بۇ غەزەلنى لېنتىغا ئېلىۋېلىشنى ئويلاۋاتىمەن، قارىغاندا سىلىنىڭ ئاۋازلىرى بولىدىكەن، ـ دەپ (مەن باشتىلا بۇ كىشىنى ھۆرمەتلەپ «سىلە» دېگىنىمگە جاۋابەن ئوخشاشلا سىلە دەپ سۆزلەيتتى) كارىۋاتنىڭ بىر بۆلۈكىگە قول سوزۇپ، قوش كېسەك چوڭلۇقىدىكى ئۆزى ياسىۋالغان ياغاچ ساندۇقنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈنئالغۇنى تەييار قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئەدەبى تۇرمۇشقا قىزىقىدىغان كىبىرسىز سەممىمي ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئەنە شۇنداق باشلاندى.

ۋارىسجان ئاكىنىڭ تەلىپى بويىچە قايتا ئۇچراشقىنىمىزدا، ـ قۇلاق قىزىدىمۇ؟ ـ دەپ پاراڭ

سېلىپ، ــ مەن تۈنۈگۈندىن بېرى سىلىنى ئىزلەپ يۈرەتتىم. مانا قارىسىلا ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ــ ئۇسسۇل ئانسامبىلىدىكى × × × قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلار ماڭا بۇنى يېزىپتۇ، ــ دەپ بىر نەچچە ۋاراق خەتنى ئۇزاتتى. قارىسام «تۆگە» مەزمۇنىدىكى ھەجۋى شېئىر ئىكەن. مەن ۋارىسجان ئاكىغا قارىدىم. ئۇ، ــ مېنى مۇشۇنداق قامچىلاپتۇ. ئەمدى مەن ئەينى جاۋاب مەزمۇنىدا مۇنداق بىر نەرسىنى يازغانىدىم، سەل قاملاشماي قالدى، ــ دېدى. مەن مەقسىتىنى چۈشىنىپ بولغانىدىم. شۇڭا، ــ سىلىنىڭچە بۇنى قانداق قىلايلى، ــ دېدىم. ئۇ، ــ مېنىڭ تەلىپىم بۇنى قورمۇقور ئەينەن تېخىمۇ چوڭقۇر ھەجۋى جاۋاب تەرىقىسىدە يېزىپ باقساق قانداق؟ ــ دەپ ئۆتۈندى. قارىغاندا جاۋاب يېزىش تەلىپى كۈچلۈك ئىدى.

ـــ ئەمىسە مۇنداق قىلايلى،ــ دېدىم مەن، ــ شېئىرنى يېزىپ باقاي، ئەگەر يارىسا ئۆز قەلەملىرىدە كۆچۈرۈپ يوللىۋەتسىلە، كېيىن بىرەر چاتاق چىقسا مەن ئىگە ئەمەس، ــ دەپ كېلىشتۇق. شۇنىڭدىن بىرەر ئاي كېيىن ۋارىسجان ئاكىنىڭ دوختۇرغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ يوقلاپ كىرسەم روھى ھالىتى خېلى ياخشى. بىر مەزگىل يۈرەك سوقۇشى نورمالسىزلىقتىن كىرگەن ئىكەن. پارالىچ ئارىسىدا، ــ ھېلىقى شېئىرنى ئەۋەتكەن ئىدىم. چاقچىقىمىز خېلى جايىغا تەككەندەك قىلىدۇ. مانا خەت كەلدى، ــ دەپ ياستۇق تېگىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئۇزاتتى ۋە مېنىڭ يېقىندا «تارىم» غا بېسىلغان بىر ھېكايەمنى ئوقۇغانلىقىنى دەپ تېخىمۇ كۆپرەك يېزىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ھېكايىدىكى پېرسوناژلار ھەققىدە ئۆز پىكىرىنى قىلىپ ئولتۇردى ھەم ئۆزىنىڭ تولىمۇ زېرىككۈاتقانلىقىنى ئېيتىپ كىتاب سورىدى. مەن قايتا كەلگىنىمدە كۆيدۈرۈۋېتىشكە قىيماي ساقلاپ كەلگەن «ئابشىرون» رومانى بىلەن بەزى بىر خاتىرە قول يازمىلىرىمنى ئېلىپ كەلسەم ۋارىسجان ئاكا تام تەرەپكە قاراپ جەينەكلىنىپ خىيالەن يېتىپتۇ. كىرىشىمگە سەل رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ كىتابلارنى كۆردى. شۇ چاغدا سوۋېت رومانلىرىنى كۆرۈش تازا بىئەپ بولغاچقا ئۇنىڭغا مۇنداقلا قاراپ قولۇمغا قايتۇرۇپ بېرىپ بالنىتسىنىڭ ئىشكىنى يېپىۋېتىپ يېقىنراق كېلىپ ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلىپ دېدى، ــ ھەممە ئادەم ئائىلە، بالا ــ چاقىسى بىلەن تۇرمۇشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشنى خالايدۇ. مېنىڭمۇ ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق چاغلىرىم بولغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر، ھايۋاننى قومۇش» دېگەندەك مېنىڭ قەدىناس ئائىلەم بولغۇچــى ئىچىملىكتە ئۆزىنى تۇتالمىدى ھەم نەسىھەت ئاڭلىمىدى. يەنىلا بۇنىڭ تۆپ سەۋەبچىسى مەن. بۇ ئىشقا مەن ئەيىبلىك، چۈنكى باشتىلا مايتاغدىكى چاغلىرىمىز شۇ ئىشنى توسىماپتىمەن. ئەمدى توسالمىدىم، نەسىھەت قىلىپ ھاردىم، ئىچىمدە ھەسرىتىم تولا. . . ــ دەپ توختاپ قالدى. مەن ئاشۇ بەستلىك ئادەمنىڭ چىرايىغا مۇنداق قارىدىم. كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى. شۇ چاغ سەئىدىنىڭ «ھاياتنىڭ زەربىسى ئۆز دەرىجىسىگە قاراپ ۋە لېكىن ھېچ كىشىنى ئالا قويمايدۇ» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كېلىپ تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن تەسەللى بەردىم. شۇ ئارىدا سېستىرا قىزنىڭ تاراق ــ تۇرۇق ئىشىكنى ئېچىپ دورا ئەكىرىشى، ئۇ يۈز ــ كۆزىنى سۈرتۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ ئۇ قولۇمغا كىچىك چۈشكەن، ئېچىنىمەن. بۈگۈن يەنە بىر ئىنكاس كەلدى. ئۇ ××× مەھەللىسىدە ئېغىر كەيپ، دەلدەڭشىپ يۈرگىدەك. سىلە ئاستا بېرىپ باقسىلا، ئەگەر راست شۇنداق بولغان بولسا ئۆزۈم بېرىپ قايتۇرۇپ كېلەي، ــ دېدى. ــ ياق سىلە كېسەل تۇرۇپ ئۇنداق قىلامدىغان، ــ دېدىم. كەتتىم. بىراق ئۇنى مەلۇم بىر ئايال ئۆيىدە ئۇخلىتىپ قويغان ئىكەن. مەن ۋارىسجان ئاكا قېشىغا قايتا بارسام ئوقۇلىدىكى خاتىرە قوليازمىنى كۆرۈپ غەمكىن يېتىپتۇ.

كىرىشىمگە، ــ خەت بەك ئۇششاق يېزىلىپتۇ تازا ياخشى ئوقۇيالمىدىم. قېنى مانا مۇشۇنى ئۈنلۈك بىر ئوقۇسىلا، ــ دېدى. قارىسام ئۇ قوتلۇق شەۋقىنىڭ ئابدىقادىر داموللام پاجىئەسىگە بېغىشلاپ

يازغان مەرسىيەسى ئىكەن. بىز خېلى ئۇزۇنغىچە مۇشۇ توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭلاشتۇق.

ئاردىن بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ھال سوراپ باردىم.

— ھەجەپ ياخشى چاغدا كەللە، — دېدى. قارىغاندا ۋارىسجان ئاكامنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. — يېقىندىن بېرى خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. بۈگۈن بىر كوچا ئايلانغاچ سامسا يەپ كىرەيلى، — دەپ بىر كونا خەينى كىيىشكە باشلىدى.

— قويسىلا، كونا خەينىمۇ بازارغا كىيىپ چىقاملا، — دېدىم مەن. ئۇ:

— يۇمشاق، پۇتنى ئاغرىتمايدىكەن، مۇشۇنى خالاپ قالدىم، — دېدى. بىراق بۇ قىياپەت تولىمۇ مىسكىن ئىچكى پەرىشانلىقنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا تىرىشقاندەك بىر ھالەتنى ئەكس ئېتەتتى. بىز ئايلىنىپ جۇڭغارىيە سودا بازىرىدا تۇنجى قېتىم سامساپەزلىك قىلغان ئاقساقالنىڭ دۇكىنىغا كىرگىنىمىزدە بىرنەچچە ناتونۇش ئادەم قىزىق سامسىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئۆرە تۇراتتى. يەنە بىر نەچچە قارل- قورۇم ماي شەپكىلىكلەر بۇرۇختۇملۇقتا ئولتۇرۇپ سامسا يېگەچ تاماكا چېكىشىپ ئولتۇراتتى. قارىغاندائۇلار مەست بولۇپ كىمدۇ بىرسىنى، — يائاللا، نەچچە ۋاگون ئايالغا يارىغان شەيخى چىنانىڭ مۇبارەك قولىنى بىر تۇتۇۋالسام ماڭمۇ شۇنداق ئامەت ياغامدۇ قانداق؟ — دەپ ئۇنىڭ قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ تەكەللۇپ بىلەن سالام بەرگەچ دەلدەڭشىپ كېلىپ ۋارىسجان ئاكىنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى. شۇ چاغدا ئۇمۇ، — تۆت ساغلىقنىڭ ئارىسىدا قالغان قوچقار ئەتىسى ئۆزىنىڭ مۈڭگۈزىنى كۆتۈرەلمەي قولىقى سالپىيىپ قالىدۇ ئاداش، تۈزۈك گەپنى قىلىڭلا، — دېسە يەنە كىمدۇ بىرسى مەنىلىك قىلىپ، — تۆگىنىڭ مۈڭگۈزى بولمىسا نېمىسى سالپىيىپ قالىدۇ؟ — دەپ خىقىراپ كۈلدى. — ئۇنىڭ مۈڭگۈزى بولمىسا لوكىسى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالامدۇ، — دېگەنتى ھەممەيلەن پاراققىدا كۈلۈشتى. ئۇستامۇ سامسىنى قومۇرۇشقا باشلاۋاتاتتى، ۋارىسجان ئاكا كەيپىياتنى بۇراش ئۈچۈن بولسا كېرەك بىرخېرىدارنىڭ سامسىنى يەۋېتىپ شورپىسىنى چاپىنىغا ئېقىتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، — تۇرمۇشتىمۇ ھەر قانداق بىر قائىدە — ئۇسۇلى بار، مانا قاراڭلار، — دەپ ئۆزىنىڭ يەۋاتقان سامسىنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قىزىق سامسىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۆلىنى يەۋالىمىز، قىيمىسى شورپىسى بىلەن جىلىت ئىچىدە تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى بىر چەتتىن يېسەك شورپىسىمۇ تۆكۈلمەيدۇ، كىيىممۇ بۇلغانمايدۇ، — دەۋېتىپ بىر خېرىدارنىڭ قىزىق سامسىنى سوغۇق سۇغا چىلىۋېتىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،— بۇنىڭغىمۇ ئۆتمۈشتىن قالغان بىر رىۋايەت بار، — دەپ پاراڭغا چۈشتى. — بۇرۇنقى سېيىت نوچى زامانىدىكى ئاپئاق غوجىنىڭ ئۆزمىلىكىدە تۆت قىمارۋاز راساقىمارغا چۈشۈۋاتقاندا بىر سېۋەت قىزىق سامسىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن سامسىپەز ھېلىقى قىمارۋازلارنىڭ بېشىغا كېلىپ «قىزىق سامسا - ئەركەك قوينىڭ» دەپ ۋارقىراۋېرىپتۇ. ھوشۇقتا مۇكچىيىشكەن قىمارۋازلار سامسىپەزدىن بىزار بولۇپ ئۇنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن ماڭ - بېرىپ سامساڭنى سۇغا چىلاپ كەل، دېسە سامسىپەزمۇ دەرھاللا يېنىدىكى ئېرىقتا ئېقىۋاتقان لاي سۇغا سامسىنى سېۋىتى بىلەن چىلاپلا كۆتۈرۈپ كەپتىكەن قىمارۋازلار مەرد كەلگەنلىكتىن غىڭ قىلماي ھېلىقى بىر سېۋەت سامسىنى يەپ پۇلىنى تولىۋېتىپتىكەن. مانا قىزىق سامسىنى سۇغا چىلاش ئادىتى شۇنىڭدىن قاپتىكەن. . .

شۇ پاراڭ بىلەن بىز سامسا يەپ كوچىغا چىققاندا، — ئادەملەرمۇ شۇنداق قاملاشمىغان پاراڭنى قىلىدۇ. بىراق سىلىمۇ خېلى كەلتۈرۈپ قويلا، — دېدىم مەن. ئۇ ئادەم چىشىنى كولاپ كېتىۋېتىپ، — ئادەم دېگەن ھەممىنى دەيدۇ شۇڭا ئېغىز دەرۋازا، سۆز شامال دەيدۇ، دېسە ئۆز ئاغزى ھېچ گەپ يوق. ئىشچىلارنىڭ شۇنداق گەپلىرىگە مەنمۇ ئامراق، ئۇلار ئۆز گەپلىرىنى، چاقچاقلىرىنى ماڭا دېمەي كىمگە دەيدۇ، قايسى بىر يەردە مەسىلە پاش قىلغاندا مۇشۇنداق گەپلەر چۈشۈپتىكەن. بۇنى

يەنە تەكتىلىسە تەكتىلىمەمدۇ ھەقىقەت ئېگىلمەدۇ سۇنمايدۇ، - دېدى. بۇ گەپلەردىن ۋارىسجان ئاكىنىڭ مەسىلىگە نىسبەتەن قارىشى - كۆكسىنىڭ نەقەدەر كەڭ، تەمكىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغاندىم.

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ ۋارىسجان ئاكىنىڭ يەنە «شۆشى بەن» گە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي بىر كۈنى يەنە سىرتتا ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز بىردەم پاراڭلاشتۇق، ئاخىرى ئۇ، - جۇرسىلە ئۆيگە كىرەيلى، - دېدى. مەن بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى قىيماي ئۆيگە كىرسەم، بىر ئۆي غىچ ياغاچ ھەم رەندە يوزىكى بىلەن توشۇپتۇ. ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر رەندە جوزىسى ئۈستىدە قالايمىقان تاشلاقلىق، پۈتمىگەن قوپال بىر تومپۇچكا بىلەن يوناپ خۇددى ئوغرىنىڭ چوقاتمىقىدەك شەكىلگە كەلتۈرۈپ قويغان راۋابنىڭ دەستىسىمۇ تاشلاقلىق تۇراتتى.

-- مۇنداقمۇ ھۈنەر بار ئىكەندە، - دېدىم مەن. ئۇ ئادەم قىزىقچىلىق قىلىپ، - بۇرۇن جۇيجاڭ بوپتۇق، ئەمدى موجاڭ بوپ تۇرايلى دېدۇق، - دەپ ياسىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ سۆزلىگەن يېتى چىقىپ كېتىپ بىرلىگەندە بىر ئىككى تال قىزا، پارچە- پۇرات نان قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكىرىپ قويۇپ يوزەكنىڭ ئارىسىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى چىقاردى. بىز يوزەك ئۈستىدىلا ئولتۇرۇپ قىرلىق ئىستاكان ئىككى ئايلانغىچە گەپ مايتاغدىن نېرى كەتمىدى. شۇ چاغدا مەن، - مايتاغدا سىلىنى كېسەك ئىشلەتمەي ئۆي سېلىشنىڭ پىرى دېيىشىدىكەن راستمۇ؟- دېدىم.

- ئۇنداق ئەمەس، - دېدى ۋارىسجان ئاكا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، - بىر مەزگىل قۇرۇلۇشقا مەسئۇل چاغلىرىم ئۆي ھەم ئىشخانا قىس، ئىش جىددى، ئادەم ئاز ئىدى. قۇرۇلۇشقا كېسەك يېتىشمىسە ۋاقىت بىكار كېتىدىغان ئەھۋاللار دائىم بولۇپ تۇراتتى. مەن ئاشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، تام ئېگىزلىكىگەنچە كېسەككە قۇيىدىغان لايىنى تېخىمۇ كۆپ قېلىنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇيتتىم. بۇنىڭدىكى شەرت لايىنى قاتتىقراق ئېتىش لازىم بولاتتى. بۇنداق بولغاندا قويۇق قېلىن لايمۇ ئۆزىنى تۇتالايتتى. كېسەكمۇ سەل قاتتىقراق بېسىپ قويۇلسا ئېقىپ چۈشۈپ كەتمەيتتى. نەتىجىدە 50 قۇر كېسەك كېتىدىغان تامنى 30 قۇر بىلەنلا پۈتتۈرۈۋېتىپ كېسەك يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ئاشۇنداق ھەل قىلاتتۇق، ۋاقىتمۇ تېجەيتتۇق. مۇنداق تامنىڭ كاكىل لېيىمۇ قالتىس ياخشى ئىشلەنگەچكە تام قات- قېتىدىن ھېلىقى لاي بىلەن ئۆزلىشىپ چۆيۈندەك چىڭىپ كېتەتتى . . . ۋارىسجان ئاكىنىڭ پارىڭىدىن كېيىن بىز ئۆز ئارا شېئىر ئوقۇشتۇق. پاراق يەنە ئۆي ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىق ئۈستىگە كەلگەندە، - سىلە ئانچە كىچىك ئادەم ئەمەس، ئۆيدىكى ياغاچ- تاشنى تازىلاپ ئۆيىنىمۇ ئۆزىمىزگە مۇناسىپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ ئولتۇرايلى، - دېدىم. ئۇ بىر تۇتام يوزەكنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرۇپ، - مەن ئۆرتەپ كۆيدۈرۈۋاتقان بىر گاس قازان. قازان دېگەنگە مۇشۇنداق يوزەكلەرنى تۇتۇرۇق قىلىپ تازا ئۆرتەپ قاسراقلىرىنى كۆيدۈرۈپ توگەتكەندە ئۇ يېڭى ھەم يەڭگىل قازانغا ئايلىنىدۇ، - دېدى. مەن بۇ كىشىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدىم.

-- قانداق توغرا ئەمەسمۇ؟

-- مەنتىقى جەھەتتىن توغرا ئەمەس. چۈنكى قازان جانسىز، ئادەم جانلىق نەرسە، ماقۇل ئوخشىتىشقىمۇ بولسۇن. بىراق قازان ماھىيەتتىن قارا، ئادەم ئۇنداق ئەمەس. دېگەنلىرى مۇبالىغە، - دېدىم. ئۇ «ياق» دېگەندەك باش چايقىدى.

-- قازان دېگەننى ئورتەپ ئىشلىتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك مەنمۇ ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ئوت يالقۇنىدا قانچە كۆپ ئۆرتەلسەم شۇنچە ياخشى يېڭىلىنىپ چىقىمەن. مەن بۇنىڭدىن ئۆكۈنمەيمەن. بۇ سۆزنى ھەممە يەردە دېدىم. - دېسىمۇ مەن ئۆز پىكرىمنى ساقلاپ قېلىۋاتاتتىم. ئۇ ئادەممۇ ئۆز پىكرىنى ھەر جەھەتتىن ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى. بىزنىڭ «قازان» ھەققىدىكى تالاش - تارتىشىمىز

قىزىپ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇ، - بىراق مېنىڭ ئازابلىنىپ ئۆكۈنىدىغانلىرىم، مەن تۇتۇلسام، ئەتراپىمدىكى ھەممىسى قاچىدۇ، باشقا ۋاقىتتا يەنە ئاستا كېلىشىدۇ. بىرسى: ئەپەندىم ئاغىنىڭىز قانچىگە يېتىدۇ؟ دېسە، ئاغىنەمنىڭ قانچىلىكىنى ھازىر بىلمەيمەن، ئەڭ ياخشىسى ئاغىنىلىرىمنى مەن مەنسەپتىن چۈشكەندە ساناي» دەپتىكەن. مەن بۇ گەپنىڭ مەنىسىگە ئەمدى يېتىۋاتىمەن. ئادەم جەمئىيەتتە ياشايدۇ، خۇشۇسەن مەن ئادەم خۇمار، خاتالىقىم بولسا كۆرسىتىپ بېرىپ ياخشى ئۆتسەك بولىدىغۇ. بولدى باشقا گەپنى قىلاي،- دېدى ئۇقۇل سىلكىپ، بىزنىڭ گېپىمىز يەنىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسىلىسىگە كېلىپ توختىغاندا ئۇ ئادەم ماڭا: - ھەۋەسكار مەن دەپ تورنۇەرمەي چولڭ-چولڭ نەرسىلەرنى يازايلى. مېنىڭچە تۇنجى جاسارىتىمىز كەيپو (ئېچىش) بولۇش كېرەك. بىزنىڭ تېلىكىنىڭ ئىگىلىك تىكلىگۈچىلىرى تورۇقلۇق ئۆزىمىز يازماي كېيىن باشقىلار كېلىپ يېزىپ كەتسە ئوسال بولۇپ قالىسىلەر، رىقابەت ئىدىيىمىزنى سەل كۈچەيتەيلى. . . قىنى شېئىر ئوقۇيمىز، - ۋارىسجان ئاكا سەل قىزىپ قالغان بولۇپ سائەتمۇ 9 دىن ئاشقان ئىدى. مەن ئۇزاپ ئىشىك ئالدىغا چىقسام دېرىزىنىڭ سىرتىدا چاپىنىغا پۈركەنگەن نامەلۇم بىر قارا گەۋدە شاپۇر - شۇپۇر قارىياغاچنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ غايىپ بولدى. ئەتىسى ئىشقا كەلسەم جىنەندۈيدىكىلەر مېنى چاقىرتىپ كېلىپ مەسىلە تاپشۇرتۇش ئۈچۈن «شۆشى بەن» گە ئەكىرىپ قاماپ قويىدى. ئۇلار ھەر ئىككى سائەتتە بىر كىرىپ: «ئېيت، ۋارىس ساڭا نېمە تاپشۇرۇق بەردى؟ ساڭا تېلېفون بېرىشتىكى سەۋەب نېمە؟ سەن زادى قاچان تونۇشقان؟» دېگەندەك سوراق - سوئاللار ئىدى. بىراق قىستاپ سوراق قىلىشلار، دوق قىلىپ قورال تەڭلەشلەر ھېچ ئۈنۈم بەرمەي ئەتىسى «ھېچ كىشىگە تىنماسلىق» شەرتى بىلەن «ئوقۇشماسلىقتىن كۆڭۈل قويۇپ» چىقىرىۋەتتى. شۇ چاغدا نەدىن ئاڭلىغان بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ بىر يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن شۇ چاغدىكى كىچىككىنە پىگاڭ ئۆيىمىزگە چوڭ گەۋدىسى بىلەن ۋارىسجان ئاكا پۇشۇلداپ كىرىپ كېلىپ، -- مېنىڭ كاشىلامدىن سەل خاپىلىق تارتىپتۇ دەپ كۆڭۈل سوراپ كەلدىم، - دېگەنىدى، - ھېچ گەپ يوق ۋارىسجان ئاكا، كېتەي دېسەم مۇشۇ كېيىنكى ئىستاكان تۈگىسۇن دېمىگەن بولسىلا ماڭا شۇ ئىش يوق، - دېدىم سەل چاقچاق ئارىلاش.

- بوپتۇ ھەۋەسكار يازغۇچى دېگەن ئۇنچىلىك تورمۇش كۆرمىسە بولامدۇ، - دېدى ئۇ،- ھەر چولڭ يازغۇچىلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلەرنى يارىتالىشى ئەنە شۇنداق تورمۇش كۆرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. مۇنداق ئويلىسام تېخى سىلە ئۈچۈن مەن خىزمەت كۆرسىتىپتىمەن، - دېدى ئۇ ئاستىرتتىن چاقچاق قىلىپ. مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن، - شۇنداق ئىلتىپاتلىرى بولسا يەنە تەييارمەن، - دېدىم. ئۇ ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرىغا قارىغان بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

مەن ۋارىسجان ئاكا بىلەن شۇ كۆرۈشكەنچە يىراقتىن سالام - سائەت قىلىشىپ يۈرگەن بولساقمۇ خېلى يىللار بۇنداق ئۇچرىشالمىدۇق. چۈنكى بۇ چاغ ۋەزىيەت تېخىمۇ سۇزۇلۇپ، خاتا، يالغان، ناھەق، ئۆۋال ئەنزىلەر ئۈزۈل - كېسىل بىر تەرەپ قىلىنىپ ۋارىسجان ئاكىمۇ ئاللا بۇرۇن ئۆز خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كېلىپ تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەن. 1983 - يىللىرى يازغۇچى ئەخەت تۇردى قارامايدىكى ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىغا كەلدى. بۇ چاغدا مەن خېلى بۇرۇنلا نېفىت گېزىتى ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن بولۇپ بۇ پائالىيەتنى گېزىتخانىنىڭ ئەدەبىيات بېتى ھەۋەسكارلىرى نامىدىن ئويۇشتۇرماقچى بولۇپ، ئۇقتۇرۇش قىلغان ئادەملەرنى گېزىتخانا بىناسىنىڭ 4 - قەۋەت مەجلىسخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردۇق. شۇ چاغدا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ۋارىسجان ئاكا دەرھال بۇ يەرگە چىقىپ ماڭا مۇنداق دېدى، - مۇنداق يىغىننى شۇنچە ئاز ئادەم بىلەن مۇنداقلا رەسمىيەت خاراكتېرىدە ئېچىپ قويساق بولمايدۇ. بۇ پائالىيەتكە ياخشىراق داغدۇغا پەيدا قىلىپ دائىرىسىنى قانچە كېڭەيتسەك بولۇڭ - پۇشقاقتا قالغان ھەۋەسكارلىرىمىز تولۇق قاتنىشالايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئالىدىغان مەنپەئەتىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، - دېدى. نەتىجىدە بۇرۇنقى مەدەنىيەت يۇرتىغا تېلېفون بېرىپ بۇ پائالىيەتنى ئۆزى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭدىن مەن ۋارىسجان ئاكىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ۋارىسجان ئاكا بىلەن نىگانى بىر ئۇچرىشىپ قالسام ئېلان قىلىنغان ھېكايىلىرىمنى ئوقۇغانلىقى ھەققىدە بەزى پىكىرلىرىنى بېرىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى ئۇ مېھمانخانىدىكى ياتىقىغا چاقىرتىپتۇ. كىرسەم، - چوڭراق نەرسە يېزىلىۋاتامدۇ؟ - دەپ سورىدى. قارىغاندا نەچچە يىللار بۇرۇنقى تەشەببۇسلىرىنى ئۇنتۇمىغاندەك قىلاتتى.

-- دۇنيادىكى ھەممە يېڭىلىقلار، - دېدى ئۇ، - يازغۇچىلارنىڭ قەلىمى ئارقىلىق تونۇلىدۇ. مايتاغ ھەم قاراماي نېفىتلىكىنىڭ تۇنجى قېتىم ئېچىلىشى ئاز سانلىق ھەر مىللەت نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ يۈكسەك پائالىيەتچانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. بىز شۇ قۇرغۇچىلارنىڭ بىرسى ھەم قەلەم پەرۋانىسى، ئۇنى بىز يازمىساق باشقىلار بۇ تارىخنى توغرا ئىپادىلىيەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ توغرا ئىپادىلەنمەيۋاتقان ئىشلار بارغۇ. . . ئۇ خېلى كۆپ سۆزلەپ كېلىپ، - ئىجادىيەت ئىشى شەرەپلىك ھەم مۇشەققەتلىك، تىرىشىپ چوڭراق بىرەر ئەسەرگە تۇتۇش قىلايلى، - دېدى ئۇ ئىشكاپتىن چوڭ بىر خىزمەت سومكىسىنى ئېلىپ،- بۇ مېنىڭ سىلىگە شەخسەن ئۆز نامىمدىن رىغبەتلەندۈرۈش يادنامىسى بولۇپ قالسۇن، - دەپ ئۇ سومكىنى ماڭا ئۇزاتتى. گەرچە ئۇ ئاددى بىر سومكا بولسىمۇ ئەلۋەتتە ئۇ ئاشۇ يىللاردىكى ئىجادىيەت قىزغىنلىقى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئۆتكەن دىلكەشلىكنىڭ يادنامىسى ئىدى.

مەن شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ۋارىسجان ئاكا بىلەن ئۇچراشساملا ئۇ مېنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىمنى سوراپ تۇراتتى. بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى يەڭگىللىك بىلەن ئېلىنغان ئاتالغۇ ۋە ئوخشىتىشلىرى ھەققىدىمۇ ئۆز پىكرىنى ئىزھار قىلاتتى.

1992 - يىل ئاپرېلنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنلىرى مەن خىزمەت بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتىم، قارشى تەرەپتىن كەلگەن كىچىك ماشىنا يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ توختىغاندەك قىلدى، دىققەت قىلماپتىمەن. بىرسى توۋلىدى، قارىسام ۋارىسجان ئاكا ئىكەن. ئۇ مەنىلىك قىلىپ، - ھە تۇرمۇش ئۆگىنىشكە باراملا، - دېدى. مەنمۇ بۇ گەپنىڭ مەنىسىگە دەرھال چۈشىنىپ، - شاپائەتلىرىدە مۇنداق تۇرمۇشنى بىر قېتىم ئۆگەنگەن، شۇمۇ ئۆمۈرلۈك ئىشىمغا يېتەر، رەھمەت، - دەپ كۈلدۈم.

-- ھە بۇچاقچاق،- دېدى ئۇ، - ئەمدى راست گەپ قىلاي، مەن پوسكامغا ماڭدىم. سىلىنى مۇنداق بىر ئايلاندۇرۇپ كېلەي. بۇراستلا بىر قېتىملىق ئۆگىنىش مەزگىلى بولىدۇ، - دەۋاتاتتى. مۇنچە ئىلتىپاتقا نائىل بولغىدەك بۇ زادى كىمدۇ دېگەندەك سالاپەتلىك بىر كىشى ماشىنا كۆزنىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ بېشىمدىن ئايغىمغا تازا سىنچىلاپ قارىدى. ۋارىسجان ئاكا بۇ قاراشقا ئىزاھات بېرىپ، - بۇ نېفىت گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ھەم ئانچە - مۇنچە ئەدەبىي نەرسىلەرنى يازىدۇ، مىجەزىمىزمۇ كېلىشىدۇ، - دەپ قويدى. مەن شۇنچىلىك كۆڭۈل سانىغانىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ خىزمىتىمگە ماڭدىم.

1995- يىل 11- ئاينىڭ 12 - كۈنى پەرزەنتىمنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۆتكەزمەكتە ئىدىم. ۋارىسجان ئاكا ماشىنىدىن چۈشۈپلا،- قىيىن چاغدا تونۇشقان ئىلپەتلەر توي قىپتۇ دەپ ئاڭلاپ پەتە قىلىپ كەلدىم، - دەپ كۆرۈشتى. كۆڭۈل ساناپ كەلگىنىگە تولىمۇ خۇشال بولدۇم. مەن ئۇ كىشى قايتىدىغان چاغدا، - بىزنى ئۇنتۇماي كەلگەنلىرىگە رەھمەت. خەير خوش، ۋارىسجان ئاكا، رەنجىمەي قايتىسىلا، - دېدىم. ئۇ جاۋابەن قول ئىشارىسى قىلدى. ماشىنا قوزغالدى. بۇ ئاخىرقى ئۇچرىشىش، مەڭگۈلۈك قايتىش بوپ قېلىشىنى ھېچ بىر ئويلىمىغان ئىدىم. ئارىدىن بىر ئايمۇ ئۆتمەي يېتىپ كەلگەن قايغۇلۇق شۇم خەۋەر پۈتۈن نېفىتلىكتى، زاماندىش قەلبلەرنى مۇسىبەت جىمىلىقىغا تاشلىدى.

ۋارىسجان ئاكا پۈتۈن ھاياتىنى نېفىتلىككە بېغىشلىغان، ھەر مىللەت نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ خۇشاللىقىغا تەنتەنە قىلىپ، قايغۇسىغا قايغۇرىدىغان، خىزمەتتە يۇقىرى ئىقتىدار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان، شەخسلەرگە كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان قابىل رەھبەر ئىدى.

ئۇ يازغۇچى قەلەمداشلارغا دىلكەشلىك، ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرىغا ھېسداشلىق قىلاتتى. ئەپسۇسكى ئۇ بىز بىلەن ۋىدالاشقان بولسىمۇ نېفىتلىك ئۇچۇن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلغان ئازكەم 50 يىللىق تارىخى ۋىدالاشمايدۇ، بەلكى مەڭگۈ ئەسلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۆمەرجان كېرىم

# سوۋادان تېرەك يىقىلدى

(بىئوگرافىك ئوچېرك)

1910- يىلى ئەتىياز، ئاتۇش. ئىزغىرىن شامالنىڭ نەشتىرى بەدەنگە تىكەندەك سانجىلاتتى. زەيدىن باينىڭ كارۋىنى يولغا چىقىش ئالدىدا ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى. يۈزدىن ئارتۇق ئاتقا يۈك ئارتىش بىلەن پايپېتەك بولۇۋاتقان كىشىلەر ئىچىدە ياش ئەر-خوتۇن تۇرداخۇن بىلەن سارىخانمۇ بار ئىدى. ئۇلار يول بويى كارۋانغا ياردەملىشىدىغان لېكىن ھەق ئالمايدىغان يېمەك-ئىچمىكىنى زەيدىن باي كۆتۈرىدىغان بولۇپ كېلىشتى. كارۋان يۈرۈپ كەتتى. ئاخىرقى مەنزىل ئۆزبېكىستاننىڭ ئوش دېگەن يېرى ئىدى. بۇنى كارۋان ئەھلى بىلىشەتتى.

تۇرداخۇن ئوشقا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئوشتا ماكانلىشىش قارارىغا كەلدى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە بۇ ئاقىلانە قارار ئىدى. ئون ئىككى باھار-قىش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كەتتى. ئەر-خوتۇن تۇرداخۇن بىلەن سارىخان ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئىگىلىكنى ئېزىغا سالدى. ئون ئۈچىنچى باھار يەنى 1923- يىلى 5- ئايدا بۇ ئائىلىدە بىر بوۋاق يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. تۇرداخۇن پۇت-قولى ئۇيۇشمىغان، قىقىراپ قاتتىق ئاۋازدا يىغلاۋاتقان بۇ بوۋاقتىن نېرى كېتەلمەي قالدى.

- ۋاي سارەك، بۇ ھەجەپ جىما. . .

-نېمە بولدى؟

-خۇدايا توۋا. ماۋۇ بالىنىڭ دادامغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشىغىنىنى ھە. . .

- شۇنداقمۇ؟

بوۋاق يەتتە كۈنلۈك بولدى. تۇرداخۇننىڭ ھويلىسىغا مەھەللىنىڭ جامائەتلىرى يىغىلىشتى. بۇ يىغىلىش ئەلۋەتتە بوۋاققا ئات قويۇش ئۈچۈن ئىدى.

- ئېتى نېمە بولىدۇ؟ نېمە دەپ ئات قويىمىز؟

- ئېتى ۋارىس بولسۇن، -تۇرداخۇن ئالدىراپ جاۋاب بەردى.

-ۋارىسجان بولسۇن، -ئاياللار چۇقىراشتى. شۇنداق قىلىپ بوۋاققا چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى قويۇلدى. ۋارىسجان تۆت ياشقا كىرىپلا دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىپ قولىغا كەتمەن ئارا ئالاتتى ۋە ئېغىلدىكى مال-ۋارانغا قارىشىش ئۈچۈن كۈن بويى ئالدىراپ يۈرگىنى يۈرگەن ئىدى. قوشنا-خولۇملار: «بولىدىغان بالا پوقىدىن» دەپ پاراڭ قىلىشاتتى. 1932- يىلى ئەتىياز. تۇرداخۇن بىلەن سارىخاننىڭ 22 يىل ئۆمرى ياقا يۇرتتا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. ئەر-خوتۇن خالى قالسىلا ئانا يۇرت ئاتۇشقا كېتىشنى مەسلىھەتلىشەتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ۋارىسجان خۇشاللىقىدىن قېنى-قېنىغا پاتماي كەتتى. گۇدەككە ئاتا-بوۋىسى ياشىغان يىراقتىكى ئۇ زېمىن بۇ يەردىن كۆپ ياخشىدەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇلار يەنىلا كارۋانلارغا ئەگىشىپ مېڭىشى زۆرۈر ئىدى، شۇڭا ئېلىم -بېرىم ئىشلىرى تاماملانمىغان تۇرداخۇن ئىشلىرى پۈتكەندە سارىخان بولسا، چۆجىدەك ئوششاقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىشى كېرەك ئىدى.

ۋارىسجان بۇ ئۇزۇن سەپەردە كۆپنى كۆردى. تاغۇ- تاش، دەريا-ئۆستەڭ ئۇنى روھلاندۇردى. ئۇلار تىنچ-ئامان ئاتۇشقا يېتىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. لېكىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتكىنىگە قارىماي

تۆرداخۇننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ۋارىسجان پات-پات «دادامنى كۆرگۈم كەلدى» دەپ قويىاتتى. دىمىسىمۇ دادىسىز ئۆي تازا ئاۋاتلاشمىدى. ئىگىلىك يالغۇز سارىخانغا تايىنىپ قالغانلىقتىن ئىلگىرى باسالمىدى. شۇ ئەسنادا چېگىرا تاقىلىپ بېرىش-كېلىش چورت ئۈزۈلدى. سارىخان چىشىنى چىشلەپ ۋارىسجاننى مەكتەپكە بەردى. ۋارىسجان تىرىشىپ ياخشى ئوقىدى. تۆرداخۇننىڭ تېز ئارىدا ئاتۇشقا كېلەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن شېرەم تۇغقانلاردىن بىرى ئۇلارغا مىراس قالغان ئۆيدىن كۆچسەن، باغقا يولۇمايسەن دەپ ئەمىر قىلدى. بۇ قىپ-قىزىل مۇتىھەملىك ئىدى. جامائەت گۇۋاھلىق بېرىپمۇ، باشقا ئۇرۇق تۇغقانلار مۇرەسسە قىلىپمۇ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلالمىدى. ئەينى چاغدا ئەل ئىچىدىكى داۋا-دەستۇرنى مەھمۇت سىلىڭ سوراتتى. ئەرز يېزىلىپ پۈتتى. ئەمدى بۇ ئەرزنى كىم مەھمۇت سىلىڭغا سۇنىدۇ دېگەن تالاش-تارتىش ئۇزۇن داۋام قىلدى. كۆپچىلىك خۇددى مەسلىھەتلىشىپ ئالغاندەك ھەممىسى بىردەك ۋارىسجانغا قارىدى.

- بولدى. ئەرزنى مەن مەھمۇت سىلىڭغا سۇنىمەن،- سارىخاننىڭ كېچە-كۈندۈز ياش تۆكۈپ يۈرىشى گويادەك ۋارىسجانغا مۇشۇ قەتئىي ئىرادىنى بەخش ئەتكەن ئىدى. كۈتكەن پەيت كەلدى. مەھمۇت سىلىڭ ئۆز مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن مەشق مەيدانىدىن قايتقان ئىدى. سېمىز، كۈچلۈك ئاتلار تېزگىن سېرىپ كېلەتتى. ئاتلىقلارغا يول تار كەلگەن ئىدى. ۋارىسجان كىرىپتىن ئايرىلغان ئوقتەك كېلىۋاتقان ئاتلىقلارغا ئۆزىنى ئاتتى.

- ئەرزىم بار. مەھمۇت سىلىڭ ئاتامغا ئەرزىم بار،- ئاتلىقلار چېپىپمۇ توختىمىدى. بۇ تەساددىبىيلىقتىن ھودۇققان بالىمۇ توختاپ قالدى.

- بېرى كەل. يېقىن كەل بالام. ئەرزىڭ نېمە؟

مەھمۇت سىلىڭ تېزلا ئەرزگە تەستىق سالدى. ئاخىرى بۇ دەۋا قازى-كالانلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا بۇيرۇلدى. قەشقەر ئوردا ئالدى. جۈمە نامىزىدىن كېيىن قازى كالانلار يوغان سەللە ئورۇشۇپ ھەيۋەت بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. ئويناق-بۇياق چېپىشىپ يۈرگەن ئاتارمەن-چاپارمەنلەر بۇ سوراق سورۇننى تېخىمۇ سۈرلۈك قىلىۋەتكەن ئىدى. سارىخانغا ھېسداشلىق قىلىپ جان كۆيدۈرۈۋاتقانلار ئىككى قاسناق ئوڭ-سول تەرەپكە پاتماي قالغان ئىدى. قازىنىڭ ئۇدۇلى ئوچۇقچىلىق بولۇپ، بۇ يەردە سوراقتا تارتىلىشقا تېگىشلىك شەخس تۇرۇشى كېرەك ئىدى. قازى ئۆزىنىڭ شىردەك ئاۋازى بىلەن يۈرەكلەرنى تىترىتىپ جاۋابكارلارنى چاقىردى.

- سەن مەزلۇمە سارىخاننىڭ ئۆي-زېمىننى، باغ-ۋارىننى مېنىڭ دەيسەن. ۋاھالەنكى سارىخاننىڭ قولىدا رىسىدىكى (سوۋېت ئىتتىپاقىنى دېمەكچى, تۆرداخۇننىڭ دەلىل ئىسپات كۆرسىتىپ ئەۋەتكەن ھۆججىتى بار، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

- ئۇ ئويدۇرما. ناۋادا تۆرداخۇن ھەقدا بولسىدى، ھەرگىز دەۋا قىلمىغان بولاتتى.

- خوش شۇنداقمۇ بولسۇن. ئەمما ئەھلى-مەھەللە جامائەت ئۆي-زېمىن، باغ-ۋاران سارىخانغا خاس دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

- سارىخان ئۇلارغا نەچچە رەت زىياپەت بەرگەن. ئۇلارنىڭ ئاغزىنى مايلىغان. شۇڭا ھەق ھەقىقەتتىن كۆز يۇمدى،- ئىككى قاسناقتىكى ئالىمان تەۋرەپ كەتتى.

- يائاللا. ماۋۇ تۆھمەتنى، سارىخان سېرىق تال ئاران-ئاران كۈن ئېلىۋاتقان ئايال. . .

- خوش ئۇنداقتا مۇلۇكىنىڭ سېنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نېمە دەلىل بار؟

- خۇدايىم گۇۋاھ.

مەيداندا بارلىكى ئادەملەر خۇددى سېھىرلەپ قويغاندەك سۈكۈتكە چۆكتى. چىۋىننىڭ ئۇچقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ــ خوش، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلالامسەن؟
ــ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرەمەن. ــ كىشىلەرنىڭ ئىككى قولى ياقىسىدا ئىدى.
ــ تو ۋا ماۋۇ مۇناپىقنى، تۇز كورنى. . .
ــ مەنكى. . . شۇ توغرىلىق قەسەم بېرەمەنكى. . . قەسەم تېز ئاياغلاشتى.

سارىخان ئۇششاق بالىلىرى بىلەن تالادا قالدى. سارىخان ئۆز ۋۇندىن بىرى ئىلىغا كېتىشنى ئويلاپ يۈرگەن ئىدى. ئۇ ئېلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى ئاز نەرسىسىنى ئېلىپ قاتتىق-قۇرۇق تۇگۈرچىگىنى تۇگۇپ قالغىنىنى سورىغانلارغا بېرىپ ئىككى تونۇر نان ياقتى-دە، سەپەرگە تەق بولدى. «شۇنداق قىلىپ ھاياتلىق ئىزدەپ، بەخت ئىزدەپ ئىلىغا مېڭىپ كەتتۇق» (ۋارىسجان خاتىرىسى).

سەپەرچىلەرگە قارا ئەمەت يول باشلىدى. بۇ كىشى ئۆز ۋۇن يىللار مابەينىدە مۇز داۋان ئارقىلىق خەققە يول باشلاپ يۈرەتتى. سەپەرچىلەر ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزاتتى. ئەمما ھەق بەرمەيتتى. ئۇلكە ئىچىدە مۇز داۋاننىڭ يولىدەك خەتەرلىك ئىككىنچى بىر يول يوق ئىدى. شۇڭا كىشىلەر: «بىرىنچى قېتىم مۇز داۋاننى بېسىپ ئۆتكەن كىشى نادان، ئىككىنچى قېتىم ماڭغان كىشى ئەخمەق، ئۈچىنچى قېتىم ماڭغان كىشى ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق» دېيىشەتتى.

يولۇچىلار مارالبېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار كېلىپلا دوقمۇشتىكى بەستلىك ھوپپىگەرنىڭ هارۋا ھەيدىگەن بىر دېھقاننى ئۇرۇۋاتقاننىڭ ئۈستىگە چۈشتى. جېدەلگە قارا ئەمەت ئارىلاشتى.

ــ غوجام، بۇ بىچارە دېھقاننى نېمە ئۈچۈن ئۇرۇۋالا؟
ــ كۈرمەملا، دارىن جاناپلىرى يۈرتقا قايتقان ئىكەن. دوتەي يامۇلىدىن چاچاڭ قۇرۇپ قىزغىن ئۆزۇتۇپ قويۇڭلار دېگەن يارلىق بار. لېكىن بۇ يالاڭتۇش سۇ سېپىپ سۇپۇرگەن يەرگە ئېشەك تېزەكلىتىپ. . . ھوپپىگەر يەنە ئۇرۇشقا تەمشەلدى. قارا ئەمەت بۇ زومىگەرنىڭ ئالدىنى توستى.

ــ نېمە دەيسەن نېرى كەت.
ــ كەتمەيمەن. تېزەكنى تازىلىۋەتسەك بولمىدىمۇ؟
ــ سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما!
ــ ھەي خۇمسىي، تېخى قەشقەردىن يېتىپ كەلمىگەن قان ئىچەر دارىننى دەپ ئۆز قېرىندىشىڭنى ئۇرامسەن؟ ــ ھوپپىگەر گەپكە چىدىماي قارا ئەمەتنى مەيدىسىدىن قاتتىق ئىتتەردى. ھەر ئىككىلىسى ئۆچ-تۆت مېتىر چېكىنىپ تۇرۇشتى. قاتتىق ئېلىشىش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى ئىش بولۇپ قالدى.

ــ ئاڭلىمىدىم دېمە. سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما. ئاڭلاپ قوي، مەن خاس مۇشۇنداق ئىشقا ئارىلىشىدىغان بەندىمەن، ــ ھوپپىگەر غەزەپ بىلەن مۇش ئاتتى. قارا ئەمەتتىن بىر غېرىش ئېگىز كەلگەن بۇ زومىگەر ۋارىسجانغا كۈشتۈڭگۈر پالۋاندەك كۆرۈندى. دەسلەپكى زەربىنى قارا ئەمەت چۆكىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىگە تەككۈزمىدى. ھوپپىگەر ئۆز سالمىقى بىلەن پىقىراپ كەتتى. قارا ئەمەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ دىقماق قولى بىلەن ئۇنىڭ ئاچ بىقىنىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. مۇش ئېتىش، چۆكىۋېلىش، پىقىراش، ئارقىدىن بىقىنىغا زەربە بېرىش خېلىغىچە تەكرارلاندى. ئاخىرىدا ھوپپىگەر ھالسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ــ ماڭ! يولۇڭغا ماڭ! ــ ئۇ دېھقانغا غەزەپ بىلەن ھۆمايدى. جېدەل بېسىققان ئىدى.
ــ گاڭگۇڭ ئاداش، ــ سەن نەلىك؟
ــ قەشقەرلىك.
ــ بىر چېنە چاي قۇياي، داخىل بولغايسەن؟
ــ ياق، مەن قۇياي.

- سەۋەنلىك مېنىڭدىن ئۆتتى. مەن قويىمەن.

يەڭگۈچىنىڭ ئالدىغا يېڭىلگۈچى ھورى چىقىپ تۇرغان ئاش مانتا قويدى. ئىككىسى بىردەك ۋارىسجاننى يېنىغا چاقىرىۋېلىشتى. گۆدەك كۈچ-قۇدرىتىنى بىھۇدە ئىشقا سەرىپ قىلغان بۇ ئىككى ئەزىمەتكە دەم - دەم قارايتتى.

يول بويى قارا ئەمەت يولۇچىلارنىڭ ئەتىگەندە قانداق ۋاقىتتا تۇرىشى ، كەچتە قايسى مەنزىلگە يېتىپ قونۇش مەسىلىسىدە قاتتىق قوللۇق قىلدى. ئۇ دېگىنىنى قىلغۇزدى. ئەمدى مۇز داۋانغا يامىشىش كېرەك ئىدى. قارا ئەمەت مېڭىش تەرتىپىنى رەتكە سالدى. قارا ئەمەت ئۆزى باشلىغان يولۇچىلار شوتىغا ساق-سالامەت يېتىپ كەلگەندىلا ئېچىلىپ كۈلۈمسىرىدى.

سارىخان شوتىدا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، ھېرىقىپ كەتكەن بالىلىرىنى ئارام ئالغۇزدى. ئۇ چوڭى ئاچىسىغا، كېچىكى سىڭلىسىغا ۋە ئۆزىگە خۇددى چوڭ يىگىتتەك ياردەم قولىنى سۇنغان ۋارىسجانغا تويماي قارايتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە مۇز داۋان ئاشقان بۇ بالا قورامىغا يەتكەن چوڭ يىگىت بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. شوتىدا بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىشنى مەقسەت قىلغان يولۇچىلار بىر-بىرلەپ مېڭىپ كېتىشتى. سارىخانمۇ ئۈمىد قىلغان ھىماتىنىڭ ھىمايىسىگە تېزرەك بېرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ يەردىمۇ ئىش باشقىچە بولۇپ چىقتى. سېرىق تال كۈن ئېلىنىۋاتقان بۇ ئائىلە ھەر قانچە قىزغىن، ئوچۇق چىراي بولسىمۇ، ئۆيىگە ئارتۇقچە بىرمۇ ئادەمنى سىغدۇرالمايتتى. يېمەك-ئىچمىكمۇ كۈندىلىكى كۈنلۈك ئىدى. تۇزۇگرەك تۇرالغۇسى، يىگىدەك ئوزۇقى يوق سارىخاننىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ قاتتى.

ئاخىرى يەنىلا ۋارىسجاننىڭ مەسلىھەتى بىلەن ھەدىسى ھاللىق بىر ئائىلىگە ئۆي خىزمەتچىسى، ئۆزى ياغاچچىغا شاگىرت ، سارىخان كىچىك قىزى بىلەن بىراۋنىڭ كاتەكتەك ئۆيىدە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتى. ۋارىسجان ياغاچنى رەتلەپ تۇرگە ئايرىش، تېغ بىلەش، ھەرىگە چىش چىقىرىش، رەندە سېلىش، پوزەك سوپۇرۇشتىن ئىبارەت ئەملى دەرسىمۇ ۋە «ئىشنى قىلساڭ، پۇختا قىل خام قىلمىغىن، ئۇرسا سېنى ئاللا دېگىن غىڭ قىلمىغىن» دەيدىغان نەزەرىيە دەرسىنىمۇ تېز ئۆزلەشتۇردى. كارۋات، ساندۇق ۋە مالتاق ياساش دەسلەپتە خېلى سۇردى. لېكىن بارا-بارا ئىش ئاقساپ قالدى. ئىش ئىزدەپ يۇرت ئارىلاشقا توغرا كەلدى. بۇ چاغدا ئىلى ۋادىسىنى تىزدا قار قاپلىغان ئىدى.

- ئۇستام يا يولغا ئەتىگەنرەك چىقىمىدۇق يا بىز بىلەن مەنزىلگە بارغۇدەك بىرەر يول بىلىدىغان ھەمراھ تاپىمىدۇق. . . .

- قوي بۇ گېپىڭنى باريدىغان يېرىمىز يىراق ئەمەس، قوزا چۈش بولغىچە يېتىپ بارىمىز.

ۋاقىتسىز يولغا چىققان بۇ ئۇستا بىلەن شاگىرت گۈگۈم چۈشۈپ كەتكىنىگە قارىماي تېخىچە ئايدالادا كېتىۋاتاتتى. ئەتراپ تىمتاس، قار ئۇچقۇندايتتى. نە بىرەر كەپە، نە بىرەر ئادەمدىن دېرەك يوق ئىدى.

ۋارىسجان ئۆزلىرىنى ھالاك قىلغۇچى ۋە ھەممىنى سېزىپ يىغلاشقا باشلىدى. خەتەرلىك تۇيغۇسى ئاللا قاچان يۈرىكىنى مۇجۇشقا باشلىغان مەسئۇلىيەتسىز ئۇستىمۇ ئېسەدىمەكتە ئىدى.

«بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ گېپىگە» دېگەن ۋەسىيەتنى قۇلاققا ئالمىغان ئۇستا يەنىلا بىر ئامال تاپتى. ئىككىسى شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭدىن ئىككى يۈز مېتىردەك يىراققا بېرىپ سۇ يالىغان گىرۋەكنى قېزىشقا باشلىدى. بۇ يەرگە ئورەك قېزىپ، ئورۇپ باغلانغان چىغنى يوشۇرۇپ قويغان ئىدى. ئورەك تېز تازىلىنىپ چىغ بىلەن ئۈستى يېپىلدى. لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئۇستا بىلەن شاگىرت پاناھلانماقچى بولغان ئورەكنى ھېم قىلدى. «شۇ كۈنى خۇددى ئانامنىڭ

قورسقىدا ياتقانداك شۇنداق شىرىن ئۇخلاپ كېتىپتىمەن» (ۋارىسجان خاتىرىسى).

بالا-قازا ئەنسى باشلاندى. قوياش ئاق قارغا نۇر چېچىپ جۇلالاندۇرغان. ئۇ ئىككىسى بېشىغا ياستۇق ئورنىدا باسۇرۇپ قويغان ئۆتەكلىرىنى قولغا ئالدى. لېكىن ھەر قانچە قىلىپمۇ تونۇگۇن ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۆتۈكنىڭ قونچىنى ئاجرىتىپ، پۇت سايقىدەك ھالەتكە كەلتۈرەلمىدى. ئۆتۈكنى قولتۇقتا قىسىپ قار كېچىپ مېڭىشتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى. «ئادەم بىراۋنىڭ ياردىمىگە ئەمەس، ئۆز كاللىسىغا تايىنىش كېرەك، ھەر قانداق خۇشاللىقنىڭ بىر قايغۇسى، ئىمكانىيەتنىڭمۇ ئۆزگىچە خاس بىر كاشىلىسى بار». (ۋارىسجان خاتىرىسى) قونچىسى بىر-بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن ئۆتۈككە قاراپ يىغلاپ ئولتۇرۇۋېلىش پايدىسىز ئىدى.

-ۋارىسجان كەمزۇلىڭنى يەش.

-نېمە قىلماقچىسىز؟

-مەن چارە تاپتىم.

ۋارىسجان ئىككىلەنمەستىن چىبەرقۇت كەمزۇلىنى ئۈستىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئۇ كەمزۇلنىڭ ئىككى يېڭىنى سوكۇپ پۇتىغا كىيىۋالدى.

- ئۇستام، مەنچۇ؟

- ساڭمۇ ئامال بار.

ۋارىسجانغا چاپاننىڭ ئىككى پېشى تەگدى. ئىككىسى بارلىكى يىپ بىلەن پۇتلىرىنى پۇختا باغلىۋېلىشتى. ئۇلار مېڭىپ كەتتى. قار ئۈستىدە پەرەز قىلغىلى مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل ئىز قالدى. ئۇستا ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. لېكىن ۋارىسجان پۇتىغا باغلىغان چاپاننىڭ پېشى 500 قەدەم نېرىغا ماڭا-ماڭمايلا چۇۋۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئاساسەن يالاڭ ئاياغ قار دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىقنى كۆردى. ئاتلىقلار يېقىن كېلىپ ئالدى بىلەن قىزىرىپ كەتكەن ۋارىسجاننىڭ پۇتىغا قاراپ كۆكتەڭگىر ئۇستىگە① كۆكتەڭگىرنى ياغدۇرۇپ چۇقۇرۇشۇپ كەتتى ۋە ھەدېسىلا:- ئەن نىگى بىت چىكىن گوۋىيىن سەنجى ②- دېيىشەتتى. ئۇلار يەنە ئەتراپقا قارىشىۋېلىپ:- گىر ③، كۆكشىل ئەمگىن ④ ۋە خالۇن سا ⑤ - دېيىشەتتى. بۇ ئىككى شۇنچەدىر يولۇقتۇرغان موڭغۇل ئاتلىقلارنىڭ نىيىتى ياخشى بولۇپ يالاڭ ئاياغلارغا ياردەم قولىنى سۇنماقچى ئىدى. ئۇلار قازاق تىلىدا سۆزلەشكە باشلىدى:- سىلەر ئاۋۇ غولدىن ئۆتسەڭلار كىچىك بار سۇدىن ئۆتۈپ كۆن چىقىشقا بۇرۇلۇپ ماڭساڭلار بىر ئۆي بار، ئۇ ئۆيدە بىر موماي ئولتۇرىدۇ. شۇ يەرگە بېرىڭلار، بولمىسا سوغدا ئۈششۈپ قالىسىلەر، موماي ۋارىسجاننى كۆرۈپلا قولىنى پۇتىغا ئۇرۇپ ئاللا چوقان كۆتۈردى.

ئەكسىچە ئۇستىسىغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالمىدى.

موماي ۋارىسجاننى ئوتتىن يىراق ئولتۇرغۇزۇپ، تەڭلىدىكى قارغا پۇتىنى دەسسىتىپ ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. ئۆزۈن ئۆتمەي ۋارىسجاننىڭ پۇتى خۇددى يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىشقا باشلىدى. موماي ۋارىسجانغا ئىسسىق چاي ئىچۈردى. موماي ۋارىسجاننى بىر ھەپتە ياخشى كۈتۈپ، قۇرۇت، بوغۇرساق بېرىپ يولغا سالدى.

ئارىلىقتا ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. ياغاچچى ئۇستامغا ئىش يوق بولۇپ تىرىكچىلىك سوغا

①كۆكتەڭگىر-خۇدا، ئاللا دېگەن مەنىدە.
②. ئەن نىگى بىت چىكىن گوۋىيىن سەنجى-بۇ بىر كۆزدەك بالىكەنغۇ دېگەن مەنىدە.
③. گىر-ئۆي، گەپە دېگەن مەنىدە.
④ . كۆكشىل ئەمگىن-كەمپىر، موماي مەنىسىدە.
⑤ خالۇن سا-ئىسسىق چاي دېگەن مەنىدە.

چىلاشتى. ۋارىسجان ئۆزىگە پاناھ بولار دېگەن ئۈمىدتە ئاخىرقى بىر ئادەمنى ئىزدەپ كەتتى. بۇ كىشى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى فېرمىدا ئىشلەيتتى. ۋارىسجان ناتونۇش ئەمما بىر جەمەتتىن بولغان ئۇ كىشى بار ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا تۈن تەڭ بولغاندا كېلىپ، ئىشىك قاقتى.

– قايسىڭ سەن، يېرىم كېچىدە ئىشىك قاققان؟

– مەن ۋارىسجان.

– ۋارىسجان بولساڭ نېمە بوپتۇ، ئىشىك بولسا ئەتە كەل.

– مەن ئىبراھىم تۇردىنى ئىزدەيمەن.

– ئۇ خائىن. ئۇنى ھۆكۈمەت قولغا ئالغان. ئىزدىسەڭ ئۈرۈمچىگە بارمامسەن.

شۇ كۈندىن تارتىپ ۋارىسجان كىشىلەر ئىشىگىدە ھەق تالاشماي ئىشلەپ يۈردى. ئۇ ئىشىمىز بار دېسە ياردەملىشەتتى. ئىش سىلكىكەندە ئۆزلىگىدىن چېكىنەتتى. ۋارىسجاننىڭ يېقىن-يىراق مەھەللىدە ياخشى بالا دېگەن نامى تارقالدى. ئۇ مەھەللە ئاقساقاللىرىغا ئائىلە ئەھۋالىنى ئېيتىپ ئاپىسىنى كۆچۈرۈپ ئەكىلىۋالدى. ئۆزى بولسا نۇر ئەۋزىگە يىللىقچــــى بولۇپ ياللاندى. ئۇ ئېغىر-يەڭگىل ئىشلاردىن باشقا مال باقاتتى. مال بېقىشقا ئاندا-ساندا نۇر ئەۋزىنىڭ قىزى گۈلجەننەتمۇ بىرگە چىقاتتى. گۈلجەننەت ۋارىسجاندىن ئىككى ياش كىچىك لېكىن ئۇ ئىشچان، كۆچلۈك بولۇپ، بەك چاققان ئىدى. «بىز مالنى ئوتلاقتا ھەيدىۋېتىپ، چىملىقتا بېرىپ ئويناپتتۇق. گۈلجەننەت مېنى مۇشلىشىپ ئويناشقا تەكلىپ قىلاتتى. مەن ئۇنىمايتتىم. لېكىن قىز مېنى چېلىشىشقا زورلايتتى. سەللە بىخەستەلىك قىلسام، ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇراتتى. زىلۋا بويلۇق بىر قىزدىكى مۇنداق كۈچ، چەبدەسلىك مېنى ھەيران قالدۇردى» (ۋارىسجان خاتىرىسى)

شۇ يىلى كەچ كۈزدە سارىخان چوڭ قىزىنىڭ ياردىمى بىلەن كەلكۈن سۇزۇش ئۈچۈن دەرياغا كىردى. جاپاكەش بۇ مەزلۇمنىڭ ئېسىدى قورۇ-جاي سېلىۋېلىشتا ئىدى. ئۇلار بىر نەچچە تال لىم بىلەن ئۆيگە كەچ قايتتى. شۇندىن ئېتىبارەن ئانىنىڭ تېنى ئاجىزلىشىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە ۋارىسجان يىراقتا نۇرئەۋزىگە ياردەملىشىپ يۈرەتتى.

ئۇلار تېز قايتىشتى. ۋارىسجان ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

– قارا بالام، مېنىڭ ئاغرىپ قالغىنىمنى. . .

– ئاپا، سىز تېز ساقىيىسىز،- ئۇ ھەدىسىگە قارىدى.

–سوغ تېگىپتۇ. كىشىلەر شۇنداق دەيدۇ.

كىشىلەر كېسەلگە نېمە شىپا قىلىدۇ دېسە ۋارىسجان شۇنى تېپىپ كەلدى. نۇرئەۋزى ۋارىسجانغا ۋاقىت بەردى، خىراجەت بەردى. كىشىلەر ئاخىرىدا: «ھەسەل يېسە ساقىيىدۇ» دېيىشتى. ۋارىسجان رۇس مەھەللىسىگە قاراپ چاپتى. ئۇ مىڭ بىر مۇشەققەتتە ھەسەلنى ئېلىپ كەلگەندە ئاناجان ئۆزگەن ئىدى.

ۋارىسجان قاتتىق يىغلىدى. «دىل كۆيۈپ، كۆزىدىن تۆكۈلگەن دەردلىك ياش ئۆزگىدۇر» ۋارىسجان ھەسرەت بىلەن ئۇزاق يىغلىدى.

ئۇ تېرىكچىلىكنىڭ ئوبدانراق يولىنى ئىزدەپ ناھىيە-قورۇلۇش سىلىنىۋاتقان يىراققا يۈرۈپ كەتتى. ئەنە شۇ يەردە ئېغىر لىمنىڭ چوڭ بېشىنى كۆتۈرىمەن دەپ يامان كېسەلگە يولۇقتى. ئەمدى ئېغىر ئەمگەك قىلىۋېرىشقا بولمايتتى. «كۆپ ئويلىنىشتىن كېيىن ئاخىرى ئاشپەز بولۇشقا قارار قىلدىم. ئاشپەزلىك يەڭگىل ئىش ئىدى. شۇنداقلا قورساقنىمۇ غېمىدىن قۇتۇلاتتىم.» (ۋارىسجان خاتىرىسى). تۇڭگان ××× ۋارىسجاننى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلدى. بالىنىڭ پۇت - قولى يەڭگىل، زېھنى ئۆتكۈر ئىدى. ئەڭ مۇھىمى ئالدى -بەردىدە ساق، غەللىگە قول تەككۈزمەيتتى.

ئۈستىنىڭ بىر بولمايدىغان يېرى قىمارۋاز ئىدى. ئۇ پات-پات قىمار ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قېلىپ گۇمپاقتا يېتىپ قالاتتى. ۋارىسجان بولسا ھەرگىزمۇ ئاشپەزلىقنى توختاتمايتتى. ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ كىرىم - چىقىمنى ئىنچىكە ھېسابلاپ خاتىرىلەيتتى. ناۋادا ئاشپەزلىقا ئۈستىنى سولىغانلار ياكى ئۇلارنىڭ ئەل -ئاغىنىسى كىرىپ قالسا بۇيرۇتقان تاماق تۇرىنى چىقىرىشتىن باش تارتاتتى. «ئۇستام يوق. مەن بۇ خىل تائامنى ھەر قايسىلىرىگە يارىغۇدەك ئېتەلمەيمەن» دەپ ئۆزرە سورايتتى ۋە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۈستىسىنى قويغۇزۇۋېتەتتى. ۋارىسجان ئۈستىنىڭ بالىسىدەك بولۇپ كەتتى.

بىر يىل ئۆتتى. ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلىدى. ياش ۋارىسجان ئۆزىنى پىدائىيلار سېپىگە تىزىملاتتى. لېكىن دوختۇرلار ھېلىقى كېسەللى تۇپەيلى ئۇنىڭغا چەك قويدى. ئۇ قايتا -قايتا ئىزدەندى. ياخشى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ يالۋۇردى. ئاخىرى ۋاستە ئارقىلىق كومىنداتقا كىردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋارىسجان باشلىق بىرنەچچە جەڭچىگە مايتاغقا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى.

ئۇلار تۆتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ماشىقچى بولۇپ ماشىنىغا چىقىشتى. گازارمىدىكىلەر ئۇلارنى قىيالماسلىق ھېسسىياتى بىلەن ئۇزاتتى. كومىندادتىكى مۇلازىم جەڭچى گۈلبانۇ ۋارىسجانغا گۈلدەستە تۇتتى. ماشىنا قوزغالدى «خوش، خەير خوش » دېگەن ئاۋاز ئەتراپنى جاراڭلاتتى. ۋارىسجان جىگىنىڭ قارىسىنى ئالغاندا ئاندىن گۈلدەستىنىڭ ئوتتۇرىغا قىستۇرۇلغان خەتنى كۆردى. بۇ خەتتە تارتىنچاق قىز ساددا تىلدا ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلغان ئىدى. ۋارىسجان خەتنى ئوقۇپ بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇش بولدى «مەن 45-يىلى كۈزدىلا ئۆيلىنىش خىيالىدا بولغان ئىدىم. ياخشىلار ماڭا ئىككى قىزنى ئارقا - ئارقىدىن تونۇشتۇردى. ئەپسۇس مەلۇم سەۋەب بىلەن بۇ ئىش ۋۇجۇتقا چىقمىدى. گۈلبانۇ بولسا مەن تونۇشقان ئۈچىنچى قىز ئىدى » (ۋارىسجان خاتىرىسى) مايتاغنىڭ ئەلمى -تەلمىنى ئېلىش ۋارىسجانغا قىيىنغا توختىمىدى. ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى تېز تونۇپ يەتتى. شۇنداقلا شىخولۇق رەخمەتجان ياسىنوۋ بىلەن يېقىن دوستلاشتى. ئۇ رەخمەتجانغاگۈلبانۇ ھەققىدە سۆزلەپ بەردى ۋە قىزنىڭ خېتىنى كۆرسەتتى. ئىككىسى با مەسلىھەت بىلەن گۈلبانۇغا خەت يازدى. رەخمەتجاننىڭ خېتى چىرايلىق، سۆزى مەزمۇنلۇق ئىدى. خەتتە توي قىلىش تەكلىۋى بار ئىدى. خەتنى نۇرمۇھەممەت ئېلىپ كەتتى.

شۇ يىلى كۈزدە، مايتاغ رەھبەرلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ توي قىلىۋېلىش ئۈچۈن ۋارىسجان غۇلجىغا زور ئۈمىد بىلەن مېڭىپ كەتتى. ئۇ كەلگەن كۈنىلا گۈلبانۇنى ئۇچراتتى. قىزنىڭ رەڭگى ئۆڭۈك بولۇپ ۋارىسجانغا قارىمىدى. كەچتە ۋارىسجان كىنوخانىدا گۈلبانۇ بىلەن نۇرمۇھەممەتنىڭ پاتىروشكىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. ۋارىسجاننى تىگى -تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان خىيال ۋەيران قىلماقتا ئىدى. ئۇ زورىغا ئۆزىنى تۇتىۋالدى.

- سەن نۇرمۇھەممەتتىن گۈلبانۇغا خەت ئەۋەتكەنمۇ؟- ئىلگىرى كومىنداتتا بىللە تۇرغان جەڭچى سورىدى.

- شۇنداق، ئەۋەتكەنمەن.

- سېنىڭ خېتىڭ قىزغا تاپشۇرۇلمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئورنىغا قىزنى ھاقارەتلەپ، غورۇرىغا تېگىدىغان ساختا خەت يېزىلىپ تۇتقۇزۇلدى،- ۋارىسجاننىڭ مېڭىسىدىن كىرگەن تۇتۇن تاپىنىدىن چىقتى. لېكىن ئۆتكەن ئىشنى ئەمدى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋاپاسىزتۇلكە نۇرمۇھەممەتنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئېشىپ، ئۇ غالىپ كەلگەن ئىدى.

ۋارىسجان ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا مېڭىپ كەتتى. مەھەللىدە كىشىلەر ۋارىسجاننى

كۆلۈشۈپمۇ، كۆز يېشى قىلىشىپمۇ قارشى ئالدى. ئۇ سالام بېرىش ئۈچۈن نۇر ئەۋزىنىڭ ئۆيىگە باردى.

- پاھ، پاھ. ھەي ماۋۇ مېھمانغا قارا. قارا كەلگەن كىم؟ - نۇرئەۋزى خۇشاللىقىنى باسالمىدى.

ئەنمۇ ئېگىز بوي، ھەربى فورما كەيگەن، سۇمباتلىق ۋارىسجانغا تويماي قارىدى. بىر قۇچاق يېرىلغان قارىغاي يىرىندىسىنى كۆتىرىپ گۈلجەننەت كىرىپ كەلدى. قىز ھەدىگەندە ۋارىسجاننى تونىيالمىدى. ۋارىسجان كۈلۈمسىرىدى. قىز ھەيران قالدى. ئۇ بىردە دادىسىغا ئارقىدىن ئانىسىغا ۋە ۋارىسجانغا قارىدى. يەنە دادىسىغا، ئانىسىغا قارىدى ۋە ئارقىدىن «ۋارىسجان» دەپ توۋلىۋەتتى. شوخ، دېگىنىنى قىلىدىغان قىز ئىككى سەكرەپ ۋارىسجاننىڭ ئالدىغا باردى -دە، ئوڭ قولى بىلەن يىگىتنىڭ سول مەيدىسىگە بىرنى سالدى. ئانىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. نۇرئەۋزى كۈلدى.

- ئاپا قارا، ۋارىسجان كەپتۇ. بىر بالداق تۆت توچكا دېمەك كاپىتان. ۋارىسجان كاپىتان بوپتۇ. جۇرە چېملىققا بېرىپ چېلىشىمىز. سەن كاپىتاننى بۈگۈن يەنە يېقىتىمەن...

ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. قىز ئوڭايسىزلاندى. ۋارىسجانمۇ، گۈلجەننەتمۇ چوڭ بوپ قالغان ئىدى. گۈلجەننەت بۇنى بىردىن ھېس قىلدى. ئەتىسى ۋارىسجان نۇرئەۋزىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزدى. ئۇلار قىزنى بەرمەيمىز دېمىدى. لېكىن شەرت قويدى. شەرت بويىچە ۋارىسجان خىزمىتىنى تاشلاپ قايتىپ كېلىشى، ئىگىلىكنى ئۆز قولىغا ئېلىشى كېرەك ئىدى. ۋارىسجان شەرتنى قوبۇل قىلمىدى. «مۇشۇ ئىش ئۆتۈپ ئون نەچچە كۈن بولغاندا مەن غۇلجىدا گۈلجەننەتنىڭ يېقىن دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: گۈلجەننەت ۋارىسجاننىڭ ئەلچى كىرگۈزگەنلىكىنى كېيىن ئاڭلاپتۇ. ۋارىسجاننىڭ بۇ يەرگە كەلگىسى كەلمىسە مەيلى ئەمەسمۇ؟ مەن مايتاغقا بېرىۋېتەتتىم. ئۇ سارالڭ ماڭا ئەلچى كىرگۈزمەي مەن بىلەن كۆرۈشمەي كېتىپ قاپتۇ دەپ بىر ھەپتە كارۋاتتا دۈم يېتىپ يىغلاپتۇ.» (ۋارىسجان خاتىرىسى)

ۋارىسجاننىڭ ئۆيلۈنۈشكە كەلگەنلىكىنى بىلگەن بىر كاززاپ ساددا يىگىتكە مەسلىھەت بەردى. ئۇ قىزنى سىرتتىن كۆردى، خۇسۇسىيىتىنى يېقىندىن ئاڭلىدى. ۋارىسجان قوشۇلدى. توي ھەپتە كېيىن بولىدىغان بولدى.

ئەتىسى ئۇ ھېلىقى قىزنىڭ يەنە بىر قىزبىلەن ئاتقا مىنگىشىپ كوپېراتىپقا كەلگەنلىكىنىكۆردى. قىزلار ۋارىسجاننى تونۇمايتتى. قىزلار ئالمىغىنىنى ئېلىپ، كېتىپ قىلىشتى. دۇكان ئالدىدىكى غەيۋەتچىلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. مايتاغدىن بىراۋ كەپتىكەن، ئاۋۇ كېتىۋاتقان قىزلارنىڭ كىچىكىنى كۆرسىتىپ چوڭىنى شۇنىڭغا تاڭماقچى بوپتۇ. ۋارىسجان ئاسماقچىلاپ يۈرۈپ مەسىلىنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇ مايتاغقا ھايال بولماي كېتىپ قالدى.

1949-يىلى ئۆلكە تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، بۇ چاغدا ۋارىسجان مايتاغدىكى ئىككى يۈزچە ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ تەمىناتىغا مەسئۇل ئىدى. شۇنداقلا توستىدىكى كۆمۈرخاڭغا، كۈيتۇندىكى خۇمدانغا، دېھقانچىلىق مەيدانىغا ۋە تاغدا ياغاچ كىسىۋاتقانلارنىڭ مەشغۇلات قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ يۈردى. بولۇپمۇ كۈيتۇن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. چۆچەكتىن يۆزلىگەن نەسىللىك ئالا كالا، ئات سېتىۋالدى. قوي بەش قورۇغا كۆپەيتىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي جۇڭگو ـ سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇلدى. شىنجاڭ نېفىت ئىشلىرى تەرەققىياتى يېڭى ـ يېڭى باسقۇچقا كىرىش ئالدىدا تۇراتتى.

ۋارىسجان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇش ئىلتىماسىنى سۇندى. ئۇ كاندىدات پارتىيە ئەزاسى دەپ تونۇلدى. ئۇ چاغدا ياچېيكا تېخى مەخپىي ھالەتتە ئىدى. ۋارىسجان قىشنىڭ غېمىنى قىلىپ 29- كورپۇسنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىدىكى يەر ئاستى كۆمۈر ئامبىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. ئۇ يالغۇز ئىدى. قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ بىر سىرلىق قول قوش مۇشتەك كۆمۈر بىلەن ۋارىسجاننىڭ بېشىغا ئۇردى. ئۇ ھوشىدىن كەتتى. قاتىل بايقالمىدى. ۋارىسجاننىڭ چېكىسىدە كۆزگە كۆرۈنگۇدەك تارتۇق قالدى. پارتىيە ياچېيكىسى مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ۋارىسجاننىڭ يان قورال ئېلىپ يۈرۈشىنى بەلگىلىدى.

1952-يىلى ئېلىپ بېرىلغان «ئۈچكە قارشى» ھەرىكەتتە ۋارىسجان «يولۋاس» بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇ ئاقلىنىپ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە خوجىلىق ئىشىنى قىلىشتىن باش تارتتى. تەشكىل ۋارىسجاننى مايتاغ قۇرۇلۇش 1-باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورلىقىغا بەلگىلىدى. شۇ يىلى ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەسىس قىلغان «ئاكادېمىچىسكى نائوك» تا سىرتتىن ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرۇشقا باشلىدى. 1955-يىلى ئۇ بۇ بىلىم يۇرتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ شاھادەتنامە ئالدى. 1955-يىلى 1- ئايدىن باشلاپ ھەسسىدارلىق شىركەت ئەمەلدىن قالدى. ۋارىسجان قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ باش دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. نۇرباغدىكى 2- باشقارما، قەشقەردىكى 3-باشقارما قىسقارتىلىپ مايتاغ قۇرۇلۇش باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلدى. ۋارىسجانغا ئۆز ئىقتىدارىنى، تالانتىنى كۆرسىتىدىغان مەيدان ھازىرلاندى. ۋارىسجان بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللارنى، يىتىملىكنى، ئۆزگە قىلىنغان ۋاپاسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ چېنىقىپ يېتىلدى. ئۇ يىلتىزى تىرەن، يوپۇرمىقى قويۇق سۆۋادان تېرەككە ئوخشايتتى. بۇ سۆۋادان تېرەك يالغۇز قاراماي نېفىتلىكى قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماستىن بەلكى 58-يىلدىكى پولات تاۋلاش، تۆنجى قېتىم تارىمغا يۈرۈش قىلىش، 60-يىلدىكى قەھەتچىلىكتىن كېيىنكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى قايتا بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ بېرىش، مەدەنىيەت ئىنقىلابىي ۋە ھەر خىل سولدىن، ئوڭدىن كەلگەن توسالغۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش، قايمۇققانلارنى تەربىيىلەش، ئۆزگە قارشى چىققانلارنى قايىل قىلىش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈشتىن ئىبارەت قىيىن ئىشلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىر تەرەپ قىلدى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 10- قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئەزاسى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11- قېتىملىق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق نېفىت خىمىيە ـ سانائىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، نېفىت ئايرىش، خىمىيە تالالىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا ھارماي ـ تالماي ئىشلىدى. ئۇ چاغدا ۋارىسجان شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قاراماي شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك پارتكوم دائىمى ھەيئەت ئەزاسى، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ۋارىسجان ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي يەنىلا نېفىت خىمىيە سانائىتى

ئىشلەپچىقىرىشىغا كۆڭۈل بۆلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاست خەلقىنىڭ نامراتلىقدىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. كەڭ ھەر مىللەت نېفىتچىلىرىنىڭ خۇشاللىقى ئۇنىڭ خۇشاللىقى، دەردى ئۇنىڭ دەردى ئىدى. شۇڭا ئۇ تىرىشىپ پىچان ناھىيە لۈكچۈن يېزا ئامانشاھ كەنتىدە قۇم بىلەن داۋالىنىش ساناتورىيىسى قۇردى. قەشقەردىكى ساناتورىيىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. شىنجاڭ نېفىت سانائىتى تارماقلىرىدا ۋارىسجاننىڭ ئۈچمەس ئىزى قالدى. ئالدىدىن غۇيۇلداپ ئۆتكەن يىللارنىڭ گەژگىسىگە ۋارىسجان ئۆزىنىڭ كىشىلىك تامغىسىنى باستى.

× × ×

1995-يىلى قاراماي نېفىتلىكى چارلاپ - ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىگىنىڭ 40 يىللىق توي مەرىكىسىگە جىددى تەييارلىق قىلىنۋاتقان پەيت ئىدى. مەن قاراماي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ئۆگىنىش تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قابدۇللاغا يولۇقتۇم. ئۇ چاغدا «ۋارىس سىدىق» ئەسلىمىسىنى ئەمدىلا يېزىپ تاماملىغان ئىدىم. قابدۇللا: «بىز بىرلىكتە كۆچ چىقىرىپ ۋارىسجاننى يېزىشىمىز كېرەك ئىدى » دېدى. مەن دەرھال ئىپادە بىلدۈردۈم.

4-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۈرۈمچىگە ۋارىسجاننى زىيارەت قىلغىلى ماڭدىم. بىز 6-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بىللە بولدۇق. ۋارىسجان باشتىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى 1910-يىلدىن باشلاپ ئەسلەپ ئۆتتى. بۇنىڭغا چېتىشلىق مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئاجايىپ كۆپ ئىدى. ئەپسۇس ئۇنىڭلغۇ ئىشلىتىلمىدى، خاتىرە قالدۇرۇلمىدى.

95-يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرلىرى «مايبۇلاق »تەھرىر بۆلۈمىدە ۋارىسجاننى ئۇچراتتىم. ئۇ ئابدۇۋاھىتنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، ئابدۇۋاھىت، ئارسلانلار بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن ئىدى. ئىشخاندىكىلەر خۇشال ئىدى. ۋارىسجان تېتىك بولۇپ ئاجايىپ ياخشى خاتىرىسىگە تايىنىپ ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن پاراڭ قىلاتتى. ئابدۇۋاھىت، ئارسلان ئۈچىمىز ۋارىسجاننى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدۇق، ئۇ كىشى ئۆزرە ئېيتتى.

1995-يىلى 7-دېكابىر پەيشەنبە ۋارىسجاننىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغۇلۇپ، پوسكام غەربىي جەنۇبىي تارىم نېفىت تەبىئىي گاز چارلاش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتىدە ۋاپات بولغانلىق شۇم خەۋىرى يېتىپ كەلدى. بۇ شۇم خەۋەر شىنجاڭ نېفىتچىلىرىنىڭ قەلبىنى زىل -زىلىگە سالدى. 9-دېكابىر مەرھۇمنىڭ نامىزى ياڭخاڭ مەسچىتىدە چۈشۈرۈلۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىـــغا قويۇلدى. ئۇ 72يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. سۇۋادان تېرەك يىقىلدى . . .

1995-يىلى 16-دېكابىر. قاراماي .



ئەنۋەر بۇلاق

# قاراماي خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ كەلدىم

## (پېشقەدەم رەھبىرىمىز ۋارىسجان تۇردىنى ئەسلەيمىز)

1985- يىلى باھار پەسلىنىڭ بىر كۈنى بىز قەشقەردە ئوقۇۋاتقان ۋە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان بىر يۈز ئەللىكتىن ئارتۇق قارامايلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولغان ئىدى.

بىزنىڭ پېشقەدەم رەھبىرىمىز ۋارىسجان تۇردى پوسكام نېفىتلىكىگە ئالدىراش خىزمەت بىلەن كېتىۋېتىپ، ئالاھىدە قەشقەر سىفەن شۆيۈەنگە كېلىپ بىزنى يوقلاپ، بىزنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ياخشى نەتىجىلەر بىلەن ئوقۇشنى ئاياقلاشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن بىۋاسىتە ئىلھام بەرگەن ئىدى.

1984- يىلى ئىدارە مائارىپ مەركىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قاراماي، مايتاغ، كۈنەس پولات زاۋۇتى، پوسكام نېفىتلىكى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئاساس قىلىپ 60 نەپەر ئوقۇغۇچى قەشقەر سىفەن شۆيۈەنگە ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئېۋەتىلگەن ئىدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەركىبىدە قازاق ئوقۇغۇچىلارمۇ بار بولۇپ، چوڭ - كىچىك پەرقى چوڭ. ئالدىنىڭ بىر نەچچىدىن بالىسى بار ئەر - ئاياللار، كىچىكلىرى بولسا ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن قىز - ئوغۇللار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى تۈرلۈك ئىدىيىۋى ھالەتلىرى ئۇلاردىكى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، بولۇپمۇ «ئاچ - توق» قېلىشنى بىلمەيدىغان، ئاتا - ئانىدىن ئايرىلىشنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان قاراماي باللىرىغا نىسبەتەن قارامايدىن قەشقەردەك بىر يىراق مۇساپىلىك رايونغا بېرىپ ئوقۇش، ئۇلارنى خۇددى «ئانىنىڭ ئوغۇز سۈتىدىن ئايرىۋېتكەندەك» قارامايىنى ياد ئېتىپ، بىر مەزگىل ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە تازا دېگەندەك قېتىرقىنىپ كېتەلمىدى. چوڭلىرى بالا - چاقىلىرىنى ياد ئەتسە، كىچىكلىرى ئاتا - ئانىسىنى ياد ئېتىپ ئوقۇشتا خاتىرجەم بولالمىدى. شۇ ۋاقىتتا ئىدارە مائارىپ مەركىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بۇ ئوقۇغۇچىلارغا ۋاقىتلىق مەسئۇل بولۇپ بارغان مەندەك بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈنمۇ ھەل قىلىش قىيىن بولغان بىر ئىدىيىۋى مەسىلە بولۇپ قالغان ئىدى.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە شۇ بولدۇكى، قىسمەن ساۋاقداشلىرىم داۋاملىق ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ قايتىپ كېتىش توغرىسىدا ئىلتىماسمۇ يازغان ئىدى. ئەگەر ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن جىددى خىزمەت ئىشلەنمىگەندە، باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىغا، قىزغىن ئۆگىنىشىگە تەسىر يېتەتتى. دەل مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، پېشقەدەم رەھبىرىمىز ۋارىسجىنىكام مەكتەپكە كەلدى. بۇ خەۋەر تېزلا تارقىلىپ ھەممىمىز دېگىدەك دەۋرەپ كەتتۇق. مەكتەپ رەھبەرلىكىمۇ ۋارىسجىنىكامنىڭ مەكتەپكە كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. ۋارىسجىنىكام مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە مەن ئىنكاس قىلغان بەزى ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن، شۇ ۋاقىتتا قەشقەر شەھرىدە ئوقۇۋاتقان ۋە بىلىم ئاشۇرىۋاتقان بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئوقتۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سىفەن شۆيۈەن رەھبەرلىكى دەرھال قەشقەر مائارىپ شۆيۈەنى، قەشقەر سىفەن مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەرگە ئوقتۇرۇش قىلىپ، شۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان 150 دىن ئارتۇق قاراماي لىق ئوقۇغۇچى قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ يىغىن زالىغا يىغىلىپ، بۇ پېشقەدەم رەھبىرىمىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدۇق. . .

دەل سائەت 2 دە ۋارىسجىنىكام مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يىغىن زالىغا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدىكى ئوقۇغۇچىلاردىكى ھېسسىياتنى قانداق ئىپادىلەش كېرەك. قىسقىسى، «ئانىسى بىلەن دادىسىنى كۆرسە يىغلىمايدىغان بەزى ساۋاقداشلىرىممۇ» كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. ۋارىسجىنىكام سەھنىگە چىقىپ بىزگە

ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئەڭ ئالدى بىلەن مۇنداق دەپ سۆزىنى باشلىدى:

- مەن ئىداردىكى بارلىق رەھبىرى يولداشلارغا ۋاكالىتەن سىلەرنى يوقلاپ كەلدىم، شۇنداقلا قاراماي خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ كەلدىم. . . بۇ سۆز تۈگىمەي تۈرۈپلا زالنىڭ ئىچىدە گۈلدۈراس چاۋاك ئاۋازى ئېلىغىچە توختىمىدى. ۋارىسجىنىكام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ شۇ دەۋرىدىكى تەرەققىياتى، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ بولۇپ مۇنداق دېدى:

- سىلەرنى شۇنچە يىراقتىن بۇ قەدىمى شەھەرگە ئاتا - ئانائڭلاردىن، بالا - چاقائڭلاردىن ئايرىپ كېلىپ ئوقۇتۇشىمىزدىكى سەۋەب نېمە؟ قەشقەر ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان قەدىمى شەھەر، سىلەر بۇ يەردە مىللى مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل نامايەندىلىرى بىلەن بىۋاستە تونۇشالايسىلەر، ئۆگىنەلەيسىلەر، تەتقىق قىلالايسىلەر، سىلەر بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن قەدىمى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرەلەيسىلەر، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى، جەنۇبىي شىنجاڭ مائارىپ ئىشلىرىنى كۆزىتەلەيسىلەر، مەكتەپ مەسئۇللىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، سىلەرنى «ماھمۇت قەشقىرى»، «سولتان سوتۇق بوغراخان» ۋە باشقا مەشھۇر ئەجدادلارنىڭ قەبرىگاھىغا زىيارەتكە ئاپىرىشنى ئورۇنلاشتۇرماقچى بوپتۇ. دېمەك، سىلەر ئۇچۇن ھەر تەرەپتىن پىشىپ يېتىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىپتۇ. نۆۋەتتە نېفىتلىكىمىزنىڭ ئەۋلادلىرىنى ھەر تەرەپتىن پىششىق تەربىيىلەش ئۇچۇن ئونئۈچ يىلسال بىلىمگە ئىگە بىر ئەۋلاد يېڭى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا جىددى مۇھتاجمىز. بۇ ئۈمىدنى ئىشەنچە بىلەن سىلەرگە باغلايمىز. سىلەر بۇ ئوقۇش پۇرسىتىنىڭ ئۇنچە ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى چۈشىنىشىڭلار، ئۆزەڭلارنىڭمۇ نۇرغۇن بەدەل تۆلەپ ئوقۇۋاتقانلىقىڭلارنى تونۇپ يېتىشىڭلار زۆرۈر. . . دېگەندەك نۇرغۇن قىممەتلىك سۆزلەرنى قىلدى. . . بۇ سۆزلەر سۆزلىنىۋاتقاندا زالنىڭ ئىچىنى سۈر باسقان ئىدى. بۇ سۆزلەر ھەممىمىزنى ئويلاندۇردى.

يىغىندىن كېيىن ۋارىسجىنىكام بىز بىلەن سىرتتا ئەركىن ئازادە سۆھبەتلەشتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ھەر تەرەپتىن ئىلھاملاندۇرۇپ، شۇ ۋاقىتتا بىلىم ئاشۇرۇش نىيىتىدىن ۋاز كەچمەكچى بولغان ئايرىم ساۋاقداشلارغا جىددى تەلەپپۇز بىلەن سەمىمىي ئىلھام بەردى ھەمدە نەق شۇ مەيداندا قاراماي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سىن ئالغۇ مۇخبىرلىرىنى چاقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە باشقا پائالىيەتلىرىنى دەرھال سۈرەتكە ئېلىپ قاراماي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىسىدا كۆرسىتىلىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. دەرۋەقە ئۇزۇن ئۆتمەي قارامايدىن، ئاتا - ئانىلاردىن، ئەر-خوتۇنلاردىن، يار - بۇرادەرلەردىن، بالا - چاقىلاردىن كەينى - كەينىدىن ياخشى تىلەكلەر، تىرىشىپ ئوقۇش توغرىسىدىكى ئارزۇ - ئۈمىدلەر، خاتىرجەملەندۈرۈپ يېزىلغان مەكتۇپلەر ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. قاراماي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋارىسجىنىكامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تېلېۋىزىيىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئېلىنغان سۈرەتلەرنى كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىكى ئوقۇشتا بولغان مۇجمەللىك تېزلىك بىلەن تۈگەپ، ۋارىسجىنىكام بەرگەن بۇ «شىپالىق دورا» دەل ۋاقتىدا ئۈنۈم بەرگەن ئىدى.

دەرۋەقە شۇنى ئالاھىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇكى بىزنىڭ جىگەرلىك پېشقەدەم رەھبىرىمىز ۋارىسجان تۆردى ئۇزۇن مۇددەتلىك بوران - چاپقۇنلۇق ئىنقىلاب، جاپالىق كۈرەشلەردە پىشىپ يېتىلگەن. سانسىزلىغان ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ نۇرغۇنلىغان ئىسسىق - سوغاقلارنى باشتىن كەچۈرگەن خەلقنىڭ سادىق جەڭچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جاراڭلىق ھەر بىر جۈملە سۆزلىرى ئەينى يىللاردا ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەر قەلبىدە ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، تەسىرىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر سۆيگۈگە ۋە قەدىر قىممەتكە تولغان قەدەم ئىزلىرىدىن نېفىتلىكنىڭ خۇش پۇراق گۈللىرى ئۈنۈپ چىقتى. . . ھازىر ئەينى يىللاردا شۇ ئوقۇشتا بىللە بولغان ساۋاقداشلىرىم شىنجاڭ نېفىتلىكنىڭ شەرق، شىمال، جەنۇبلىرىدىكى ھەر قايسى مائارىپ سەپلىرىدە، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات ساھاسىدا مۇھىم تايانچى كۈچلەردىن بولۇپ پىشىپ يېتىلىپ، نېفىتلىك قۇرۇلۇشى ئۇچۇن تىرىشىپ خىزمەت ئىشلىمەكتە ھەمدە بۇ خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرسەتمەكتە.

(ئاپتور قۇدۇق ئۆلچەش شىركىتىنىڭ شەرقىي جۇڭغار شۆبە شىركىتىدىن)

ئا. ئالماس

# ئەستىن چىقماس ئابىدە

(ئىدارىمىزنىڭ رەھبىرى ۋارىسجان تۇردى ۋاپاتىغا مەرسىيە)

تۇيۇقسىزلا بىردەمدە،
ئۇ دۇنياغا كېتىپسىز؛
ئانا يۇرتنى قۇچاقلاپ،
نۇرغا چۆمۈپ يېتىپسىز.

جۇدالىقتا قەلبىمىز،
پارە - پارە تىلىندى؛
بۇ ئۇنتۇلماس پاجىئە،
بەكمۇ ئېغىر بىلىندى.

ئەلنىڭ ئېسىل پەرزەنتى،
سىزنى ئەسلەپ ئاھ ئۇردۇق.
ھەسرەت چېكىپ جۇڭغاردەك،
تارام - تارام ياش تۆكتۇق.

ھاياتىڭىز بېتىنى،
قايغۇ بىلەن ئاچتۇق بىز.
ئۆمرىڭىزنى ياد ئەيلەپ،
مەرسىيىگە قاتتۇق بىز...

چۆلنى سۆيۈپ يۇلغۇندەك،
ھامان زەپەر قۇچتىڭىز؛
قاراماينى گۈللەشكە،
ئۆچمەس تۆھپە قوشتىڭىز.

سىزدە بارتى كەمتەرلىك،
كىبىرسىزگە يات ئىدى.
تەكەببۇرلۇق ئىللىتى،
جىسمىڭىزدا يوق ئىدى.

سىزنى باتۇر ئىشچىلار،
ئۆز دوستىدەك كۆرەتتى؛
غەمخورچىمىز دەپ بىلىپ،
دەردى بولسا تۆكەتتى.

بىلىپ دەردى - غېمىنى،
يېتەتتىڭىز ھالىغا؛
قۇياش كەبى ئىللىقلىق
بېرىپ ھامان دىلىغا.

××

خاسىيەتلىك زېمىننى،
چىن يۈرەكتىن سۆيگەنسىز؛
پەرھاد كەبى ئىشقىدا،
گۈلخان بولۇپ كۆيگەنسىز.

جۇڭغار، تارىم قوينىدا،
يېڭىپ تالاي جاپانى؛
ئۆتكۈزدىڭىز مەنىلىك،
گۈزەل ئەللىك باھارنى.

××

نېفىتلىكتە نۇر چاچقان،
يېرىم ئەسىر ئۆمرىڭىز؛
بۇ مۇقەددەس زېمىنغا،
سىڭگەن يۈرەك قېنىڭىز.

مەغرۇر ئۆسكەن قېيىندەك،
جۇتلاردىمۇ ئېگىلمەي،
سىناقلاردىن ئۆتكەنسىز،
شىردەك زادى يېڭىلمەي.

ئەجرىڭىزدىن سۆيۈندى،
تەڭرىتاغنىڭ چۆللىرى.
قۇچىقىنى بېزىدى
ھاياتىڭىز گۈللىرى.

قۇرۇلتايغا قاتنىشىپ،
ماۋجۇشىنى كۆردىڭىز؛
بۇ ئۇنتۇلماس كۈنلەرنى،
نەزمىڭىزگە قاتتىڭىز.

سىز ياراتقان مول تۆھپە،
شادلاندۇردى جۇڭخۇانى؛
ۋەتەن سىزنى قەدىرلەپ،
ئايلاندۇردى جاھاننى.

××

چېچىڭىزغا ئاق قونۇپ،
ياشقىنىدا قېرىلىق،
جەڭ سېپىدىن ئايرىلماي
ئىشلىدىڭىز بېرىلىپ.

پوسكام نېفىت بازىغا،
بېرىپ ئىشقا قىشلىقى،
بۇ ئالەمدىن كەتتىڭىز،
قوزغاپ يۈرەك ئاغرىقى.

شەپە بەرمەي كەتتىڭىز،
بىزنى قويۇپ ھەسرەتتە،
خوشلىشالماي قالغانغا،
بەك ئېچىندۇق يۈرەكتە.

كەتسىڭىزمۇ ئالەمدىن،
مەڭگۈ يېنىپ كەلمەسكە،
ئەمما تىكلەپ كەتتىڭىز،
ئەستىن چىقماس ئابىدە.

1995- يىل، 12 - دېكابىر قاراماي

ئابدۇۋاھىت ئوسمان

# توزىماس گۈل

(خەلقچىل رەھبەر ۋارىسجان تۇردىغا مەرسىيە).

«چۆل گۈلى، چۆل كېمىسى» ئىدىڭىز،
يېرىم ئەسىر چۆل غېمىنى يېدىڭىز.
تۆنۈگۈنلا كۈلۈپ تېخى بىزلەرگە،
«شەسلەرگە قالدى» دېگەن ئىدىڭىز.

ھېچ ئىشەنگىم كەلمەس بۈگۈن قۇلاققا،
خوش! دېمەستىن تۇيۇقسىزلا كەتتىڭىز.
جۇدالىقتا پۇچۇلانغان يۈرەكنىڭ،
بىمار بولغان دىلتارىنى چەكتىڭىز.

توپان باسقان قاباھەتلىك يىللاردا،
ئەلگە پاناھ «بىر ھۆكۈمەت» ئىدىڭىز.
ئەۋلادلارنىڭ قارچۇقىدەك چاقنىغان،
مايبۇلاقتا سىڭگەن ئىدى ھىدىڭىز.

سىز بولغاچقا ئەلنىڭ كۆڭلى توق ئىدى،
سىز بولغاچقا يوللۇق ئىدى گېپىمىز.
سىز بولغاچقا غەم - ئەندىشە يوق ئىدى،
سىز بولغاچقا ئوڭلۇق ئىدى ئېتىمىز.

خوش! دېمەستىن تۇيۇقسىزلا كەتتىڭىز،
مانا ئەمدى چۆشۈپ كەتتى پېتىمىز.
تېگىرقاشتا، باشقا كۆڭۈللەر چۆشكەندە،
يەنە قاچان سىز پاناھقا يېتىمىز؟!

خوش دېمەستىن ئەجەپ تېزلا كەتتىڭىز،
خوش دېيەيمىز «خوش!» قا يوقتۇر ھەددىمىز.
بىزگە قالغان ئارزۇ - ئارمان، ئىلتىجا
روھىڭىزدىن رۇسلىنىدۇ قەددىمىز!

تۇنىياز قادىر

# مەرھۇم ۋارىسجاننى ئەسلەپ

تەڭرى ئۇنىڭ ھاياتىنى كەم قىلدى،
ماتەم يېشى ئېتەكلەرنى نەم قىلدى.
ئۆمۈر بويى يۈردى قايناق جەڭگاھتا،
ئەل ئىشىغا بار كۈچىنى يەم قىلدى.

ئەمىلىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي،
ئارىلىشاتتى چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي.
ئەسلىگە باپ كېلەتتى بىلىمى،
سۆيۈنەتتى شۇڭا يۇرتى قاراماي.

ھەر بىر سۆزى بۇيرۇق - ئاتقان ئوق ئىدى،
ئۇ بولغاچقا ئەلنىڭ كۆڭلى توق ئىدى.
نېفىتلىكتە مەرھۇمنىڭكى ئالدىغا،
ئۆتىدىغان ئىنژېنېرلار يوق ئىدى.

ماتەمگە يىغلاۋېرىپ سۇندى دىل،
گويا ئۈششۈك تەككەن گۈلدەك سولدى دىل.
دوستلار بەزلەپ دېدى: كىتاب، تۇپراقتا،
قالدى ئۆچمەس نامى، ئىزى سەۋرى قىل!

(ئاپتور قاراماي مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسىدا)

1995- يىل 9- دېكابىر قاراماي



ئا. قاسىم

# پېشقەدەم رەھبەرگە مەرسىيە

ئۇ كەتتى
سۆيۈملۈك ماكانىنى
تۇيۇقسىز تاشلاپ،
گېلىنتاغ
جوڭغار ۋادىسى
ئۇنىڭ ئۈچۈن
كۆزگە
ئالدى ياش.
قامەتلىك ۋىشكىلار
تۇتتى ماتەم
نېفىتچىلار
ئېغىر پىغاندا
ئەگدى باش.
چۈنكى ئۇلار
شۇ چەكسىز ۋادىدا
ئۇزۇندىن - ئۇزاق
تۇرۇشقان
ئۇ بىلەن يانداش.
مەيلى تارىم
مەيلى ئىلى
ئۈزۈمزار تۇرپان،
قايسى بىرسى
ئۇ بىلەن
بولمىغان سەپداش.
ئۇ كەتتى
ئەمما،
باسقان ئىزلىرى
قالدى مەڭگۈ
ئۆچمەس بولۇپ.
ئۇنىڭ سۆزلىرى
نېفىتچىلار قەلبىدە
تۇرىدۇ يالتىراپ
قاش تېشىدەك
نۇرلىنىپ
كۆچمەس بولۇپ.
ئۇنى سېغىنىپ
جاپاكەش
سېلىم بوۋاي
تەكلىپ قىلغانمىكىن تاڭ!
جەننەتتە
قۇرۇپ بەزمە
بولغاچقا
كونا سەپداش.
بەلكىم
چىققاندۇ ئالدىغا
كۆرۈشۈشكە
ئايۇپكام
كونا دوستلار بىلەن
ئولتۇرغاندۇ
جەم بولۇپ
قوشۇپ باش.
ئەلۋىدا!
ئەلۋىدا،
سىز كەتتىڭىز
قالدى جوڭغار
گېلىنتاغ
كۆزلىرىگە
ئېلىپ ياش!

ئايبېك ئۆمەر

## شېئىرىيەت ئۆكسۈيدۇ ئىشتىياق ئۈچۈن. . .

(ۋارىسجان تۇردىغا مەرسىيە)

ئۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى،
بۈندىكى ھەر بىر تال گىياھ ئۈچۈن ھەم.
قەددى تىك ۋىشكىلار ئەگكەندە قامەت،
باغرى تاش بوراننىڭ كۆزى بولدى نەم.

چۆل گۈلى ئىزدەيدۇ تەرەپ - تەرەپتىن،
قېنى ئۇ ماڭىلا تىل بەرگەن قۇياش؟
سۇۋاركا ئىچمىسى كۆزەينىكىنى،
ئىرغىتىپ تاشلىدى چانقىدا ياش.

ناتونۇش چۆللۈككە ئىككىنچى سېلىم،
يۈرەكنى سۇغۇرۇپ.بەردى ئويلانماي.
تەر تۆكسەڭ شۇنداق تۆك مەرۋايىت سىياق،
لېكىن سەن ياش تۆكمە دېدى، قاراماي.

قەدىناس باياۋان ئەسلەيدۇ ئۇنى،
قەلبىدە تاغدىنمۇ ئېغىر بىر ئازاب.
شېئىرىيەت ئۆكسۈيدۇ ئىشتىياق ئۈچۈن،
قالالماي بوشلۇقنى تولدۇرۇپلەپ ياماپ!

ئەخمەتجان مۇھەممەت

## ئەلۋىدا

(مەرھۇم ۋارىسجان تۇردىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن)

بۈلتۈرنىڭ بۈگۈنىدە زۇلمەت يېغىپ،
كەتكەنتى ياپراق تۆكۈپ، غۇنچە توزۇپ.
ئاھ بۇ يىل شۇم ئەجەل، يىلتىزنى قىرىپ،
گۈلدۈرلەپ يىغلىدى، سۇۋادان قۇرۇپ.

ۋادەرىخ كۆكۈلنى غەش قىلغان دۇنيا،
كىملەرگە قىلغانتىڭ بىر نۆۋەت ۋاپا.
نېفىت دەپ بىر ئۆمۈر جاڭگالدا ئۆتكەن،
بىر ئۇلۇغ ئىنسانغا بەردىڭمۇ جازا.

ئەللىك يىل ئاز ئەمەس ئىنسان ئۆمرىدە،
دائىما بوراندا ئۆزگەنتىڭ ھەردەم.
ئۆزەمنى تۇتسامۇ تىترەيدۇ بەدەن،
چۈنكى يوق سېنىڭدەك يېنىمدا ھاتەم.

قىلىمىز قەسەمنى، پونىمۇ ھەردەم،
ئەپسۇسكى ئورۇنلالماس ھەممىلا ئادەم.
«ئاتا - ئانا دېمىدىم، نېفىتلا دېدىم».
شۇڭلاشقا سەن ئۇلۇغ قەلبىمدە بۈدەم.

ئەلۋىدا، ئۇستازىم ئەلەكمۇلىللا،
جەننەتتە ياتقايسەن دۇئارىم خالىس.
تۇردىدىن، سىدىقتىن بىردىنلا ۋارىس،
ۋارىسلار ئىزىدا تۇمەنمىڭ ۋارىس. . . !

1995 . 12 . 8 «قاراماي»

قادىر سىدىق

# ۋارىس ئىدىڭ سېلىم بوۋامغا

پەزىلىتىڭ ئىسمىڭغا يانداش،
- (سەن بىلەن مەن قانداش قېرىنداش)،
قېرىنداشقا كىم تۆكمەيدۇ ياش،
ئەجەپ كەتتىڭ باقىغا تاشلاپ،
ماتەمىڭگە مەندە يوق چىداش؟!

ۋارىس ئىدىڭ سېلىم بوۋامغا،
تونۇش ئىدىڭ ئەلگە تامامغا،
مېھرى ئاتاش ئەھلى - ئاۋامغا،
«چۆل كېمىسى، چۆل گۈلى» ئەردىڭ،
ئىزلىرىڭ گۈل ياخشى رەھبەر باش!
ئىزىڭ قالدى جۇڭغاردا سايدا،
ئۆمۈر بويى مىلىنىپ مايدا،
نىلقا، مايتاغ، تويۇق، كۆيباغدا،
كۆزۈڭ ئىدى ئۇيقىدىن بىدار،
نى جاپانى ئەيلىگەن ھاپاش!؟

يۇرتنى ئويلاپ قىلدىڭ ھەممىنى،
ماكان ئېتىپ چۆلدە كېمىنى،
ناخشا قىلدىڭ ئەلنىڭ غېمىنى،
پەلەك ساڭا تەتۈر تەڭ بېقىپ.
باشلىرىڭغا ئاتقاندىمۇ تاش!...

شۇ چاغ چىشنى چىشلەپ چىڭ چىشقا،
دېدىڭ: «غايە ئاشىدۇ ئىشقا»
يازنى ئويلا، باقمىغىن قىشقا،
قەد كۆتەردىڭ ۋىشكىدەك گويا،
لەۋلىرىڭدە كۈلكە يالتىراش.

ئەجدادلارغا ۋارىسجان بولدۇڭ،
ئەجرىڭ تولا ئەلگە تونۇلدۇڭ،
قەلبىمىزدە تۆرگە قويۇلدۇڭ،
ئۆكسۈپ، ئۆكسۈپ يىغلايدۇ شۇڭا،
ۋارىسىڭ ھەم دىلداش قېرى - ياش.

مۇھەممەت مەمتىلى

# ئەلۋىدا!

(مەرھۇم ۋارىسجان تۇردى ئاكىنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە)

مۇسىبەتلىك خىياللىرىم «ئاھ» ئۇرۇپ،
كېزەر قۇملۇق بارخانلارنى دەرد بىلەن.
كۈلۈشكەن بىز تۆنۈگۈنلا جەم بولۇپ،
شۇ مېھرىبان ئاتا سۇپەت مەرد بىلەن.

قاباھەتلىك چۈشۈممۇ يا ئوڭۇممۇ،
بىلەلمىدىم، تەقدىرنىڭ بۇ نېمىسى؟!
ئەزرائىلغا بىمەزگىللا نە كېرەك
يۇرتىمىزنىڭ گېگانت «چۆل كېمىسى»

چىن ئەقىدە، ئىخلاس بىلەن بىر ئۆمۈر،
ئاشقان ئىدى داۋانلاردىن، سايلاردىن.
تالاي مۇشكۈل ئاسان بولغان ئۇ بىلەن
ئەلنىڭ قەلبى رازى ئىدى سەرداردىن.

پېرىم ئەسىر سىرداشقان ماي بولاقلار،
ماتەم ئىچرە بولدۇقلايدۇ ياش تۆكۈپ.
ئەل قايغۇدا، دوست قايغۇدا، يىغلايدۇ.
جۇڭغار، تارىم نېفىتلىكى تىز چۆكۈپ.

قالدى بىزگە تەۋەررۈك بوپ ئىزلىرى،
«ئامانشاھ» نىڭ تەنگە داۋا دورىسى.
دىلىمىزدا ئۆچمەس ئوبراز، ئۆچمەس شام.
نېفىتلىكنىڭ ئۆلمەس پەخرى ئاتىسى.

1995 ـ يىلى 10 ـ دېكابر قاراماي

غالىپ توختى

# ۋارىسجان تۇرۇدىغا مەرسىيە

دىللارنى ئۆرتىدى قايغۇلۇق ماتەم
سوكۇتتە كائىنات، مۇسىبەتتە ئالەم.
كېتكانت بىر ئەزىمەت كەتكەچكە شۇ دەم
يۈرەكلەر ھەسرەتلىك، كۆزىمىزدە نەم.

«ۋارىسجان» دېمەكلىك نېفىتچى پەخرى
ئۇ ئىدى بىزلەرگە ھەقىقىي يولباش.
جۇڭغارۇ ـ تارىمدا بار ئۆچمەس ئىزى
ئاداققى سەپىرى بولدى يورۇققاش.

كەمتەرلىك بابىدا تەسۋىر بى ھاجەت
كەڭ ئاۋام ھەر قاچان ئۇنىڭغا سىرداش.
كىبىرسىز ھاياتى نۇر چاچار ئەبەت،
ئۆتكەنتۇق دوست كەبى بوپ «ئاكام، ئاداش»

بىۋاقىت ئەزرائىل يوقلاپتۇ سېنى،
بوتىدەك بوزلاپلا قالدى باللىرىڭ.
تاپقۇزۇش كامالەت ئىدى جەنۇبنى
ئاشقۇسى ئەمەلگە ئارزۇ ـ ئارمىنىڭ.

يۈگەنسىز يىللاردا، چىڭقىس تېغىدەك.
تەۋرەنمەي جەڭگاھدا بولدۇڭ «ھۆكۈمەت»
ۋارىس بىز ئىشىڭغا، بۇ ئەزىز دىيار
ئەلۋىدا، ئاكىجان! تاپقۇسى قۇدرەت!

ئەللىك يىل چۆللۈكتە سىنىنەتسىزمېھنەت.
ئەجرىڭدىن گۈل ئۈندى تارىخ بېتىدە.
«نېفىتلىك ئوغلانى» ـ خاس ساڭا سۈپەت
ئابىدە تىكلەندى خەلق قەلبىدە!

1995ـ يىل 20 ـ دېكابر



تۇرسۇن تۇمۇر

# ئەسقەر ئۇستامنىڭ كېسىلى

(ھېكايە)



جەمئىيەتتە بىر قىسىم كىشىلەر باركى، تويى قىلىش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ (ئەگەر ئۇ كىشى كەيپكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكەن ياكى نېرۋا كېسىلى بولمىسىلا) ئارقىسىدىن ھەر قىسىم گەپ سۆزلەرنى تاپىدۇ. «شەيتان» دىن خوتۇنى بار ئىكەن، «بەنت» بولۇپ كەتكەن ئىكەن، بۇنىڭغا بىر قىسىم كىشىلەر ئىشىنىپ تويى قىلىش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلەرگە ھېسداشلىق قىلىشىپ «داخان»، «باخشى»، «رەمبال»، «پىرىخۇن» دېگەنلەرگە كۆرۈنۈپ بېقىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىشىدۇ. ھەتتا بەزى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر يۇرتلىرىغا ئاتپوسكىغا بېرىشقانلىرىدا ئۆز يانلىرىدىن پۇل خەجلىشىپ، «داخان»، «باخشى»، «رەمبال»، «پىرىخۇن» دېگەنلەرنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۇرۇنىشىدۇ.

ئۇنداقلارنىڭ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ دەيدىغىنى يەنە شۇ، «شەيتاندىن خوتۇنى بار» ياكى «بەنت بولۇپ كېتىپتۇ»، «ۋاقتىدا ئاجرىتىۋەتمەي كونىراپ كېتىپتۇ»، «مانچەتۇپ مېۋىلىك، مانچە تۇپ مېۋىسىز دەرەخنىڭ شېخىدىن ئېلىپ كېلىڭلار» ياكى بولمىسا «مازايى - ماشايىقلارنىڭ توپىسىدىن ئەكەلسەڭلار مانچە كۈن بېسىپ ئوقۇيمەن» دېيىشىدۇ.

بەزىدە بۇنداق گەپلەرگە مەنمۇ ئىشىنىپ قالاتتىم، چۈنكى يېشى چوڭىيىپ كەتكەنلەردىن تويى قىلىغانلىرى بولسا «پالانى يەردىكى داخانغا كۆرۈنۈپتىكەن»، «پوكۇنى يەردىكى رەمبالغا باقتۇرۇپتىكەن» دېگەندەك گەپ - سۆزلەرنى دائىم ئاڭلاپ تۇراتتىم.

تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن لاياقەتلىك ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىنمۇ، يېشى بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ تويى قىلماي يۈرگەن مۇئەللىملىرىمىزنى كۆرۈپ، ئاغزىمدىن چىقىرالمىسامۇ بۇلارنىڭمۇ «شەيتان» دىن خوتۇنى بارمىدۇ؟ ياكى «بەنت» بولۇپ كەتكەن بولغىيمىدى، » دەپ ئويلاپ قالاتتىم.

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئارزۇيۇم بويىچە قاراماي نېفىتلىكىدىكى بۇ زاۋۇتقا تەقسىم قىلىندىم.

ياتاق باشقۇرغۇچى مېنى ئەسقەر ئىسىملىك 40 ياشلاردىن ئېشىپ قالغان بىر كىشىنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ كىشىمۇ ناھايىتى ئوچۇق - يورۇق كىشى ئىكەن. ئەندىشەمنىڭ ئەكسىچە «ۋاي كېلىڭ ئۇكام» دەپ ئالدىمغا چىقىپ، نەرسە - كېرەكلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ كارىۋاتلىرىمنى قۇرۇشۇپ، ئورنۇمنى راسلاپ بەردى.

مەن بۇ ئادەمنى ھۆرمەتلەپ ھەم بۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە «ئۇستام» دەپ ئاتىدىم. ئەسقەر ئۇستام سېخىنىڭ سوپەت تەكشۈرگۈچىسى بولۇپ قالايمىقان ئىشى يوق، ئورۇنلۇق گەپ قىلىدىغان، رەتلىك كىيىنىپ يۈرۈيدىغان كىشى ئىكەن. بىز خېلىلا چىقىشىپ قالدۇق. توي قىلماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى نەچچە رەت سورىماقچى بولدۇم لېكىن جۈرئەت قىلالمىدىم.

بۇرۇن «پالانچى ئۆزىگە لايىق تاپقانلارنى تىللاپ كېتىپتۇ، ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ» دېگەندەك گەپ - سۆزلەرنى تولا ئاڭلاپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن «شەيتان» دىن خوتۇنى بارمىدۇ؟ ياكى «بەنت» بولۇپ كەتكەن بولغىيمىدى؟ دېگەنلەر خىيالىمغا كىرىۋالاتتى.

باشقىلاردىن ئۇقسام ئەسقەر ئۇستامغا خېلى- خېلى يەرلەردىن لايىق چىققان، ئىكەن، بىراق ئەسقەر ئۇستام چىرايلىقچە رەت قىلىپتىكەن، «شەيتان» خوتۇندىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن بولغىيمىدى؟

پراكتىكام تۈگەپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئۆيدىكىلەرنىڭ تولا بېشىمنى ئاغرىتىشى بىلەن قوشنا زاۋۇتتا خىزمەت قىلىدىغان گۈلپىيە ئىسىملىك بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ مۇھەببەتلەشتىم.

مەن ئادەتتە ياتاقتا دوست - ئاغىنە، ساۋاقداشلىرىمنى بولۇپمۇ قىزلارنى باشلىمايتتىم، بەزىدە ساۋاقداشلىرىم ئىزدەپ كېلىپ قالسا، ئەسقەر ئۇستام قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈپ كېتەتتى، بىراق ئەسقەر ئۇستامنى بالىلارنىڭ ياتىقىغا بېرىپ ئويناپ كېلىشكە باشلىسام زادىلا ئۇنىمايتتى. مەنمۇ ئەسقەر ئۇستامنىڭ مېھمانلىرى كەلسە ئوبدان كۈتۈپ قوياي دەپ نىيەت قىلسام، ئەسقەر ئۇستامنى ھېچكىم ياتاقتا ئىزدەپ كەلمەيتتى.

ئەسقەر ئۇستام مېنىڭ مۇھەببەتلەشكەنلىمنى كىمدىن ئۇققان بىر كۈنى:

- سەمەت، كېلىن بالىنى ئاكىمىزغا ھېچبىر كۆرسىتەي دېمەيسىزغۇ؟ -دەپ چاقچاق قىلدى. ھەم گاھى- گاھىدا «كېلىن بالىنى باشلاپ كېلىڭ دەيمەن» دەپ قوياتتى.

گۈلپىيەنىڭ ئاتا - ئانىسى مۇشۇ يەرلىك بولغاچقا قائىدە بويىچە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قويۇشقا توغرا كەلدى، بېشىم تازا قېتىپ ئەسقەر ئۇستامغا مەسلىھەت سالدىم. ئەسقەر ئۇستام زاۋۇتىمىزدىكى بىر نەچچە چوڭلارنى ئېلىپ بېرىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مېنى خاتىرجەم قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ ئالدىدىنمۇ قائىدە بويىچە چىرايلىق ئۆتۈپمۇ كەلدى.

تويىمۇ بولدى، ئاتا - ئانام يېزىلىق، بۇ يەرنىڭ توي - تۆكۈن رەسمىيەتلىرى بىزنىڭ يېزىنىڭكىگە ئوخشىمىغاچقا ئۇلار تويدا نېمە قىلىشنى ئۇقماي قاراپلا ئولتۇرۇشتى، ھەممە ئىشقا يەنىلا ئەسقەر ئۇستام يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تويىمىزنى قىلىپ قويدى.

مەن توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي رەھبەرلىك خىزمىتىمنى سېختىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىدى. خىزمىتىم ئۆزگەرگەندىن كېيىن بىرىنچى قىلغان ئىشىم باشقا ئورۇنلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئەسقەر ئۇستامغا لايىق تېپىش بولدى.

مەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن ئەسقەر ئۇستامنى تولا زورلاپ يۈرۈپ ئۆيگە ئىككىلا قېتىم باشلاپ كەلگەن ئىدىم، بۇ نۆۋەت ئوبدان بىر پاراڭلىشىش ئۈچۈن قولىدىن سۆرەپ دېگۈدەك ئۆيگە باشلاپ كەلدىم. تاماقتىن كېيىن بىر - نەچچە قورۇما قورۇتۇپ، بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم. (ئەسقەر ئۇستامنىڭ

كۈندە بىر رومكا ئىچىۋالىدىغان ئادىتى بار ئىدى) ئەسقەر ئۇستامنى ئاكامدەك كۆرىدىغانلىقىم، ھۆرمەتلەيدىغانلىقىم، بۈگۈن كۆڭلۈم تارتىپ پاراڭلاشقىم كېلىپ قالغانلىقىمنى ئېيتىپ ھاراق قۇيدۇم. زورلاپ يۈرۈپ ئۈچ رومكا ئىچكۈزدۈم. بىر مۇنچە تەكەللۇپ سۆزلىرىدىن كېيىن بېشىمنى ئۇششۇبىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردىم ھەم ئۆز پىلانىمنى توغرىسىغىلا ئېيتىپ ئەسقەر ئۇستامغا قارىدىم.

ئەسقەر ئۇستام بىردەم تورۇۋېلىپ كۈلۈپ قويدى. ئاندىن:

— ھەي ئۇكام، مەن بىلەن يېقىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماڭا لايىق تېپىشقان. مانا ئەمدى سىزمۇ ماڭا باش قاتۇرۇۋېتىپسىز، نەگە بارسام، نەدە تۇرسام مۇشۇ گەپ، نېمە بولسا بولسۇن بېشىمنى ئۇششۇۋالاي دەيمەن، بىراق كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى بىرسىگە تارتىشىۋاتقاندەك زادىلا ئۇنىمايدۇ، ئۇستام ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەشكە باشلىدى.

××

سېيىتاخۇن ئاكا كەنجى ئوغلى ئەسقەرگە ناھايىتىمۇ ئامراق ئىدى. قېرىغاندا تاپقان بالا شۇنداق تاتلىق بولامدۇ قانداق كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلىتىپ كېتەتتى، بەزىدە دوستلىرى بىلەن كېتىۋاتقان يەرلەردە «قوزام» ، «جىگىرىم» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئەركىلىتىپ خىجىلمۇ قىلىپ قوياتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا «ئەسقەر قوزام» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان ئىدى. سېيىتاخۇن ئاكا ھەممە بالىلىرىنى ئۆزى دېگەن يەردىن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلدى. ھەممىسى چىرايلىق ئۆيلىرىنى تۇتىشىۋاتىدۇ. بىراق سېيىتاخۇن ئاكىنى رەنجىتىدىغىنى شۇ بالىلىرىنىڭ تالا - تۈزلەردە ئانچە مۇنچە «شەيتان سۈيدۈكى» دىن ئوتلىۋالىدىغانلىقى ئىدى.

«بۇ دۇنيادا شۇنچىستىن بىر ئوتلاپ قويغان ئادەم ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئاللانىڭ شارابىدىن قۇرۇق قالارمىش. ئىمانى 40 كۈنلۈك يەرگە چىقىراپ قاچارمىش، تېخى بۇلارنىڭ گۇناھى ئاتا - ئانىسىغا ئارتىلىپ سوراق - سوئالغا شۇلار قالارمىش» مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سېيىتاخۇن ئاكىنىڭ تەنلىرى جۇغۇلدايتتى. «توختا، بۇلارنى ئوقۇتتۇم، خەت - ساۋاتلىق قىلدىم، ئۆيلۈك - ئوچاقلىقمۇ قىلدىم، ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن ھەپتىيەك ئېلىپ بەرسەم ناماز قائىدىلىرىنى ئۆزلىرى ئۆگىنىۋالسا بولدى ئەمەسمۇ! ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئۇستۇمدىن دەۋا قىلىشسا ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرىمۇ قارا بولار». سېيىتاخۇن ئاكا ئەركىن بازاردا ئىسلامىيەتكە ئائىت كىتاب-رىسالىلەرنى سېتىۋاتقان يايماكەشتىن ناماز قائىدىلىرى چۈشەندۈرۈلگەن ھەپتىيەكتىن ھەر بىر بالىسىغا بىردىن ئاتاپ سېتىۋالدى. ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ھەممە بالىلىرىنى يىغىپ، «مېنىڭ ئەمدى بۇ دۇنيادىكى قەرزىم تۈگىدى، قىيامەتكە بارغاندا ئۇستۇمدىن دەۋا قىلساڭلار مەن ئۇستۇمگە ئالمايمەن» دەپ بالىلىرىدىن بىرمۇ بىر ۋەدە ئالدى. بالىلىرى بولسا كۈلۈشۈپ تۇرۇپ، «دادا خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا سىزنى تونۇمايمىز» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن سېيىتاخۇن ئاكىمۇ خېلى خاتىرجەم بولغاندەك بولدى. سېيىتاخۇن ئاكا ئەسقەر توغرىسىدا ھەر - خىل چوتلارنى سوقۇپ كۆردى. ئۇنىڭ ئۇ دۇنيالىقى بىلەن بۇ دۇنيالىقى سېيىتاخۇن ئاكىنىڭ قاتتىق بېشىنى قاتۇراتتى. «بىزنىڭ ئىزىمىزنى بېسىپ چىرىغىمىزنى ئۆچۈرمەي ياقىدىغانمۇ شۇ، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيالمىسىمۇ بىر ۋاخ بولسىمۇ ئوقۇمىسا بولماس، مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا نادانلىق قىلىپ ناماز ئوقۇماپتىكەنمەن. ئۆي دېگەندە بىرەر ۋاخ ناماز ئوقۇلمىسىمۇ. . . »

سېيىتاخۇن ئاكا بۇرۇن ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئارقىسىدىن ئانچە-مۇنچە گەپ قىلىپ قويىدىغان ئادەم ئىدى، قېرىغانسېرى «ئۇ

دۇنيا» نىڭ تەشۋىشى ۋەھىمىگە سېلىپ، شۇ گەپ-سۆزلىرى، بىلىپ-بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن تۆۋە-ئىستىغپار ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدى. «ئەسقەرگە ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ قىزلىرىدىن بىرنى ئېلىپ بەرسەم، كېيىنچە شۇ ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ سېپىگە قېتىلىپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس»

سېيىتاخۇن ئاكا ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا ئاخىرى ساۋۇت داموللامىنىڭ قىزى مەريەمنىسا-خانىنى يۈزى تۆۋەن، ئۆزى ئوڭلۇق، ئۆي ئىشلىرىغا پۇختا، بەش ناماز دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئەسقەر ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتسە ئۆتتى، ئۆتەلمەي قالسا ساۋۇت داموللامىنىڭ قىزىنى ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ ئېلىپ بەرمەكچى بولدى.

ئەسقەر پاكىزە، رەتلىك كىيىنىپ يۈرۈيتتى. ئاكا-ئاچىلىرىمۇ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ھەر خىل ياساندۇرۇۋېتەتتى، ئۇ دەرستە خېلىلا ئالدىدا بولغاچقا ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئابرويىغا ئىگە ئىدى.

ئاينۇر ئەسقەرنىڭ ساۋاقداشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ يېقىنى بولۇپ ناھايىتى ئىجىل ئۆتۈشەتتى. شۇڭا ساۋاقداشلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەر خىل گەپ-سۆزلەرنى تېپىشقان، بۇ گەپ سۆزلەر سىنىپ مەسئۇلىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ ئۇلار بىلەن ئايرىم-ئايرىم سۆھبەتلەشكەنمۇ ئىدى.

بۇلارنى باغلاپ تۇرغان ساۋاقداشلىق مېھرى- مۇھەببىتى بارغانچە كۈچىيىپ ئۆزلىرىمۇ تۇيماستىن بىر - بىرسىگە قارىشىپ قالىدىغان، بەزىدەتېخى مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان ھالەتكە كەلتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى.

بۇلار تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان بىر چاغدا، مەكتەپ بۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تەييارلىق قىلىشىغا قويۇۋەتتى. ساۋاقداشلار بىر نەچچىدىن بولۇشۇپ ئۆستەڭ بويلىرىدا، باغلاردا، ئىش قىلىپ خىلۋەت جايلارنىڭ ھەممە يەرلىرىگە چېچىلغان ئىدى.

ئاينۇر بىلەن ئەسقەر بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ دەرس يادلاشتى. ھاۋا ئوتتەك ئىسسىق، قېلىن دەريا تاللىرى بۇلارغا سايە تاشلاپ تۇرسىمۇ بىر توقاي سوئال - جاۋابلارنى يادلاش بىلەن ھەلەك بولۇۋاتقان بۇ بىر جۈپ ياشنى پۇتلىرىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. سۈپ - سۈزۈك شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيى، يەرگە گىلەمدەك يېيىلغان چىملىقتىكى ئوت - چۆپلەر، شاختىن-شاخقا قوغلىشىپ سايراپ يۈرگەن بۇلبۇللار بۇلارنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈپ مۇڭداشتۇردى.

-- ئاينۇر بىز ئىككىمىز بىر مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ قالساق ھە. . . ؟ ھەر تەتىلدە بىرگە بېرىپ بىرگە كەلسەك، يەنە يەكشەنبە كۈنلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزسەك.

-- ئىمتىھان ۋاقىتلىرىدا يەنە مۇشۇنداق بىرگە تەييارلىق قىلساق، سېنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىڭنى يۇيۇپ قاتلاپ دەزماللاپ بەرسەم ھە. . . ؟

-- راست مېنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمنى يۇيۇپ بېرەمتىڭ؟

-- يۇيۇپ بەرمەيچۇ؟

-- ئاينۇر مەن مەڭگۈ مېنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمنى يۇيۇپ بېرىشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن. مۇشۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشارمۇ؟

ئەسقەر قىزىرىپراق يەر تېگىدىن ئاينۇرغا قارىدى. ئاينۇرنىڭ يۈزى لاپپىدا ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتتى. قىزىللىق ئاستا - ئاستا يوقىغاندىن كېيىن ئەسقەرگىمۇ قارىيالماستىن پەس ئاۋاز بىلەن سۇ ئوينىغاچ:

- بىز تېخى ئوقۇغۇچى تۇرساق ساۋاقداشلارنىڭ بىزنى نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

-- ھە، ئۇلار نېمە دەيدىكەن؟

-- نېمە دەيدىكەن داۋاتقىنىنى ماۋۇ قىلىنىڭ، «غېرىپ بىلەن سەنەم» دەيدىكەن.

-- شۇنداقمۇ؟! ئۇلار مېنىڭ سېنى

شۇنداق ياخشى كۆرۈدىغانلىقىمنى بىلىدۇ ئەمەسمۇ، بىز تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈردۇق، بىزگە ئەمدى ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ.

— ھە. . . ؟ بىر نېمە دېيەلمىسە قانداق قىلىمىز؟ — ئاينۇر شوخلۇق قىلىپ ئەسقەرگە قارىدى.

— ئەگەر سەن خالىساڭ بىز ساۋاقداشلار. دېگەندەك «غېرىپ بىلەن سەنەم» بولۇپ كېتەيلى.

ئاينۇر ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا سۇغا چۆشتى - دە، ئەسقەرگە:

— قېلىن، قېلىن، قېلىن غېرىپجان، — دەپ ئوچۇملاپ سۇ چېچىشقا باشلىدى، ئەسقەرمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا سۇ چېچىپ كەتتى.

ھەر - بىر تامچە سۇ بۇلارنىڭ يۈرەك قېتىدا يانالماي تۇرغان مۇھەببەت ئوتىنى ئۇلغايتىپ، چوڭ بىر گۈلخانغا ئايلاندۇرغان ئىدى.

ئوقۇغۇچىلار تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىغان ھەم قورقىدىغان دۆلەتلىك ئىمتىھانمۇ ئېلىنىپ بولدى. بەزى ساۋاقداشلار «ئىمتىھان دېگەندىن تەلىيى بار ئادەم ئۆتىدۇ. تەلىيى يوق ئادەم دەرستە ياخشى بولسىمۇ ئۆتەلمەيدۇ» دېيىشەتتى، ئاينۇرنىڭ تەلىيى بار ئوخشايدۇ، ئۇ يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتتى. ئەسقەر نومۇر چېكىگە يېتەلمىدى. بىچارىنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمەي خېلىلا ئورۇقلاپ كەتتى. ئاتا - ئانىسى «بولدى، مەكتەپتە ئوقۇغان ئادەمنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپكە بېرىۋەرمەيدۇ، بۇنىڭغا نېمانچە قىلىپ كېتىسەن؟ ئويۇنىڭنى ئويناپ يۈرمەمسەن» دەپ تۇرسىمۇ، ئۇ بارغانچە شۇكىلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

بىر بىرسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ساۋاقداشلار ئۆز - ئارا ئولتۇرۇش قىلىشىپ، ئۆز - ئارا ۋەدىلەر بېرىشىپ، ئۆتەلمىگەن ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى ياسىشىپ بىردىن ئىككىدىن يولغا چىقىشتى.

ئاينۇر مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۆزلىرى دەرس يادلىغان ھېلىقى ئۆستەڭ بويىدا ئەسقەر بىلەن ئۇچراشتى.

ئەسقەر بىر نەچچە خاتىرە دەپتەر بىلەن يېنىدىن ئايرىمايدىغان قەلەمنى ئاينۇرغا سوۋغا قىلىپ تۇتتى. ئۇلار شۇ كۈنى نۇرغۇن مۇڭداشتى. بىر - بىرىدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈشۈپ، كەلگۈسىدىكى شېرىن خىياللىرىنى قويماي سۆزلەشتى.

— ئەسقەر مەن سېنى ئۆزەمدىنمۇ ياخشى كۆرىمەن، مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگىچە مېنى ساقلىيالامسەن؟

— ساقلايمەن! مەڭگۈ ساقلايمەن! - ئەسقەرنىڭ ئاۋازى ئادەتتىكىدىن چىڭراق چىقىپ كەتتى.

ئاينۇر بىر پارچە رەسىمنى چىقىرىپ ئەسقەرگە ئۇزاتتى.

— بۇنى كۆرگەندە مېنى كۆرگەندەك بولارسەن، - دەپ تاتلىقىنا كۈلدى، ئىككى قول مەھكەم سىقىشتى.

ئاينۇر كېتىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەسقەر ئۆيدىكىلەرگە مەسلىھەتمۇ سالماستىن ئەسكەرلىككە تىزىملىنىۋالدى، ئەتە دوختۇردىن تەكشۈرۈلۈمىز دەپ يۈرگەندە، سېپىتاخۇن ئاكا كىمدىن ئاڭلىغان ئۆيگە قايناپلا كىرىپ، كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان ئەسقەرگە سۆزلەپلا كەتتى.

— ھە. . . ي ! سېنىڭ نېمەڭ كەم؟ يەي دېسەڭ نېنىڭ، كىيەي دېسەڭ ئىگىنىڭ تۇرسا سېنى ئەسكەرلىككە بېرىشقا كىم قويىدى؟ بارغان يېرىڭدە ئورۇش بولۇپ ئۆلسەڭ قانداق قىلىسەن؟

بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇققان ھاشىخان ئاچا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سۆزگە ئارىلاشتى.

— بوپتۇ، بارسا بېرىپ كەلمىسۇنمۇ؟ ئورۇش بولۇپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن، دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇشقا كېتىپ بۇ بىچارە بالام شۇكىلا يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدى.

بىرىپ يۇرت كۆرۈپ تەربىيىلىنىپ كەلمىسۇنمۇ؟

ئۇرۇق - تۇغقان، مەھەللە - كوينىڭ سالا-مۇلۇسى بىلەن سىيتاخۇن ئاكا ئاران ماقۇلغا كەلدى، ئەسقەر ماڭغان كۈنى «ئاۋۋال ئۇلۇغ خۇدايىمغا، ئاندىن قالسا پارتىيىگە تاپشۇردۇم بالام» دەپ يىغلاپ ئۇزىتىپ قالدى.

ئەسقەر قىسىمغا بارغاندىن كېيىن ئاينۇر بىلەن داۋاملىق خەت - ئالاقە قىلىشىپ تۇردى. ئاينۇر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئانچە ئۇزۇنغا قالماي ئەسقەرمۇ كەسىپ ئالمىشىپ قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئۇلار چوپ - چوڭ قىز - يىگىتلەردىن بولۇپ قېلىشقان ئىدى.

سىيتاخۇن ئاكا ئەسقەرنىڭ چوپ - چوڭ بىر ئادەم بولۇپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، ساۋۇت داموللامنىڭ قىزى مەريەمنىساخاننىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە بەكمۇ كۆڭلى يېرىم بولاتتى.

ساۋۇت داموللام «قىز بالا دېگەن مېۋىگە ئوخشايدۇ، ئۇنى ئۇزۇن ساقلاشقا بولمايدۇ» دەپ ئەسقەر كېتىپ بىر يىلدىن كېيىنلا ياتلىق قىلىۋەتكەن ئىدى. ئاينۇر ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقسىم قىلىندى، ئەسقەر بولسا ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئالدىدا تۇراتتى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شېرىن خىياللىرى بىلەن مەست بولۇپ يۈرگەن بىر چاغلاردا سىيتاخۇن ئاكا ئەسقەرنى ئۆيلىمەكچى بولۇپ قوپتى، ئۆز ئوغلىغا كۆپ باش قاتۇرۇش ئارقىلىق مەزىناخۇنۇمنىڭ قىزى نۇرنىساخاننى لايىق تاپتى. مەزىناخۇنۇممۇ:

-- قىز سىلەرگە يارىغان بولسا يارىشىغىنى قىلىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار، سىلەردىن بالا ئايامتۇق، - دېگەن جاۋابنى بەردى. سىيتاخۇن ئاكا بۇ خۇش خەۋەرنى ھاشىخان ئاچا ئارقىلىق ئەسقەرگە يەتكۈزدى، ھاشىخان ئاچا ئەسقەرنى ئولتۇرغۇزۇپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى.

-- بالام سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، داداڭ بىلەن ئىككىمىز سېنى كۆزىمىزنىڭ ئۇچۇق ۋاقتىدا ئۆيلۈۋېتەيلى دەپ مەسلىھەتلىشىپ، مەزىناخۇنۇمنىڭ قىزى نۇرنىساخاننى ئېلىپ بەرمەكچى بولدۇق. كونىلارنىڭمۇ «ئاتا كۆرۈپ قىز ئال» دېگەن ھېكمەتلىك گېپى بار ئەمەسمۇ؟ مەزىناخۇنۇممۇ ئوبدان ئادەم، داداڭ ئۇ كىشىنى بەك چوڭ بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرنىساخانمۇ ناھايىتى ئوبدان بالا بولدى...

-- ئاپا...؟ دېدى ئەسقەر بىردەم تورۇۋېلىپ، - مېنى ئۆيلەيمەن دېسەڭلا مەن دېگەن يەردىن ئۆيلەڭلار، ئۇندىن باشقا ھېچقانداق يەردىن ئۆيلەنمەيمەن.

-- ئۆزەڭمۇ بىرەر قىز بىلەن تېپىشىپ قالغان ئوخشىمامسەن بالام؟ - ئانا دىلىغۇل بولۇپ قالغانىدى.

- ئاپا مەن ئۆزەمنىڭ بىر ساۋاقدىشىم بىلەن پۈتۈشۈپ قويغىلى بەش يىل بولغان، مەن شۇ قىز بىلەن توي قىلسام.

-- بەش يىل بولدى دەمسىنا؟ - ھاشىخان ئاچا پېشانىسىگە «پاق» قىدە بىرنى ئۇردى، - مۇشۇكەمنىڭ باللىرى نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدۇ خۇدايىم، بەش يىل بولدى دەيدۇيا.

-- شۇنداق بەش يىل بولدى، شەرىئەتتىمۇ ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىش چوڭ گۇناھ بولارمىشقۇ؟ - ئۇ يېلىنىش نەزىرى بىلەن ئاپىسىغا قارىدى. ئانا دېگەن باغرى يۇمشاق كويۇمچان كېلىدۇ-دە، ھاشىخان ئاچا بىردەمدىلا ئېرىدى.

-- ۋاي بالام «غېرىپ بىلەن سەنەم» بولۇپ كەتتۇق دېگىن؟ بىراق بۇنىڭغا داداڭ نېمە دەر؟ «بىزنىڭ ئەسقەرنىڭ تەلىيى چىقتى. ئوبدان يەرگە يولۇقتى» دەپ خۇشال يۈرۈيدۇ.

-- ئوبدان ئاپا، ئۇ قىزمۇ سېنىڭ ئۆز قىزىڭدەك بولۇپ كېتىدۇ، يۇقىرى مەكتەپ ئوقۇغان، دادامغا ئوبدانراق گەپ قىلىپ باقساق ماقۇل دەپ قالار.

ھاشىخان ئاچىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سىيتاخۇن ئاكىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى.

-- نېمە؟! بەش يىل بولۇپتىمۇ؟ ئاشۇ

مەمەت ئاۋاقنىڭ قىزى بىلەنما؟

— ۋاي دادىسى ئۇنچىۋالا تەرسالىق قىلىپ كەتمىگىلار، ئۆزىنىڭ خالىغىنى شۇ قىز ئىكەن، ئۆزلىرى كۆڭۈل بېرىشىپتۇ.

— ئۆزى خالاپتۇ، كۆڭۈل بېرىشىپتۇ دەپ ئاشۇ مەمەت ئاۋاقنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرەمدۇق؟ پەرزەنتىمىزنىڭ بىرىنچى تويىنى قىلىپ قويۇش ئاتا - ئانىنىڭ قەرزى. مەن ئالدى بىلەن ئۆزەم تاپقان يەردىن ئۆيلەيمەن. كېيىنكىسىدە مەمەت ئاۋاقنىڭ قىزىنى ئالامدۇ ئۇ يەنە بىرسىنىڭ قىزىنى ئالامدۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى.

— ھازىرقى ياشلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار ساپلا ئۆزلىرى تېپىشىپ توي قىلىۋاتامدۇ؟ بۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقان ئاتا - ئانىلارمۇ ئۆزلىرى ئوسال بولۇپ قېلىۋاتىدىغۇ؟

— ھە...ي؟! ... دېدى ئاچچىقى كەلگەن سېيىتاخۇن ئاكا، — ئۆز بالىسىنىڭ مۇشۇنداق چوڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغان ئاتا - ئانا كىمنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىدىكەن؟ ئوبدان يەردىن ئۆيلەپ قوياي دېسە تېخى ئوسال بولۇپ قالامدىكەن؟

— بالىمىز شۇ قىزدىن باشقىسى بىلەن توي قىلمايمەن دەۋاتسا، ئەمدى ئۇلارنى يىغلىتىپ - قاقشىتىپ ئايرىۋېتەمسىزمۇ؟ مەزىناخۇنۇمنىڭ قىزى بىزگە ئالتۇن تىزەكلەپ بېرەمتى.

— مەنمۇ بارغۇ، دادام رەھمەتى سېنى ئېلىپ بېرىمەن دېگەندە يالغانلاردىن يىغلاپ - قاقشاپ تۇرىۋالغان ئىدىم.

ھاشىخان ئاچا شۇنچە ئوبدان گەپ قىلىپمۇ بۇ ئادەمنى يۇمشىتالمىدى، ئەكسىچە «ئەسكەرلىككە بەرمەيلى، بەرمەيلى دېسەم تەربىيىلىنىپ ئۇنداق بولۇپ كېلىدۇ، بۇنداق بولۇپ كېلىدۇ دەيسەن، ئەمدى ئوبدان بولدىمۇ؟ قايسى بىر بالىمىز گېپىمىزنى يىرغان، ئەمدى خوپ بولدىمۇ» دېگەندەك تاپا - تەنىلەرگە كۆمۈلۈپ قالدى.

ئەسقەرنىڭ يېلىنىپ يالۋۇرۇشى بۇ ئادەمنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

— سەن ئالمايسەن.ھە؟ ئالمايسەن، ئۇنداق بولسا مەمەت ئاۋاقنىڭ قىزىنىمۇ ئالمايسەن.

مەمەت ئاكىمۇ ئوبدان ئادەم ئىدى. سېيىتاخۇن ئاكىغا نەرى يارىماي قالغان. مەمەت ئاكىنىڭ گېپى چىقسىلا «ئۇنداقچى ئاۋاق، بۇنداقچى ئاۋاق» دەپ قايناپلا كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ گەپ - سۆزلەر قۇلىقىغا يەتكەن مەمەت ئاكا «مېنىڭمۇ ئۇلارغا چۈشۈپ قالغان قىزىم يوق. مېنى تولا چىشلەپ تارتمىسۇن» دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپ، پۈتۈن ئائىلە بويىچە ئاينۇرنى قاتتىق «نازارەت» ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي بىر ئاغىنىسىنىڭ بالىسىغا چېتىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزىنى چۈشۈرگەنمۇ بولدى.

ئەسقەر ھەسرەتتە قالدى، ئۇنىڭ بۇ يۈرتتىن پۈتۈنلەي كۆڭلى سوۋۇدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرى دەرس يادلىغان ئۆستەڭ بويلىرىنى چۆرگىلىدى. مانا شۇ ئۆستەڭ بويى، گىرەلىشىپ قويۇق ئۆسكەن دەريا تاللىرى بۇ ئۆستەڭ بويىغا تېخىمۇ گۈزەللىك ئاتا قىپتۇ. بۇ ئۆستەڭ بويىغا ماكان تۇتقان بۇلبۇللار بولسا تېخىمۇ ئاۋۇپ، تېخىمۇ شوخلىشىپ كېتىپتۇ.

ئەسقەر سۇپ - سۈزۈك ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىدىن ئاينۇرنىڭ «قېلىن، قېلىن، قېلىن غېرىپجان» دەپ ئۇچۇملاپ سۇ چېچىۋاتقان سىماسىنى كۆرگەندەك بولدى. قېلىن دەريا تاللىرى ئارىسىدىن بىر جۈپ تورغاي شوخلۇق قىلىشىپ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ چىقتى - دە، ئەسقەرنى كۆرۈپلا سەل نېرىدىكى شاختا يانمۇ يان ئولتۇرۇشۇپ، تۇمشۇقلىرىنى سوزۇشۇپ خۇددى ئۇنى سوراق قىلىۋاتقاندەك سايراپ كېتىشتى.

ئەسقەر بۇ تورغايلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلىغۇسى، يىغلاپ تۇرۇپ دەردىنى تۆككۈسى

كەلدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئۇچار قوشلىقى ئېسىگە كېلىپ يەنە تۇرۇپ قالدى.

ئەسقەر ئاينۇر بىلەن بىللە دەرس ئوقۇغان، بىللە چۆرگىلىگەن، بىللە مۇنازىرە قىلىشقان جايلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىر قور چۆرگىلەپ چىقتى. ئاينۇر بىلەن خىيالى موڭداشتى. خۇددى ئۇنى ئاينۇر كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەكلا ئۇياق - بۇياقلارغا قارىدى. ئاخىرى مەيۈس ھالدا ئۆيىگە قايتتى. ئۇ كىمدۇر بىرسىدىن نېفىتلىككە ئىشچى قوبۇل قىلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئىشچى قوبۇل قىلغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ ھەممە رەسمىيەتلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولدى.

يولغا چىقىدىغان كۈنى «خوش دادا، ئاپا، مەن قاراماي نېفىتلىكىگە ئىشچى بولۇپ ماڭدىم، كېيىنچە سىلەرنىمۇ ئېلىپ كېتىمەن» دېدى.

ئۇز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالغان سېيىتاخۇن ئاكا بىلەن ھاشىخان ئاچا ئەسقەرنىڭ راستىنلا كېتىۋاتقانلىقىدىن يىغلاشتى.

ئەسقەر كەتتى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاينۇر بىلەن بىر كۆرۈشكىسى، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغۇسى، چىدىماسلىق قىلىپ يىغلاپ بەرگۈسى بار ئىدى. لېكىن ئەمدى ئىچىدىلا ئۇنىڭغا بەخت تىلەشتىن باشقا ئامالى يوق. خەير- خوش ئاينۇر! ئۇ ماشىنا ئەينىكىدىن شۇنچە قارىدى، توپ - توپ ئادەملەر ئارىسىنى ئىزدىدى. ئۇنىڭ شوخ كۈلكىسى، يېقىملىق قارىشى ئۇنىڭ يۈرەك قېتىغا ئورناپ كەتكەندەك ئىدى.

ئەسقەر ئۇستام ئۆزىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋالدى. ھەر ئىككىلىمىز بىر ھازاغىچە جىم ئولتۇرۇشۇپ قالدۇق.

«ئەسقەر ئۇستامنىڭ تابۇگۈنگىچە ئۆيلەنمەي يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىكەندە، كونىلار جاھاندا مىڭ كىشى كۆڭۈلدە بىر كىشى، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

-- ھازىر ئاتا - ئانىڭىز قانداقراق؟ ئاينۇرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىلەمسىز؟- ئاستا سورىدىم ئەسقەر ئۇستامدىن.

- ئاتا - ئانام قېرىپ كەتتى، - دېدى ئەسقەر ئۇستام. - سالامەتلىكى ياخشى. چوڭ ئاكامنىڭ بىر قىزى شۇ ئۆيدە تۇرىدۇ، ئۇلارنى ئەكىلىۋالاي دېسەم ھاۋاسى بىلەن سۇيىگە كۆنەلمەيمىز دەپ ئۇنىمىدى. دادامنىڭ سوغۇرتا پۇلىمۇ 600.500 يۈەنگە يېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەر ئايدا پۇل ئەۋەتىشنى توختىتىپ قويمىدىم. ھەر يىلى ئاتپوسكىغا بېرىپ يوقلاپ تۇرىمەن. ئاينۇرنى كۆرۈپ باقمىدىم، باشقىلاردىن ئۇقسام ئۇنىڭ يولدىشى بەك ھاراقكەش، گۇمانخور ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا بەك زۇلۇم سالىدىكەن. ئۆتكەندە ئۆيدىكىلەردىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم، خەتكە ئاينۇرنىڭ «جېنىمنىلا ئالسام بولدى» دەپ ئۆي، مال - مۈلۈك، زىبۇ-زىننەت، ھەتتە كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ يولدىشىغا بېرىش شەرتى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى يېزىپ قويۇپتۇ.

ئاپام - دادىلارمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلگەن ئوخشايدۇ.

-- ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ ئەسقەر ئۇستام، - دەۋەتتىم خۇشاللىقىمدا.

-- ئاينۇر ئاچامۇ كۆپ خاپىلىق تارتىپتۇ. سىزمۇ بويتاقچىلىقنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدىڭىز، ئەمدى بۇنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، ئېيتىڭا ئەسقەر ئۇستام مەن سىزگە نېمە قىلىپ بېرەي؟

-- مۇشۇ يېشىمغىچە بىرسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇ ئىشىم بار، بۇ ئىشىم بار دەپ بېرىپ باقماپتىمەن. مەنمۇ تەشكىلگە ئۇزۇن يىل ئىشلىدىم، تەشكىلمۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتىشكە كۆپ كۈچ چىقاردى. تەشكىلدىن يامانلىق كۆرمىدىم، مېنىڭ بېشىمنى قاتۇرىدىغىنى ئۆي مەسىلىسى. ھازىر توي خېتى ئېلىپ قويۇپ بىرەر يىلغىچە ئۆي ئالالماي يۈرگەنلەر ئاز ئەمەس، ئۇكام مۇشۇ ئىشقا سىز يول ماڭسىڭىز.

-- بۇ يەردىكى ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ، - دېدىم ئەسقەر ئۇستامغا ۋەدە بېرىپ، - توي كۈنىڭىزدىن مېنى خەۋەردار قىلمىسىڭىز سىزدىن رەنجىپ قالىمەن. شۇ كۈنى ئەسقەر ئۇستام بىلەن ئۇزۇن سۆزلەشتىم. خۇددى ئۆزەمنىڭ ئاكام توي قىلىدىغاندەك خۇشاللىقىمنى باسالماي قالدىم. 2- 3 كۈندىن كېيىن ئەسقەر ئۇستام چوڭ تەييارلىق بىلەن ئاتپوسكىغا ماڭدى. مەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نامىدىن رەھبەرلىككە ئەسقەر ئۇستامنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ، تېزراق ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. زاۋۇت باشلىقىمىز ئەسقەر ئۇستام دېمەتلىك كىشى ئىدى. ئۇمۇ بۇ ئىشتىن ناھايىتى خۇشال بولدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن كېڭىشىپ، توي خېتى بولمىغانلارغا ئۆي تەقسىم قىلماسلىق، توي - تۆكۈن ئىشلىرىدا نېفىتلىكتىن سىرتقى رايونلارغا ماشىنا بەلگىلىمەسلىك پرىنسىپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەسقەر ئۇستامغا ئەڭ ئاۋات مەھەللىدىن ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىشنى، تويغا بىر ئاپتوموبىل ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

ئەسقەر ئۇستامنىڭ تويىدا مەن ئايالىمنى ئېلىپ بارىمەن. مىڭ بىر تەسلىكتە ئەسقەر ئۇستامغا خىزمەت قىلىش پۇرسىتى كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيىنىمۇ تازىلاپ پارقىرىتىۋەتتىم. بۈگۈن- ئەتىنىڭ ئىچىدە ئەسقەر ئۇستامدىن خەۋەر كېلىشى مۇمكىن.

(ئاپتور: بۇرغىلاش شىركىتىدە ئىشلەيدۇ)





رەپقەت غوپۇر

# نەسىبسام قىزنىڭ ئۆلۈمى

(ھېكايە)

مەن كۆنگە نەچچە رەت كۆرۈپ تۇرمسام كۆڭلۈم ئۇنىمايدىغان قارا تاشلىق خاتىرەمنى ماناھازىر يەنە قولۇمغا ئېلىۋاتىمەن. بۇخاتىرە ئىچىگە قېرىنداش بىلەن ناھايىتى كۆركەم سىزىلغان بىرپارچە ئەتىرگۈلنىڭ رەسىمى قىستۇرۇلغان بولۇپ، بۇ رەسىم ئىلگىرى ماڭا خۇشاللىق بەخش ئەتسە، ھازىر ئېچىنىشلىق ئەسلىمە بىلەن يۈرىكىمنى زىدە قىلىشتىن باشقا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنى نەچچە رەت كۆرۈپ، پۇچىلانغان يۈرىكىمدىن ئاققان ئازابلىرىم بىلەن ئىلگىرىكى ئەقىلسىزلىكلىرىمنى يۇغاندەك بولىمەن.

بۇ رەسىمنى سىزغۇچى نادىرە ئىسىملىك بىرقىز. ئۇ مېنىڭ ياخشى كۆرۈشكەن قىز دوستۇممۇ ئەمەس، ساۋاقدىشىممۇ ئەمەس، پەقەتلا مېنىڭ ئاڭسىز، قالاق تۇيغۇلىرىمغا ھەقىقى گۈزەللىكنىڭ ئەڭ نەپىس ئۇنچىلىرىنى ئاسقان، شۇنداقلا ماڭا رېئاللىقتىكى يوشۇرۇن گۈزەللىكلەردىن بەھىر ئالالايدىغان سېھرى كۈچنى ئاتا قىلغان بىردىن بىر قىز ئىدى. لېكىن ئۇ ماڭا ۋىسالسىزھىجران ئازابىنى قالدۇرۇپ، روھى بېسىمدىن خالى ئەركىن دۇنياغا كېتىپ قالغىلى ئۇزاق يىللار بولدى. مەن ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئۈچۈن ھەر يىلى جەنۇبقابارىمەن، قەبرىسى ئەتراپىغا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان قىزىل ئەتىرگۈللەرنى تىكىپ قويىمەن، پەرۋىش قىلىمەن، يىغلايمەن. بۇ ئارقىلىق ئۆزەمگە تەسەللىي تاپىمەن. مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئەسلىمىنى قاچان ئۇنتارمەنكىن-تاڭ؟!

بۇ ئەسلىمەمدىكى ۋەقە ئون يىل بۇرۇن بولغان ۋەقە.

مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر يېزىغا چۈشتۈم. بۇ دەل گۈل-چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلغان باھار مەزگىلى بولۇپ، گۈل چېچەكلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى، يېزىنىڭ ساپ ھاۋاسى مەندىكى سەپەر ھاردۇقىنى يوقىتىپ چىقىرىپ، ئۆزۈمنى يېنىكلەپلا قالغاندەك ھېس قىلدىم. مەن ئاللىقانداق خىياللار بىلەن بوستانلىق بىر كوچىغا ئەگىلدىم. ئارقامدىن بىرسىنىڭ مېنى چاقىرغان تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بۇرۇلۇپ قاراپلا كۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش

بولۇپ كەتتىم. ئۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان يېقىن دوستۇم راخمان ئىدى. بىز قۇچاقلىشىپ قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئۇ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. مەنمۇ ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. توساتتىن ئالدىمىزدىكى يان كوچىدىن كىچىك بالىلارنىڭ «نادىرە سارالڭ، نادىرە سارالڭ» دەپ چۇرقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا بۇ كوچىدىن مۈرىسىگە رەسىم سىزىش تاختىسى ئاسقان 20 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز چىقىپ كەلدى. بۇ قىز بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ، ئۇنىڭ زىلۋا، مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم بەدىنى، گۈلدەك رۇخسارى، يارىشىملىق كىيىنىشى ئۇنىڭ بۇ لەقىمگە قىلچە ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ بولاقنى خىجىل قىلغۇدەك سېھىرلىك كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. قىسقىسى، مەن ئۇنى تۇنجى كۆرگەن ئەڭ گۈزەل قىز دېسەم خاتالاشمايتتىم. مەن ھەر قانچە كۆزىتىپمۇ بۇ قىزدىن سارالڭ كىشىلەردە بولىدىغان ئالامەتلەرنى تاپالمىدىم. بىر توپ كىچىك بالىلار «نادىرە سارالڭ» دېگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىشتى. مەن ھەيران قالغان ھالدا راخمانغا تىكىلدىم. ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە، مېنى جاۋابسىز قالدۇردى. مەن راخماننىڭ ئۆيىدە غىزالانغاچ بۇ «سارالڭ» قىزنى سۈرۈشتە قىلدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى ئەينەن ئېيتىپ بەردى. بۇ قىز مۇھەممەت ئىسىملىك جەمئىيەتتە خېلى تەسىرى بار، ئابرويلۇق بىر كىشىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، رەسىم كەسپىدىن ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپتۇ. ئۇ بۇ مەكتەپتە تىرىشىپ ئۆگىنىپ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئۆزى تۇغۇلغان مۇشۇ يېزىغا قايتىپ كېلىپ مەدەنىيەت ئىدارىسىدا ئىشلەپتۇ. ئۇ كۆپ ۋاقىتنى رەسىم سىزىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ كونا بۇزۇلغان ئۆيلەر، يىراق ئورمانلىقلاردا رەسىم سىزىۋاتقانلىقىنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىكەن. بۇ قىز ساۋاقداشلىرىغا كەسىپ ھەققىدە توختىلىپ، گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكى، بۇ گۈزەللىك كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك تۇيغۇلىرى، ئىستېتىك ئېڭىنىڭ تۈپ مەنبەسى ئىكەنلىكى، رېئاللىقتىكى بۇ گۈزەللىكلەرنى ھەممە كىشىنىڭ تولۇق بايقاپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى، چۈنكى گۈزەللىك چۈشەنچىسى نىسپىي بولىدىغانلىقى، شۇڭا ئۆزىنىڭ كىشىلەر بايقىيالمىغان گۈزەللىكلەرنى بايقاپ، ئۇنى سىزىپ چىقىپ كىشىلەردە ئىستېتىك تەسىر قوزغاشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن. بۇ يېزىدىكى بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭغا «سارالڭ» دەپ لەقەم قويۇپتۇ. بۇ لەقەمنى سەۋىيىسى تۆۋەن چوڭ كىشىلەرمۇ، ئۇششاق بالىلارمۇ ئىشلىتىدىكەن.

ئاز ئۆتمەي بۇ قىز توغرىلىق يالغان سۆز - چۆچەكلەر تارقىلىپتۇ. بۇ قىز ئىشلەۋاتقان ئورۇننىڭ باشلىقى سەل بىلىمسىزراق كىشى ئىكەن. نادىرەنى مۇشۇ گەپ - سۆزلەر تۈپەيلى ئىشتىن ھەيدەپتۇ. لېكىن بۇ قىز يەنىلا رەسىم سىزىشنى تاشلىماپتۇ.

راخمان گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ:

— مېنىڭ نادىرەگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىك ھەققىدە دېگەن سۆزلىرىنىمۇ مەنمۇ ئانچە چۈشەنمەيمەن. بىراق بەزى ئادەملەرنى دەيمەن - دە، ئۇلار گۈزەل سەنئەت ھەققىدە چۈشەنچىسى يوق تۇرۇپ، بىر چىرايلىق قىزغا نېمە ئۈچۈن بۇنداق لەقەملەرنى قويىدۇ؟! - دېدى - دە، تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى. مەن راخماندىن يەنىمۇ كوچىلاپ سوراشقا باشلىدىم:

— نادىرەنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا قانداق

مۇئامىلىدە ئىكەن؟

— نادىرەنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلىملىك كىشىلەر. ئۇلار قىزىنىڭ رەسىم سىزىشى ئۈچۈن پۈتۈن شارائىتلارنى تولۇق ھازىرلاپ بەرگەن. قىزىغا «ساراڭ» دەپ لەقەم قويۇلۇپ قالغىنىغا ئۇلار بەكمۇ خاپا، — دېدى راخمان سەل ھاياجانلىنىپ.

بىز نادىرە ھەققىدە ئازراق سۆزلەشكەندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ كونا پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كەتتۇق. لېكىن مېنىڭ خىيالىم نادىرەدىن ساقىت بولالمىدى. شۇنچە گۈزەل قىزنىڭ «ساراڭ» ئاتىلىپ قالغىنىغا تولىمۇ ئېچىناتتىم... ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئازراق زېرىكىش ھېس قىلىپ يېزا ئەتراپلىرىغا بىرىپ سەيلە قىلغۇم كېلىپ قالدى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئالدىمدىكى ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ رەسىم سىزىۋاتقان نادىرەگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ مەنزىرە سىزىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سىزىۋاتقان رەسىمنى كۆزەتتىم. ئۇ سىزىۋاتقان رەسىمدىكى ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ رەڭگى ئوچۇق، چىرايلىق بولماستىن بەلكى غۇۋا تۇتۇق بولۇپ كۆرگەن ئادەمنى ئازابلاپ قوياتتى. نادىرە ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى - دە، پەرۋاسىزلا رەسىم سىزىشنى داۋاملاشتۇردى. بىر ئازدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— رەسىمنى بەك چىرايلىق سىزىدىكەنسىز، ئىشلەتكەن رەڭلىرىڭىز كۆرگەن ئادەمنى خۇش قىلىۋېتىدىكەن، — دېدىم.

ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى - دە:

— يالغان سۆزلىمەڭ، بۇ رەسىم سىزنى ئازابلاپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تاپقان ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن تەن ئالماي ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ سىزىۋاتقان رەسىمدىن كۆزىنى ئۈزمەيلا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— مېنىڭ ھازىر سالامەتلىكىممۇ ياخشى ئەمەس، باشقىلارنىڭ ماڭا قالايمىقان لەقەم قويغىنى ئۈچۈن بەكمۇ ئازابلىنىمەن. مەن پەقەت رەسىم سىزىش ئارقىلىقلا ئۆزەمگە تەسەللىي تاپىمەن. مېنىڭ بۇ ئازابقا تولغان ھېسسىياتىم سىزغان رەسىممدىن ئىپادىلىنىپ قالمايدۇ دېگىلى بولاتتىمۇ؟!

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە سەل قايىل بولدۇم - دە، خاتالىقىمنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدىم. ئۇنىڭ يېنىدا بىر قانچە كىتاب ماتېرىياللىرى ۋە تېز سىزما دەپتىرى تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تېز سىزما دەپتىرىنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇنىڭ ئىچىدىكى قېرىنداش بىلەن ئىنتايىن كۆركەم سىزىلغان بىر ئەتىرگۈلنىڭ رەسىمى مېنى ھاياجانغا سالدى. نادىرە مېنىڭ بۇ رەسىمگە ئۇزاق تىكىلىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ:

— قانداق؟ ياخشى سىزىپتىمەنمۇ؟ بۇ قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ رەسىمى. مەن قىزىل ئەتىرگۈلنى كىچىكىمدىن تارتىپ ياخشى كۆرەتتىم. قىزىل ئەتىرگۈلنى دائىم سىزاتتىم. بۇ مېنىڭ ئوقۇۋاتقان چېغىمدا سىزغان تېز سىزما رەسىمىم، — دېدى.

مەن بۇ رەسىمنى بىرقۇر ماختىغاندىن كېيىن، ئۆزەمنىڭ ئۆرۈمچىدىن كەلگەنلىكىمنى، مۇشۇ ئەتىرگۈلنىڭ رەسىمىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى، بۇ رەسىمنى ماڭا سوۋغا قىلىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ بىر ئاز سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ رەسىمنى ئاۋايلاپ يانچۇققا سالدىم. يەردە تۇرغان يەنە بىر كىتابنى قولۇمغا ئالدىم. ۋاراقلاپلا كۆزلىرىم چەكچىيىپ نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. بۇ كىتابتىكى رەسىملەر پۈتۈنلەي يالىڭاچ ئادەم بەدەن رەسىملىرى ئىدى. نادىرەگە بولغان ھۆرمىتىم، ھېسداشلىقىم سوۋغا چۈشكەن تاشتەكلا يوقاپ كەتتى - دە، ئۇنىڭغا ئاچچىق

تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدىم.

— سىزگە نېمە بولدى، — نادىرە مەندىكى ئۆزگىرىشنى سەزگەندى.

— سىز قىز بالا تۇرۇپ بۇنداق سېرىق كىتابلارنى نەدىن تاپتىڭىز، بۇنداق كىتابنى كۆرۈشتىن نومۇس قىلمامسىز؟!

ئۇ مېنىڭ بۇ گەپلىرىمگە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى-دە:

— نېمە دېدىڭىز. سېرىق كىتاب دېدىڭىزمۇ؟ سىز مۇشۇ سالاپىتىڭىز بىلەن بۇنى سېرىق كىتاب دېسىڭىز باشقىلار نېمە دەر. بۇ كىتابلارنى سېرىق كىتاب دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت بەدەن گۈزەللىكىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان كىتاب شۇ، — دېدى ئاددىلا چۈشەندۈرۈپ. مەن ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم-دە:

— سىز ماڭىمۇ شەك كەلتۈرۈۋاتىسىز، سىزنى باشقىلارنىڭ «ساراڭ» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن. سىز ھەقىقەتەن ساراڭ ئىكەنسىز، — دېگىنىمچە ئىت قوغلىغاندەك تېز-تېز مېڭىپ كەتتىم. نادىرەنىڭ بوقۇلداپ يىغلىغان ئاۋازىنى غۇۋا ھېس قىلدىم.

ۋاقتىم توشۇپ ئورۇمچىگە قايتىپ كەلدىم. خىيالىم يەنىلا نادىرەدە ئىدى. مەن ئۆزەمنىڭ گۈزەل سەنئەت ھەققىدە چۈشەنچەم يوق تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئازار بېرىپ قويغىنىمغا سەل پۇشايمانمۇ قىلدىم. مەندە بارا-بارا بۇ سىرلىق گۈزەل سەنئەت كەسپىگە قىزىقىش قوزغىلىۋاتاتتى. ياتاققا قايتىپ ئۇ ماڭا سوۋغا قىلغان ئەتىرگۈلنىڭ رەسىمىنى يانچۇقۇمدىن ئاستا ئالدىم-دە، بىر قارا تاشلىق خاتىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇردۇم.

ئىشكىنىڭ يېنىك چېكىلىشى مېنىڭ دىققىتىمنى بۆلدى. ئىشكىنى ئاچسام يېقىن دوستۇم مۇختەر ئىكەن. ئۇ بۈگۈن شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار ماي بوياق كۆرگەزمىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ مېنى بىللە بېرىشكە قىستىدى. ئۆزەمنىڭمۇ گۈزەل سەنئەتكە قىزىقىشىم كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭ بىلەن ماڭدىم. بىز كۆرگەزمىخانىغا كىرىپ رەسىملەرنى بىر-بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدۇق.

مەن «ھازىدار ئايال» ناملىق بىر ئەسەرنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدىم. بۇ رەسىمنىڭ رەڭلىرىمۇ چۈشكۈن بولۇپ مېنى ئازابلاپ قويدى. مەن بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورىنى سۈرۈشتە قىلدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ماڭا ئەسىرىنى چۈشەندۈرۈپ:

— سىزنىڭ بۇ رەسىمنى كۆرۈپ ئازابلىنىشىڭىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بىزنىڭ بىر قوشنىمىزنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، مەن قوشنىمىزنىڭ ئۆلۈم ئىشلىرىغا قارىشىپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالىنىڭ داد-پەريادلىرىنى كۆرۈپ بەك ئازابلاندىم. ئۇ ئايالغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى. تېزلا ئۆيۈمگە قايتىپ بۇ رەسىمنى سىزىپ چىقتىم. مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىم سىزغان رەسىمدە ئەلۋەتتە ئىپادىلىنىدۇ. سىز ئاۋۇ رەسىمگە قاراپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ مېنى بىر مەنزىرە رەسىمنىڭ يېنىغا باشلاپ ئەكىلىپ. مەن بۇ رەسىمنى كۆرۈپ ئۆزەمنى غەم ئەندىشىلەردىن خالىي بولغاندەك ئىنتايىن ئازادە ھەم خۇشال ھېس قىلدىم. ئۇ ماڭا:

— بۇ رەسىمنى كۆرسىڭىز ئۆزىڭىزنى خۇشال ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن، بۇ رەسىمنى مەن تۇغۇلغان كۈنۈمنى خاتىرىلىگەندە سىزغان. ئۇ چاغدا مەن بەك خۇشال بولغاچقا مەنزىرە سىزساممۇ خۇشاللىق ھېسسىياتىم رەسىمدە ئىپادىلىنىپ چىققان، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇ مېنى يەنە بىر رەسىمنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. بۇ بىر دانە قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ رەسىمى بولۇپ، رەسىمگە ئىشلىتىلگەن رەڭلەر ئىنتايىن كۆركەم، جۇشقۇن، تەسىرلىك، گۈزەل ئىدى، قانداقتۇر بىر خىل خۇشاللىقتا ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم-دە، ئاستىدىكى ئىمزاسىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. ئۆز كۆزۈمگە

ئىشەنمەي ئۇزاقىچە تىكىلىپ قالدىم. بايىقى خۇشاللىقىنىڭ ئورنىغا يۈرىكىمنى يىلان چېقىۋالغاندەك ئازابلىنىپ كەتتىم. بۇ رەسىم نادىرەنىڭ رەسىمى ئىدى.

— بۇ رەسىم، — دېدى ھېلىقى رەسسام يىگىت، — نادىرە ئىسىملىك بىر قىزنىڭ ئەسىرى. ئۇ مەن بىللە ئوقۇغان. كەسپتە ھەممىمىزدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا ئۇ ماڭا مۇشۇ ئەسىرىنى سوۋغا قىلغان. ئوقۇش پۈتكەندىن كېيىن «يۇرتۇمغا كېتىمەن» دەپ كېتىپ قالدى. شۇ كەتكەنچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. بۇ كۆرگەزمىگە مەن ئۇنىڭ ماڭا سوۋغا قىلغان مۇشۇ ئەترگۈلنىڭ رەسىمىنى قاتناشتۇردۇم. بۇ ئەسەر تاماشىبىنلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ھەتتا بىر چەت ئەللىك بۇ ئەسەرنى قىممەت باھادا سېتىۋالماقچىمۇ بولغان، مەن ساتمىدىم. چۈنكى بۇ ئەسەر نادىرەنىڭ ماڭا قىلغان سوۋغىسى. مەن ئۇنىڭدىن بەكمۇ پەخىرلىنىمەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ گۈزەللىكنىڭ سادىق ئاشىقى ئىدى. ئۇ بەكمۇ ئىزدىنەتتى. بىزمۇ بايقىيالمىغان رېئاللىقتىكى گۈزەللىكلەرنى ئۇ تېزلا بايقاپ سىزىپ چىقاتتى. بولدىلا، مەن سىزگە بۇ گەپلەرنى دەپ نېمە قىلاي، — دېدى سەل خىجىل بولغاندەك، — قىسقىسى سىزغان ھەر قانداق رەسىم كۆرگۈچىلەرنى ھاياجانغا سالالىشى كېرەك.

مەن «بۇ يىگىت نادىرەنىڭ كەچۈرمىشىنى ئاڭلىسا نەقەدەر ئازابلىنىپ كېتەر-ھە!» دەپ ئويلىدىم ۋە نادىرە ھەققىدە بۇ يىگىتكە تىنماسلىقنى قارار قىلدىم. بىز يەنە بىر رەسىمنىڭ ئالدىغا باردۇق. مەن رەسىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. بۇ رەسىم بىر ئايالنىڭ يالىڭاچ بەدىنى چۈشۈرۈلگەن رەسىم ئىدى. ئۇ بۇ رەسىمدىكى سىزىق ئىشلىتىش نەپىسلىكى، رەڭلەرنىڭ گۈزەللىكى قاتارلىق جەھەتلەردىن بىر قۇر چۈشەندۈردى. بۇ يىگىتنىڭ سۆزلىرىدىن قالايمىقان نىيەتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ماڭا ئادەم بەدەن گۈزەللىكىنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇلى ھەققىدە ئىزدىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتتى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خېلىلا قايىل بولدۇم. مەن نادىرەگە ھەقىقەتەن ئۇۋال قىلغىنىمنى بارا-بارا ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئۆزەمنىڭ گۈزەللىك قارىشىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىدىن نومۇس قىلدىم ۋە گۈزەل سەنئەت كەسپىنى ئۆگىنىشكە قەتئىي نىيەتكە كەلدىم.

بۇ كەسپنى ئۆگىنىش مېنىڭ كاللامنى چاڭگاللاپ تۇرغان بۇرۇقتۇم تۇمانلارنى تارقىتىۋېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. مەن ئۇ رەسسام يىگىت بىلەن خېلىلا چىقىشىۋالدىم، ئۇنىڭدىن چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرنى تارتىنماي سوراۋېرەتتىم. گۈزەل سەنئەت ھەققىدە كۆپ ئىزدەندىم. گۈزەللىك چۈشەنچەممۇ خېلى يېتىلدى. يالىڭاچ بەدەن رەسىملىرىنىمۇ كۆپ سىزدىم. مەن ياتاقتا بېرىپلا قارا تاشلىق خاتىرەمنى قولۇمغا ئېلىپ نادىرەنىڭ تېز سىزما ئۇسۇلدا سىزغان ئەترگۈلنىڭ رەسىمىنى كۆرەتتىم. رەسىمنى كۆرگەنچە نادىرەنىڭ «سارالڭ» ئەمەس بەلكى رەسساملىق ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان تېپىلماس گۆھەر ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلدىم. ئۇنى ئويلىغانسېرى ئۆزەمنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز خاتا گەپلەرنى قىلغانلىقىمدىن خىجىل بولۇپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى غايىبانە ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتىم. مۇھەببەتنىڭ رەھىمسىز ئوتلىرى مېنى قىيناشقا باشلىدى. ئاخىرى مەن بىر قارارغا كېلىپ، شۇ يېزىغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ نادىرەدىن كەچۈرۈم سوراپ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇ قوشۇلسا ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىشنى ئويلىدىم. خۇددى قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ قالغان ئادەم يورۇقنى كۆرسە خۇش بولۇپ كەتكەندەك كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتتى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەن

دەرھال سەپەر تەييارلىقىنى قىلدىم.

مەن سەپەردىن چارچىغان ھالدا ئاپتوبۇستىن چۈشتۈم. ۋۇجۇدۇمغا خۇشاللىق پاتماي قالغان ئىدى، چۈنكى مەن نادىرەنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولاتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن نادىرەنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشكە قوشۇلماي قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم.

ئاز ماڭمايلا يەنە ھېلىقى ساۋاقدىشىم راخمان ئۇچراپ قالدى. بىز راخماننىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، ئالدىراپ كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلۇپ، خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى-دە، بوغۇق، يېقىمسىز ئاۋازى بىلەن ماڭا سۆزلەپ كەتتى:

— نېمە، نادىرەنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتمەن دېدىڭمۇ؟!

مەن ئۇنىڭغا ئىرادەمنىڭ چىڭلىقىنى بىلدۈردۈم.

ئۇ ھەيران بولغان ھالدا بىر ھازا سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن بىر تال تاماكا ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. مەن ئۇنىڭغا سەرەڭگە يېقىپ بەردىم. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر تەشۋىشنى سېزەتتىم. ئۇ تاماكىسىنى ئاچچىق بىر شورىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— دوستۇم، بۇ پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش. سەن كېچىكىپسەن، نادىرە بىر ئاي ئىلگىرىلا يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىمغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن راست سۆزلەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

مەن ئۆزەمنى بېسىۋالالماي ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتىم. راخمان مېنىڭ بۇ ھالىتىمگە قاراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

مەن تەستە ئۆزەمنى ئوڭشىۋالدىم - دە، راخمان بىلەن نادىرەنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. ئۇلارغا ئۆزەمنى نادىرەنىڭ بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى دەپ تونۇشتۇردۇم ۋە ئۇلارغا تەسەللى بەردىم. ئۆزەمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش توختىماي ئېقىۋاتاتتى. ماڭا كىممۇ تەسەللى بېرەر دەپ ئويلايتتىم. بىز ئۆيدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ماگىزىندىن بىر دانە قىزىل ئەتىرگۈل سېتىۋالدىم-دە، قەبرىستانلىققا ماڭدۇق. قەبرىستانلىقتا راخماننىڭ بىر دوستى ئۇچراپ قالدى. ئۇ مېنىڭ قىزىل ئەتىرگۈلنى نادىرەنىڭ قەبرىسىگە قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ مەسخىرە ئاھاڭدا راخمانغا:

— بۇ دوستۇڭ نادىرە ساراڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتىكەن - دە، — دېدى خىقىراپ. بۇ گەپ قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ ئالدىم-دە:

— ھۇ، دۆت ئىشەك، ئۇنى ساراڭ دەۋاتامسەن، بىلىپ قوي، ئۇ ساراڭ ئەمەس. گۈزەللىكنىڭ سادىق ئاشىقى. ئۆزىنى كەسپكە بېغىشلىغان تېپىلماس گۆھەر. ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ساڭا ئوخشاش ئاڭسىز كىشىلەرنىڭ ئاھانىتى، ئۇقتۇڭمۇ؟! - دېدىم - دە، قولۇمنى بوشىتىپ، تۇپراقنى مەھكەم قۇچاقلاپ:

— كەچۈرۈڭ نادىرە، مەن ھەممىنى چۈشەندىم. مەن سىزگە ناھەق ئازار بېرىپ قويدۇم. سىزمۇ ماڭا ھىجران ئازابىنى مەڭگۈلۈك خاتىرە سۈپىتىدە سوۋغا قىلدىڭىز، - دەپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، سىلەر مېنى ئەمدى چۈشەنگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن، مەن سىلەرنىڭ نادىرەگە راخماننىڭ ھېلىقى ئەقىلسىز دوستىدەك مۇئامىلىدە بولمايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.

(ئاپتور: شەھەرلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ گۈزەل - سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى)

رەھمەتجان ئىمىن

# دوپپا بازىرىدا كۆرگەنلىرىم ۋە ئويلىغانلىرىم

(ئەدەبىي خاتىرە)

بۇ يىل ياز ئۈرۈمچى نۇرباغ سودا بازىرىدا ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر خەنزۇ ئايالنىڭ ئۇيغۇر تىجارەتچى ئايالغا ھەر خىل شەكىلدىكى ئۇيغۇر دوپپىسىنى سېتىپ پۇل ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا قىزىقىپ قالدىم ۋە ئۇيغۇر ئايالدىن سورىدىم:

— بۇ خەنزۇ ئايال دوپپىلارنى قەيەردىن ئەكىلىپ، سىلەرگە ساتىدۇ؟

— ئۆزى ئۆيىدە تىكىپ، بىزگە ساتىدۇ، - دېدى تىجارەتچى، بۇ بىر ئادەتتىكى ئىشتەكلا، - ئۇ ئايال ئىچكىرىدىن چىققان، ئۇيغۇر دوپپىسىنى تىكىشنى ئۆگىنىپ، ئوقەت قىلىۋاتىدۇ.

مەن ھەيرانلىقتا ئۇ خەنزۇ ئايال تىككەن چىرايلىق دوپپىلارغا قاراپ قالدىم. بۇ دوپپىلارنى ئەسلىدە ئۇيغۇرلار تىكىشى كېرەك ئىدى، ئۇنى خەنزۇ ئايال تىككەنلىكىگە ئىشەنگىم كەلمىدى. بىراق ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرغان بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلىشقىمۇ ھەددىم ئەمەس.

دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مۇھىم بەلگىسى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن تىكىلگەن ھەر خىل نۇسخىلىق دوپپىلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن زوقلاندۇرىدۇ. دوپپا خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا مەملىكەتلىك، خەلقئارالىق كۆرەك، بايرام، مۇسابىقە، يىغىن، ئۇچرىشىشلارغا قاتناشقان ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنىڭ بېشىدا مىللەت بەلگىسى ۋە پەخرى سۈپىتىدە ئۆز جەلبكارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلگەن. شۇنداقلا دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن چەت ئەل دۆلەت باشلىقلىرىغىچە قىممەتلىك سوۋغات سۈپىتىدە تەقدىم قىلىنىپ كەلگەن. كۆرگەزمە - كۆرۈنۈش، رەسىم، كىنو - تىياتىرلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاشۇ قامەتلىك، قويۇق قاشلىق، چولپان كۆزلۈك، نۇر يۈزلۈك ئۇيغۇر ئەر - ئايال كىشىلىرىگە تولىمۇ ماسلاشقان ھالدا ھۆسن، سالتەنەت، جەزبىدارلىق بېرىپ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. ھازىرقى بازار ئىگىلىكى، ئىسلاھات دولقۇنى ئۇيغۇر دوپپىلىرىغا تېخىمۇ خىلمۇ خىللىق، نەقىش، كۆركەم، نەپىسلىك سەنئىتى بېرىش بىلەن بىرگە كەڭ بازار، ئورۇن، ئېھتىياج، ئىستېمال ئىمكانىيىتى بەردى. ھەشەمەتلىك سودا سارايلىرى، قاينام - تاشقىن كوچا بازارلىرىنىڭ پوكەيلىرىدە ئاجايىپ رەڭدار، نازۇك، چىرايلىق تىكىلگەن دوپپىلار كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ دوپپىلار بىر ئايلىق بوۋاقتىن تارتىپ سەكسەن ياشلىق بوۋاي - مومايلارغىچە ئۆلچەملىك، سىپتا، ئەۋرىشىم ماس ھالدا تىكىلگەن. غۇلجا، ئۈرۈمچى، قەشقەر، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا بارسىڭىز دوپپا بازىرىنىڭ خېلى كۆپ خېرىدارغا تولغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن، شياڭگاڭ، تەيۋەن، ئاۋمىن قاتارلىق جايلاردىن شىنجاڭغا ساياھەت، سودا، خىزمەتكە كەلگەن ھەر مىللەت كىشىلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى ياقتۇرۇپ كىيىپ ئائىلە - دوستلىرىغا سوۋغات سۈپىتىدە ئېلىپ كېتىدۇ؛ ھەر قايسى شەھەردىكى مەنزىرىلىك جاي، سەيلىگاھ، تارىخى ئورۇنلاردا ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى، قەدىمى كىيىملىرىنى كىيىپ، رەسىمگە چۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە (قازاق، قىرغىز،

تاجىك مىللەتلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق) قەدىرلىنەمكتە. ئاشۇ بازارلاردا يەنە كىچىك بالىلىرىغا ئۇيغۇر دوپپىسىنى كىيگۈزۈپ قولىدا كۆتۈرۈۋالغان ياكى يېتىلەپ ئەگەشتۈرۈۋالغان خەنزۇ يولداشلارمۇ داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ.

مەن بۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا بەزى خەنزۇ يولداشلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆردۇم، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدەك مىللىي رايوندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش، مىللىيلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە قىزىقىش ھېسسىياتىدا ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپىسىغا زوقلىنىدىغانلىقى شۇنداقلا دوپپىنىڭ باشنى ئىسسىق - سوغۇقتىن ئاسراش، بالىلارنىڭ باش سۆڭىكىنى جىپسىلاشتۇرۇش، باشنى قېلىپقا سالغاندەك پۇختا، چىرايلىق قىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ سۆزلەردىن ئۇيغۇر دوپپىسى كۆركەم باش كىيىم بولۇپلا قالماي، بەلكى باشنىڭ نورمال، تۈز ئۆسۈشى ئۈچۈنمۇ مۇھىم رولى بارلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. مېنىڭ ئەمدىكى ئوي - پىكرىم بىردىنلا ئۆز مىللىتىم ئۇيغۇرلارغا مەركەزلەشتى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلىرىدە ئۆز دوپپىسىنى كىيىپ يۈرگەن ئۇيغۇرلار قانچىلىك؟ پېشانىسىنى يېپىپ مۈرىسىگىچە چاچلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان يىگىتلەرنىڭ ئۇيغۇرلىقىنى تونۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۈرۈمچىدە ئۇزۇن چاچلىق قىزلارنى ئادەتتىكىدەك ئۇچراتقىلى بولامدۇ؟ چاچلىرىنى سېرىق، يېشىل، قىزغۇچ مىس رەڭگىدە بوياۋالغان قىرقىم چاچ، بۇدىرە چاچ، گادىرماش باشلاردىن قايسى قايسى مىللەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولامدۇ؟ بەزى ئاياللارنىڭ يۈز - كۆز، قاش - كىرپىكلىرىنى بوياشلىرى، يۈرۈش - تۇرۇش، كىيىنىشى كىشىنىڭ نېرۋىسىنى ئارامسىزلاندۇرىدۇ. بەزى قىز - يىگىتلەرنىڭ تونۇشچە، مىللىيچە كىيىنىپ، دوپپا كىيىشى، چاچنى ئۆرۈپ ئۇزۇن قىلىش «كونىلىق»، «نادانلىق»، «ئىلغارلىقنى خالىماسلىق» ئىكەنمىش. . . بىراق، سۇنئىي شەكىل ھامان كىشىلەرگە زوق بېرەلمەيدۇ. سۇنئىي گۈل ھەر قانچە كۆركەم ياسىلىپ، ئېسىل قاچىلارغا سېلىنىپ، ئېگىز جازىلارغا قويۇلسىمۇ خۇشپۇراق چاچالمايدۇ. تۇپراق، سۇدىن ھەقىقىي بەھىر ئېلىپ، ھاياتلىق لەززىتىنى بىلەلمەيدۇ. تەبىئىي گۈلچۇ؟ تۇپراقتا ئۈنۈپ، تەبىئەتتىن ھوزۇرلىنىپ، رەڭمۇ رەڭ ئېچىلىپ، خۇشپۇرىقى بىلەن ھەممىنى زوقلاندۇرىدۇ. سوغ، ئىسسىق، يامغۇر، شاماللاردىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ. سۇنئىي گۈل ياخشىمۇ، تەبىئىي گۈل ياخشىمۇ؟ بۇنى كىچىك بالىلارمۇ بىلەلەيدۇ. باشقىلارنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ، يە ئۇنى قامالاشتۇرالماي، ئۆزىمىزنىڭ مېڭىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىپ، دەلدەڭشىپ مېڭىپ كۈلكىگە قېلىشىمىزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟! ھازىرقى بىر قىسىم ياشلاردا ھورۇنلۇق بىلەن دورامچىلىق، ئەمەلىيەتنى كۆرمەي خام - خىيالغا بېرىلىش گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. ئۇلار - جاپا چەكمەي، ئىشلەپ كۆرمەي، تەييارغا ھەييار بولۇپ، پۇل خەجلەپ، تاماشا قىلىشنىلا ئويلايدۇ. بەزىلىرى ئىش ئورنىنى ياراتماي، ئاسان ئىشنى تاپالماي گاڭگىراپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئەجىر تۆكۈپ پۇل تېپىشنى خالىماي قاس - قۇسلا پۇل تېپىش خىيالىدا يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ، موللاق ئېتىپ چۈشۈۋاتىدۇ. بەزىلەر تەييار ئىشتىن ئايرىلىپ بايلىق ئىزدەپ نەلەرگە تېنەپ كېتىۋاتىدۇ؛ بەزى ئوغرى، قىمارۋاز، يانچۇقچى پەسكەش ياشلارغا ئاتا - ئانىلىرى لەنەت ئوقۇۋاتىدۇ؛ ۋىجدانلىق كىشىلەر بۇ خىل ياشلارنىڭ ئىنسانلىق خىسلىتىنى يوقاتقانلىقىغا ئېچىنىۋاتىدۇ.

مەن غۇلجا قول ھۈنەرۋەنچىلىك بازىرىدا ھەر خىل ئۆي جاھازلىرى، قاچا - قۇچىلارنى كۆرگىلى بېرىپ، بىر نەچچە پېشقەدەم ھۈنەرۋەن بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئۇلارمۇ ھازىرقى ياشلارنىڭ ھۈنەرنى ئۆگىنىشنى خالىمايدىغانلىقى، ئۆگىنىپ قويسىمۇ ئۇنى ئىشلەتمەي تاشلىۋەتكەنلىكى، «ئاتاڭدىن ئالاي دېسەڭ مىراس، ئۇنىڭ كەسپىگە قىلغىن ئىخلاس» دېگەن سۆزگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقى،

ئىشلەشتىن قېچىپ، ھەۋەستە تېشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىش، ھورۇنلۇق - چۈشكۈنلۈكنىڭ ئۆزىنى خار قىلىشىنىڭ سېسىق كۆرپىسى خالاس.

«گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نە پايدا» دېگەندەك ئۆزىمىزنىڭ نۇرغۇن ھۈنەر، كەسىپلىرى بار، ئۇلارنى ئۆگىنىپ، ھازىرقى زامان ئېھتىياجى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى شەكىل، يېڭى نۇسخىلارنى بازارغا سالساق، تۇرمۇشىمىز گۈللىنىپ ھۈنەر - سەنئىتىمىز تېخىمۇ تەرەققى قىلمامدۇ؟ يېڭىسار پىچىقى، دوپپا، كەشتىچىلىك، ئوسما قاتارلىقلار ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى. ھازىر پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان داڭلىق نەرسىلەرگە ئايلاندى. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە مىللەتلەر ئارا تىجارەت، مەدەنىيەت، مۇناسىۋەت ئىشلىرى قوشۇلۇپ، ئۆز - ئارا سىڭىپ كېتىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ھۈنەر، نەققاشلىق، تىبابەتچىلىك، لەتىپە، سەنئەت، ناخشا - ئۇسسۇل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىمىزنى باشقا مىللەتلەر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى، تۇرمۇش، بازار، ئېھتىياج، تەلەپ، ھاياتلىق دېگىنىمىز ھەممە مىللەتكە ئورتاق بولغان رېئاللىق، ئۇ خۇددى دەريا ئېقىنىغا ئوخشاش تاغ سۈيى، بۇلاق سۈيى، قار، يامغۇر سۈيى، يەر ئاستى، يەر ئۈستى سۇلىرىنى ئۆزىگە قوشۇپ ئېقىۋېرىدۇ. ئاشۇ خەنزۇ ئايالنىڭ ئۇيغۇر دوپپىسىنى تىكىپ پۇل تاپقانلىقى مانا بۇنىڭ بىر مىسالى. مەن «يۈز مېتىرچە ئارىلىق يىغلايدۇ»① دېگەن ماقالىدىكى ئاياللارنى، ھورۇن، ۋىجدانسىز كىشىلەرنى ئويلاپ ئۆكۈندۈم. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىش - ھۈنىرىمىزنى ياراتماي، باشقىلارنى دورىيالماي، «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ» يەيمەن دەپ خام - خىيال قىلساق ئاچ قورساق يۈرۈۋېرىمىز. كاللامغا مۇنداق ئوي كېلىپ قالدى: ئەگەر بىز ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنىڭ ھۈنەر- سەنئىتىنى، دوپپىسىنى «كونا»، «قالاق» دەپ تاشلىۋەتسەك، باشقا مىللەتلەر ئۇنى «ياخشى ئىكەن»، «گۈزەل، چىرايلىق ئىكەن» دەپ قوبۇل قىلىپ، ئۇنى جارى قىلدۇرسا، «كونىسىنى يېڭىلاپ» بازارغا سالسا، بۇ «يېڭىلىق» قا ئايلىنىپ روناق تاپىدۇ. بىر قانچە يىللاردىن كېيىن بىزنىڭ كونىدىن خەۋەرسىز قالغان ئەۋلادلىرىمىز «بۇ يېڭىلىق» نى قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ «يېڭىلىقى» ئۆز ئەجدادى تاشلىۋەتكەن ھېلىقى «كونىلىق» بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا بىزنىڭ مىللىي كىيىم، مىللىي ھۈنەر-سەنئىتىمىز كىمنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ؟! بىز ئۆز ئۇيغۇرلۇقىمىزدىن ئېزىپ، مىللەتكە تەۋەسىز «ئازغۇن» بولۇپ قالمايمىزمۇ؟ كوممۇنىزم جەمئىيىتى قۇرۇلماي تۇرۇپلا، بىز ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇۋېرىمىزكەندە؟! چۈنكى، كوممۇنىزم جەمئىيىتىدە مىللەت، سىنىپ، دۆلەت، دىن، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلار ئومۇملىشىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئاخىرىدا، زەئىپلىك، چۈشكۈنلۈك ئىچىدە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، نەپرەتكە ئۇچراۋاتقان ئاشۇ بىر قىسىم ياش يىگىت - قىزلارغا مۇنۇ سۆزلەرنى نەسىھەت قىلايلى: ئىنساننىڭ ھەقىقىي قىممىتى - ئۆزىنى بىلىشتە، ئۆزىنى بىلىش - ئىنسانىي پەزىلەت، ئەخلاق، ئادەت، خاراكتېر، ۋىجدان - نومۇسنى ساقلاپ، ھالال ئەمگەك يولى ئارقىلىق ياشاشتىن ئىبارەت. ئەمگەك قىلماي، جاپا چەكمەي راھەت ياشاشنى كۆزلەش - ۋىجدانسىزلارچە خىيال، رەزىللىكتىن ئىبارەت. پۇلنى دەپ ئار - نومۇسنى يوقىتىش، ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق، تەييار تاپلىق، ساختىلىق قاتارلىق پەسكەش ئۇسۇللار بىلەن ياشىغۇچىلار سېسىق كۆلگە چۈشۈپ ھالاكەت كېمىسىنى تۇتقۇچىلاردۇر. پۇللۇق ۋىجدانسىزدىن پۇلسىز ۋىجدانلىق ئادەم قىممەتلىك. پۇلنى، راھەتنى كۆزلەپ كەيپى - ساپا، ئەيشى - ئىشرەت ئۈچۈن بۇزۇلۇپ - چېچىلىشمۇ رەزىللىكتىن ئىبارەت.

① «ئاسىياكىندىكى گېزىتى» 1995 - يىلى 9- ئاينىڭ 21- كۈنىدىكى ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پۇلنى ئۆز نەپسى-خاھىشى ئۈچۈن پەسكەش ئىشلارغا ئىشلەتكۈچىلەرمۇ جىنايەت پاتقىقىغا پاتقۇچىلاردۇر. ئۆز پۇلى بىلەن رەسۋا بولغۇچىلاردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي ئىنسان خىسلىتى ئۈچۈن پۇلنى ئەمەس، ھالال ئەمگەكنى، توغرا كەسىپنى ئادەت قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن پەن - تېخنىكىغا تايىنىشىمىز، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق كەسىپ، ھۈنەر ئىگەللىشىمىز، كەسىپ، ھۈنەر ئارقىلىق باي بولۇشىمىز، بايلىقىمىز ئارقىلىق جەمئىيەتنى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم. مانا بۇ گۈزەل كىشىلىك قارىشى. كىشىلىك دۇنياسىدا نۇرغۇن بايلار ئۆتكەن، بەزىلىرىنىڭ پۇل بايلىقىنىڭ ھېسابىنى ئېلىشمۇ مۇمكىن بولمىغان. ئەمما ئۇلار ئۆزى تۇرمۇشتا ئاددى - ساددى ياشاپ، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىشنىمۇ بىلمىگەن، ھەشەمەتلىك، مەنمەنلىك، ئابرويپەرەسلىككە يول قويمىغان. ئۇلار ئەڭ دەسلەپ توغرا تۇرمۇش يولى، ھالال ئەمگەك، ھالال كەسىپنى ئادەت قىلغاچقا، ئىشى كۈنسېرى ئىلگىرىلىگەن. يىللار ئۆتكەنچە روناق تاپقان، بايلىقى ئاشقان. بايلىقىنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ، تارىختا ئۆچمەس ناملارنى قالدۇرغان.

تارىختا يەنە سانسىز ئاددى ئەمما ئۇلۇغ ئىنسانلار ئۆتكەن، ئۇلارمۇ ئۆز ئەمگىكى، ھۈنىرى، بەزىلىتى ئارقىلىق ئەسىردىن - ئەسىرگە قەدەر خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. ئۇلار پۇل بىلەن ئەمەس ئەمما پۇلدىن يۈكسەك تۇرىدىغان پەزىلەت، ئەخلاق، ئىجادىيەت، كەشپىياتى، ھۈنەر - سەنئىتى، ئىلمى، ئەمگىكى، ئاددى كەسپى بىلەن ئۆمۈر بويى جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، شان - شەرەپ قازانغان. ھازىرمۇ كۆپلىگەن ۋىجدانلىق كىشىلەر ھالال كەسىپ بىلەن باي بولۇپ، بايلىقىنى مائارىپنى قوللاش، مەكتەپ، يەسلى، دوختۇرخانا سېلىش، يول، كۆۋرۈك ياساش، نامراتلارنى يۆلەش، پەن - تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئەت بازىلىرىنى بەرپا قىلىش، ياشلارنى تەربىيىلەش. . . قاتارلىق جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پايدىلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىۋاتىدۇ. يەنە نۇرغۇن ئاددى كىشىلەر ئوقۇتقۇچى، سەنئەتچى، شائىر، يازغۇچى، دوختۇر، تېخنىك، ھەر خىل تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ئاددى ئورۇندىن ئۇلۇغۋار ئىشلارنى جارى قىلىپ، ھالال ئەمگەكنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيىتىنى نامايان قىلماقتا. مانا بۇ گۈزەل خىسلەت ئەمەسمۇ؟ ئاخىرىدا مۇنداق مۇراجىئەت قىلىمەن: ئەي ياشلار، ئەر - ئاياللار، پەس تەبىئەتلىك مىجەزدىن، چۈشكۈنلۈكتىن مىللىتىمىزنىڭ ئىززەت - ئابروينى بۇلغاۋەرمەي، ئىنسانلىق قىممىتىنى چۈشىنىپ، توغرا يولغا قايتىپ كېلىڭلار، ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىۋەرمەيلى.

ۋىجدانى يوق، بوستانغا كىرسە،
بوستانمۇ ئۇنىڭدىن يىرگىنەر.
ئەخلاقىي يوق ھايۋانغا قوشۇلسا،
ھايۋانمۇ ئۇنىڭدىن ئۈركىشەر.
ئىنسان قىممىتى - تاج ۋە دۆلەت،
ئۇندىن ئۆزگە تېپىلماس ئامەت.
يوقاتساڭ سەن ئۇنى ئۆزەڭدىن،
تاپسەن بېشىڭغا بالايى - ئاپەت.

بەختلىك تۇرمۇش - ئەقىل - ئىدراك ۋە ئەمگەك ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ياشلار بىز تىلسىز ھايۋان، پۇت - قولى يوق مەخلۇقلاردىن بولۇپ قالمايلى.

(ئاپتور: قاراماي نېفت ئېلىش 2- زاۋۇتى پېنسىيە مەركىزىدە)

ئابدۇللا جامال

# ئۇيغۇرۇم

كەلگ نەزەر سالغىن يىراقتا ئۇيغۇرۇم،
چولگ ھۇجۇم باشلا قالاقتا، ئۇيغۇرۇم.

سۇرمىسۇن تەلۋە-ساراڭلار ئەمدى بىخ،
قالمىغىن سېسىق ئاتاقتا، ئۇيغۇرۇم.

سەندە بار ئىپلاس «كېسەل» لەر، تۈگمەس،
ئۇ پەقەت ئوخشار قاداقتا، ئۇيغۇرۇم.

تەخسىكەش، يۇرتۋاز، سۇخەنچى، پىتنىخور،
سېنى قۇل قىلدى ياماقتا، ئۇيغۇرۇم.

پارىخور، تويماس، ھەسەتخور بەندىلەر،
سېنى يار قىلدى پىراقتا، ئۇيغۇرۇم.

ئويغىنىپ ئۇيغۇر سېنى تاڭ ئالدىدا،
قان تۈكۈپ كەتتى يىراقتا، ئۇيغۇرۇم.

ئوت يۈرەك شائىر مۇتەللىپ سەن ئۈچۈن،
جەڭ قىلىپ كەتتى قاماقتا، ئۇيغۇرۇم.

كۈن چىقىپ دەۋرىم ساڭا ئاچتى قۇچاق،
ھۆر بولۇپ سۆيدۈك ھاياتتا ئۇيغۇرۇم.

شادلىنىپ ئويناپ ئۇسسۇل ۋە توي قىلىپ،
بەخۇدۈك ماڭدىڭ قاياقتا؟ ئۇيغۇرۇم.

دەۋرىمىز بەرگەن شارابتامەست بولۇپ،
ياتمىغىن ئۇخلاپ ياتاقتا، ئۇيغۇرۇم.

باشقىلار ئۇچتى ساماغا پەن بىلەن،
كۆزلىرىڭ زارمۇ چاپاقتا، ئۇيغۇرۇم.

ئۇخلىساڭ ئەمدى قالارسەن ئارقىدا،
پۇتلىرىڭ تايغاي شاپاقتا، ئۇيغۇرۇم.

تۇر دېدىم، ئۇيقۇڭنى ئاچقىن، پەن ئۆگەن،
پالتا چاپ ھارام پۇتاقتا، ئۇيغۇرۇم.

دەۋرىمىز يەردى پاراغەت كۆپ ساڭا،
ياپتا گەپ ياقماس قۇلاقتا، ئۇيغۇرۇم.

بار ئۈمىد سەندە يېڭىشقا ھەممىنى، بەر جاۋاب
تېزدىن سوراقتا، ئۇيغۇرۇم.

سەن يارام مىللەت بولامسەن يا ناباپ؟
بۇ پەقەت باغلىق بۇلاقتا، ئۇيغۇرۇم.

باش كۆتەر، ئۇيقۇڭنى ئاچ، مەنزىلگە ماڭ،
ئىگە بوپ ئەمدى ساۋاقتا، ئۇيغۇرۇم!

(ئاپتور: پوسكام نېفىتلىكى 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە)



ھەسەنجان

# كەلدى نورۇز

كەلدى نورۇز باھار پەيزىن سۈرگىلى،
نەلەرگىدۇر قوغلاپ ئاياز قەھرىنى.
كەلدى نورۇز يەر-زېمىنگە كىيگۈزۈپ،
مەخمەل گوياگۈل-گۈلىستان تونىنى.

كەلدى نورۇز يەر-زېمىنگە زوق بېرىپ،
چىقتى دېھقان ئېتىزىغا شادلىنىپ.
شۇندا قاپلاپ ھەممە ياقنى بەزمە-ساز،
قايىندى ئىش، ئېتىز-قىرلار جانلىنىپ.

بارچە قۇشلار سايرىدى بەس-بەس بىلەن،
سالدى ساما قىز-يىگىتلەر رەت بىلەن.
شاد بەزمىگە جۆر بولۇپ ئالتۇن دىيار،
خەلقى جۇشقۇن يايرىدى جۈرئەت بىلەن.

يەرگە دېھقان سالدى تىرنا ئىزلىرى،
سالغىنىدەك چاچقا تاغاق قىزلىرى.

سۇغارماق بوپ بۇ دالىنى ئالدىراپ،
ئېچىلماقتا زۇمرەت بۇلاق كۆزلىرى.

چۈشتى ئېرىق، ئۆستەڭلەرمۇ لەرزىگە،
دولقۇن ياساپ ئەگىزلىرىدىن بەزمىگە.
شاۋقۇنلىرى گويا مۇڭلۇق ساز كەبى،
لەززەت بېرەر قىز-يىگىتلەر قەلبىگە.

يىللار سۈرۈپ نورۇز كەلدى يېڭىچە،
خۇش ھاياتنىڭ تېگى ئېتىپ باشقىچە.
زەپەر قۇچۇپ دىلغا شادلىق بېغىشلاپ،
ئېلىپ يېڭى باشلىنىشنى ئۆزگىچە.

مانا قولغا قەلەم ئالدىم نەزمىگە،
باشلىغايمەن مېنى ئۇتلۇق بەزمىگە.
شىجائىتىم مەنزۇر بولۇپ مەڭگۈگە،
بوغۇلمايمەن ئانا سۈتنىڭ قەرزىگە!

(ئاپتورى: گېئولوگىيە باشقارما پەرزەنتلەر مەكتىپىدە)

ئا. قاسىم

# بىر جۈپ گۈل

(ناخشا تېكىستى)

ياساندى باغلار، ئېچىلغاچ گۈللەر،
شادلىنىپ خۇشخۇي كۈلدى كۆڭۈللەر.
يىگىت قەلبىدە ئاشىق پەرىسى،
قىزنىڭ قولىدا گۈللەر دەستىسى.

يالتىراپ رەڭدار گۈللەر جىلۋىقىپ،
قىز-يىگىت خۇشخۇي شادلىنىپ بېقىپ.

دىلنى ياشنىتار ئوتلۇق تۇيغۇسى،
قوشماق قەلبىدە ياشلىق سۆيگۈسى.

يۈرەك زوقلىنىپ قاناماي بېقىشار،
سۆيگۈ بېغىدا ناخشا ئېيتىشار.
تۇرامدۇ جىم-جىت شادلانماي كۆڭۈل،
تۇرسا ئېچىلىپ باغدا بىر جۈپ گۈل.

(ئاپتور: قۇدۇق ئۆلچەش شىركىتىنىڭ پېنسىيونېرى)

ئابدۇغېنى سېيىت

# سەكسەن كوي

## (ھەجۋىي مۇخەممەس)

ئاراملىق بەرمىدى يادەپ! . . . بىرىگە زادى سەكسەن كوي،
جىمى غەم-قايغۇسى، «بەختى» ھامان دىلشادى سەكسەن كوي،
كۆنۈ-تۈن ئۇيقۇسىز بىدار پىكىر، ئەس-يادى سەكسەن كوي،
سىنىلىڭ ۋەسلىلىڭ پىراقىڭدا مىڭىپ ئۇ ھاردى سەكسەن كوي،
«مۇكاپاتنامە»، «تەقدىرنامە» ئىشەنچ-ئېتىقادى سەكسەن كوي.
سايلاشقا «ئالاھىدە دەرىجە» بىرلا سان كەلدى،
قوشۇلمىش بولدى سەكسەن كوي ئېيىغا پەخرى شان كەلدى.
خۇشلۇقتا نەچچە نامزاتنىڭ يۈزى-مەڭزىگە قان كەلدى،
دېدۇق: كىمگەنىسىپ بولۇر مىزىلىك لوقما-نان كەلدى.
بۈگۈن ئايرىدۇ تۆھپىكار، ئەجرى بەرنانى، سەكسەن كوي.
كېزىپ بۇ خۇش خەۋەر بىردىن بۇ ئىللىق ۋادى گۈلشەننى،
بەخش ئەتتى تالاي جانغا ھوزۇر، يايراتتى ھەم تەننى.
سۆزلەتتى تۆھپىنى قىزىپ سورۇندا! «سەن» بىلەن «مەن» نى،
بۇنى ئالماققا ئىشلەتتى ھەركىم جىق «چارە» نى «پەم» نى،
ئاۋازغا توشقۇزۇپ ساندۇق ۋە ياسەنيانى، سەكسەن كوي.
يامانلاتتى شۇ سەكسەن كوي بىردىن دوست-ساۋاقداشنى،
قىلىپ زىت ئايرىدى قوشنا ۋە يا ئۇلپەت تاماقداشنى،
قىلىپ يات قېيدىشىپ توۋا! . . . شۇئان يۇرتداش، قەلبداشنى،
پىكىر قىلدۇردى «مەيدانسىز»، «ئۇنچىقماس»، «قاپاقباش» نى،
ئويۇن ئويناپ قىزىتتى زەپ ئەرز-دەۋانى، سەكسەن كوي.
قۇسۇر ئىزدىشىپ بىردىن «ئىلمىي ماقالىسى ئاز» دەپ،
بىرىنى «سانى جىق، ئەمما ئورامسىز ۋەزنى بەك ماز» دەپ،
دېدى بىرىنى «چېكىتى بار، تەنقىتلەنگەن ئۆتكەن ياز» دەپ،
بىرىگە يەل بېرىپ «نۇقسانى، تارىخىنى قاز» دەپ،
بولۇپ تۇترۇق پاھ! «ئۇلغايتتى ئەجەپ غەۋغانى» سەكسەن كوي.
بىراق، ئاۋام رايى بىر خالىس تۆھپىكارغا رام بولدى،
بىراۋلار كۆڭلىچۇ تىت-تىت، ئەجەپمۇ بىئارام بولدى.
ئىزدەپ ھېسداش چېپىپ ھەريان سەپىرى تۈشمۇ-تام بولدى.
دېدى خۇشە! . . . ئىچىپ زورىغا بېلىق كۆز رومكا جام بولدى،
ئەمەسمىدى ساڭا يەتمەك ئۈنىڭ ئارمانى، سەكسەن كوي.
دېدى: ئامەت نىچۈن مەندىن شۇ دەم قاچقىپ كېتىپ قالدى،

ھەيران مەن ئاھ... ئۇنى ئاۋام ئەجەپ نامزات ئېيتىپ قالدى.
يامان بولدى قىچىپ تەلەي جان ھەلقۇمغا يېتىپ قالدى،
ئازابلاندى چېكىپ ھىر ئۇھ!... ئىبغىر دەردكە پېتىپ قالدى.
ئەپلەشمەي ئىشى ئۇرلەتكەچ تازا سەپرانى، سەكسەن كوي.
تىنچ قىلماي بۇ سەكسەن كوي كۆڭۈلنى ئۇشبۇ ئورۇننى،
بېشىغا كەيدىغۇ غەيۋەت قەيەرگە بارسا سورۇننى،
ئايرىشمۇ خىلى تەس بولدى تىرىشچان بىرلە ھورۇننى،
دېيىشتى: ئاق ناۋات چىلگە، كى داڭلاپ لاۋزا قوغۇننى.
دېدۇق: تاپقۇسى ئەلۋەتتە ھامان دانانى، سەكسەن كوي.
كۆنۈلۈك ئۆتمەسمىدى دوستۇم سېنىڭ ئەسلا ئاشۇ پۇلسىز،
تولا دادلاپ دېمى كەتسە مېنىڭدىن ئۆزگىگە يولسىز،
دېمە: باغ-باغ بولالامدۇ مېنىڭدەك كويچى بۇلبۇلسىز،
جاھاندا ئىش تالڭ ئاتامدۇ پەقەتلا رامكىسىز-سولسىز،
قىلالامدۇ بازار-ئاۋات شەھەر سەھرانى، سەكسەن كوي.
ئەمەس سەكسەن تۆگە، يائات، تالاشقان ياكى سەكسەن كوي،
بولارمۇ ئاشۇ پۇل بىرلە قىلىشقا كاتتا سەكسەن توي،
پەقەت ئۇچلا توخۇ نەرقى، تالاشقان ئاشۇ سەكسەن كوي،
يارەن نەپ ئالدىدا «مەن»دىن ئۆزگىنى ھەم ئويلاپ قوي،
بېشىڭغا سالمىسۇن ئاخىر كېسەل-سەۋدانى سەكسەن كوي.
(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىدە)

ئابابەكرى توختى

# شېئىرلار

## سېغىنىش

ئۆزۈك-ئۆزۈك تاۋۇشنى ھىجرانىنىڭ،
ئېلىپ كەتتى يەنە ھىجران سايىسى.
مەن يەنىلا سەندەك يىگانە،
مەن يەنىلا غېرىپ كۆلبەمدە،
شەھەرنى چۇشەۋاتقان سەھرا بالىسى.
مەن يەنىلا سۇپسۇزۇك كۆز ياش،
ناتىۋان قەلبىڭنىڭ ياپراقلىرىغا،
ئاستا-ئاستا سىرغىغان...
قۇياشنىڭ چىقىشىنى قىلىپ تاماشا،
كۆشەۋاتقان قوي-كالىلىرىمغا
سۆيگۈ شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ ھارمىغان.
قانىتىمنى بەرسە پەسىل قۇشلىرى،
سەن تۇرغان شەھەرگە بارالىسامتىم...
بارچە يىغامنى سەن ئۇچۇن تۆكۈپ
يۈرەك باغرىمنى يارالىسامتىم.
قۇشلارنىڭ سايرىشى ئۆچمەكتە يەنە،
باشلىنار ئارقىدىن تىمتاس قارا تۈن.
كۆتمەن ئۇيقۇسىز شەلپەر تاڭلارنى،
تۈن خىياللىرىمدەك چەكسىز ۋە ئۇزۇن.
بەلكىم قېرىپ كېتەر ھەممىسى بىركۈن،
شېئىرىمنى ئاڭلىغان قوي-كالىلىرىمۇ،

ئۇزاپ كېتەر سەندەك يىراق بىر يەرگە.
(مەنلا قالىمەن بۇ يەردە تەنها)
بۇلۇنۇپ كۆلكەڭدەك تاتلىق چۈشلەرگە.
بەلكىم قېرىپ كېتەر ھەممىسى بىر كۈن،
قېرىيدۇ ۋە يەنە بۇ شەلپەر تاغلار.
سەنلا ياش قالىسەن ئۇشبۇ جاھاندا.
سەنلا ياش ياشايسەن سېغىنىشىمدا
سەنلا مەۋجۇت ئەمەس بۇ قەبرىستاندا...

## يىغاڭدا بار ئىكەن بۈيۈك مۇھەببەت

يىغلايسەن ھەمىشە ئۈنسىز، خىلۋەتتە
بۇ ياشلار سەل بولۇپ چۆكتۈرەر مېنى.
بايقايمەن ھەمىشە ئاشۇ يېشىڭدىن،
ھاياتنىڭ تاتلىق چۈش ئەمەسلىكىنى...
يىغلايسەن ھەمىشە ئۈنسىز، خىلۋەتتە،
بۇ ياشلار سەل بولۇپ چۆكتۈرەر مېنى.
بايقايمەن ھەمىشە ئاشۇ يېشىڭدىن،
بەختنىڭ ئۆپۆقتەك يىراقلىقىنى...
نېمىشقا يوق سەندە ئىللىق تەبەسسۇم؟
بۇ دۇنيا ساغلا سالامدۇ كۈلپەت؟
يىغاڭدا چوڭ بولۇپ چۈشەندىم شۇنى،
يىغاڭدا بار ئىكەن بۈيۈك مۇھەببەت...

## سېنتەبىر

سېنتەبىر كۆزۈمنى ئۆتىسەن ياشلاپ
گاھى مەن ئۆزۈمنى كەتكەندە تاشلاپ.

ئاشۇ زەي سىنىپتا ئولتۇرۇپ سانجاق،
ياشىغۇم بار ئىدى مېنىڭ بىر ئۆمۈر.
كۆرمىسەم دوستلارنىڭ مەيۈس تۇرقىنى،
ئىشتمىسەم «خوش» دېگەن زەئىپ ئاۋازنى،
بۇ سىرلىق تۇرمۇشلا تاشلىمىسا تور.

بالىلىق كۆزۈمدە باقسام ھەممىگە،
يىغلىسام بەزلىسە قۇچقاچ، كېپىنەك.
بىردەمدە ئۇنتۇسام بارچە ھەسرەتنى،
بۇ قېرى دۇنيالا قىلمىسا بوزەك.
نەقەدەر ياخشى سەممىي ياشاش،
چوڭ بولۇپ ئۆزۈمگە بوپقالدىم بەك ئۆچ.
گاھ كاززاپ، گاھ ئوغرى،
گاھ بولۇپ ئىشان
رەڭگىمنى ئۆزگەرتتىم كەلسە ذوقال دۈچ.

ئۆلۈك ۋە تىرىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا،
يوقاتتىم بىمەھەل تالاي نەرسەمنى.
قارىسام مەيخانا ئىشىكلىرىدىن،
كۆرىمەن مەست بولۇپ قالغان ئەتەمنى.
ئاشۇ زەي سىنىپتا ئولتۇرۇپ سانجاق،
ياشىغۇم بار ئىدى مېنىڭ بىر ئۆمۈر.
سېنتەبىر سەن ئەمدى كەلمەيسەن قايتىپ،
مەن ئەقىل كۆزۈمنى قىلغىنىمدا كور...

## قىزلارنىڭ ھىدى

ئەجەب تاتلىق بىر ھىد باركەن قىزلاردا،
ئۇرۇلىدۇ دىماقلارغا گۈپپىدە.
قاراپ قالساڭ تورمۇزلىنىپ قەدىمىڭ،
قىزىرىدۇ ئۇلار چوغدەك ھۇپپىدە.
نېمە سىر بار قىزلاردىكى شۇ ھىدتا،
يۈرەكلەرنى ئوتلۇق ھېسقا ئورايدۇ.
ئەتىر ئەمەس بىلسەڭ ئەسلى ئەي رەپىق،
بۇ قىزلاردىن سۆيگۈ ھىدى پۇرايدۇ.
بۇ قىزلاردىن سۆيگۈ ھىدى پۇرايدۇ،
ھەشۇڭلاشقا يوللىرىڭنى تورايدۇ.
سۆيگۈ دېگەن نازۇك ئاشۇ قىزلاردەك،
سەندىن مەڭگۈ غۇرۇر، ۋىجدان سورايدۇ!

(ئاپتور: شىنجاڭ سىفەن داشۆسى ئوقۇغۇچىسى)



جۇمە ئابدۇغېنى (چوقۇا)

# تۇيۇقلار

يار تۇرۇپتۇ ھويلىسىدا گۈل تىكىپ،
مەن قاراپ ماڭدىم ئۇنىڭغا كۆز تىكىپ؛
«مەنمۇ ھەم خۇشتار ئىدىم» گۈلگە دېسەم،
ئۇ دېدى: «قوغدايلى گۈلنى جان تىكىپ!»

× ×

ئەجرى قىل باغۋەن كەبى، ئەۋلادنى سەن قاتارغا قات،
بۇ مېۋىلىك بەرسۇن ۋەتەنگە ھوسۇلنى قاتمۇقات؛
مەرىپەت يولىدا ھارماي چوققىلارغا ئۆرلىگەن،
خۇش ئاۋاز بۇلبۇل كەبى پەن-مەرىپەتنى كۈيگە قات!

× ×

يار ماڭا ئاتلان كۈرەشكە قالما ھەرگىز كەچ، دېدى
پەن-بىلىم ئوكيانىنى تىلسىم دېمەستىن كەچ، دېدى
بىر ئۆمۈر ئىجادقا ھارماس مەرد يىگىتنىڭ يارىمەن،
ئايىما ئەلدىن كۈچىڭنى، بەلكى جاندىن كەچ! دېدى.

× ×

تۇر بۇرادەر ياتما ئەمدى، تاڭ يورۇپ بوپ قالدى، چۈش،
باشقىلار ئاتلانسا جەڭگە، كۆرمىگىن غەپلەتتە چۈش؟
سال نەزەر پۈتكۈل جاھانغا، باشقىلار ماڭدى قايان؟
سەنمۇ ھەم تۇلپار كەبى جەڭگاھ ئارا بەيگىگە چۈش!

× ×

ئىلمۇ-ئېرپان نۇرىدىن قۇۋۋەت ئېلىپ كۆزۈڭنى ئاچ،
ھەمدە قورقماستىن خەتەردىن، تىلسىمات كانىنى ئاچ.
شۇ بۈيۈك ئەجرىڭ بىلەن قوشالىڭ ۋەتەنگە تۆھپىلەر،
شۇ چاغدىلا دەيدۇ نىگار: كەلدىم مانا، قوينۇڭنى ئاچ!

× ×

بىر مەھەل يۈردۈڭ، بۇرادەر، نەگە بارساڭ پوئېتىپ،
مېنى كۆردۈڭمۇ، دېگەندەك كۆز قىسىپ ھەم قاش ئېتىپ.
ئاقىۋەت ۋەيران بولۇپ قالدىڭ ئۆزەڭ غەم قايغۇدا،
باشقىلار ئۆتمەكتە ئەمدى ساڭا نەپرەت ئوق ئېتىپ .

× ×

سېغىنىپ كەپتۇ نىگارىم، خۇش تەبەسسۇم يۈز ئېچىپ،
مەن كۈتۈپ ئالدىم ئۇنى قوينۇمنى-باغرىمنى ئېچىپ.
ئۇ دېدى: «كۆرگۈم كېلىپ، يوقلاشقا كەلدىم مەن سېنى»
مەن دېدىم: «رەھمەت، ساڭا قويدۇڭ كۆڭلۈمنى ئېچىپ».

× ×

زەھەر تىللىق چايانلارمۇ ئۆزىنىڭ نەسلىنى چاقماس،

كىشىنى چىشلىگەن ئىتمۇ سۇ ئىچكەن تەڭلىنى چاقماس.
خۇدايىم ساقلىسۇن، دەيمەن چېقىمچىدەك مۇناپىقتىن،
ئەگەر ئۇ بولسا چىن ئىنسان كىشىگە كىشىنى چاقماس.

× ×

مەن دېدىم: «ماڭدىم كۆرەشكە ماڭا يوللۇق كەشتەتىك»
يار دېدى: «ماقۇل جېنىم سەنمۇ كۆرەشكە جاننى تىك!»
مەن دېدىم: «جېنىم پىدا بولغاي ۋەتەن، خەلقىم ئۈچۈن!»
يار دېدى: غەلىبەڭ بىلەن بولغاي مېنىڭ قەددىممۇ تىك.

× ×

چاچ چۈشۈرگەن ئۈستىرا ئۆتكۈرلىشەر قۇم كاپ بىلەن،
ئۆركىگەن تايچاقلىقمۇ توختايدۇ تىزگىن «كاپ» بىلەن.
ئەلنى گۈللەتمەك ئۈچۈن باتۇر چىۋەر ئوغلان كېرەك،
ئىشقا ئاشمايدۇ پىلان «مەن-مەن» دېگەن «كاپ-كاپ» بىلەن.

(ئاپتور: «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

ئىرشاد ھېيتاخۇن

# غەزەللەر

I

كۆڭۈل ئىزلە ئارامىڭنى ساڭا ئاشىق بولاقلاردىن،
ئېيتاي بىر سۆز سوراپ يۈرمە چىمەندە قولاقلاردىن.
سۆيەي دېسەڭ ئەگەردە سەن ئانار يۈزلۈك لېۋەنلەرنى،
ئاشىق بولغىن ئانا يۇرتقا ۋاپا كۈتمە يىراقلاردىن.
ساڭا دەيمەن كۆڭۈل دائىم قۇياش نۇرىغا ئېتىقاد قىل،
ھەزەر ئەيلە كېچە يانغان ئالا-يېشىل چىراغلاردىن.
بولۇپ ئاشىق كۆرۈنگەنگە، كىرىپ قالما تۇيۇق يولغا،
يەنە دەيمەن ھەزەر ئەيلە، كۆڭۈل شەيتان سىياقلاردىن.

I

كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر كۆڭلۈك، كۆڭۈللەر قەن-ناۋات بولسا،
كۈلەر بەختىڭ كېچە-كۈندۈز ھايات بېغىڭ ئاۋات بولسا.
ئۇچۇپ كەڭرى سامالاردا تولۇن ئاينى سۆيەلەيسەن،
ھالال مېھنەت بىلەن كەلگەن بىلىم ئاتلىق قانات بولسا.
باسار يولۇڭ بولار داغدام كۈلۈپ بەختىڭ قىزىل گۈلدەك،
قارا نىيەت رەقىبلەر ھەم چېلىش مەيداندا مات بولسا.
كىرەلەيسەن باياۋانغا توسالمايدۇ داۋانلارمۇ،
خۇيى ئوبدان سىلىق، يورغا، ئىگەرلىك ياخشى ئات بولسا.
يېڭەلمەس ھېچ مۇشەققەتلەر تۈمەن غەم باسسىمۇ قات-قات،
ئېسىل ئەخلاق بىلەن غەيرەت ساڭا ھەردەم ساۋات بولسا!

(ئاپتور: ئاقبولاق نېفىت ئېلىش زاۋۇتىدا)

# چۈشۈنۈش



## هېكايە

تۇرسۇن ئابدۇللا

ناماز بامداتتىن يېنىپ مەسچىت ئالدىدا پاراڭغاچۇشكەن كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغان ئىمىن ۋات-ۋات كوچا دوقمۇشىدىكى بوتكىدىن نەۋرىسىگە سۈت ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان رازىخان چوڭ ئانىنى كۆرۈپ قالدى-دە، توپتىن ئايرىلىپ ئالدىغا باردى ۋە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ:

-- هەي رازىخان ئاڭلىدىلىمۇ، ئەكبەر قالاق ئاخشام پىچاق يەپ ئۆلۈپتۇ، -دېدى ناهايىتى مۇھىم خەۋەرنى يەتكۈزگەن كىشىدەك.

-- قايسى ئەكبەرنى دەيدىلا، -سورىدى ئالدىراش كېتىۋاتقان رازىخان چوڭ ئانا قەدىمىنى توختىتىپ.

-- تۆۋەنكى كوچىدىكى ھېلىقى ئەكبەر قالاقچۇ، ئوغۇللىرىنى ئۇرۇپ زەخملەندۈرۈپ تۈرمىگە كىرىپ قالغان ھېلىقى ئادەم. ئاڭلىشىمچە ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ بەش-ئالتە يېرىدە پىچاق ئىزى بار ئىمىش.

-- جازا مۇددىتىنى تۈگىتىپ تېخى يېقىندىلا قايتىپ كېلىۋىدى، يەنە ئىش تېرىغان ئىكەندە ئۇ دېيۈز، - دەپ ئويلىدى رازىخان چوڭ ئانا كۆڭلىدە.

ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر گۇرىرىدە ئولاشتى. ئىمىن ۋات-ۋات بۇنىڭغا ئوخشاش كىشىنى چۆچۈتىدىغان، ئەنسىزلىككە سالىدىغان «ئاجايىپ-غارايىپ» ئىشلاردىن كىشىلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرمىسا يېگەن-ئىچكىنى ئاش بولماي بۇدۇنيادا بىر كۈنمۇ ياشيالمايدىغانلىقىنى نامايان قىلماقچى بولغاندەك ئەتراپىدا تۇرغۇچىلارنىڭ

بېشى ئۈستىدىن گىدىيىپ قاراپ قويدى. قاق سەھەردە تېخى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان

يېپ-يېڭى خەۋەرنى يەتكۈزگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشى شۇ تاپتا كۆككە يەتكەندەك بولۇۋاتاتتى. شۇڭا ئاۋازىغا سىرلىق تۈس بېرىپ خەۋىرىنىڭ ئاخىرىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

— كىچە ئۇ ئىككى ئەر بىلەن بىر قىزنى تالىشىپ مۇشتلىشىپ قاپتىكەن. كېيىن ئۇ ئىككىسى ئۇنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

— ھەي ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەندە.

— يوندا يالاپ ئۆگەنگەن ئىتنىڭ خويى ئۆلگىچە ئۆزگەرمەيدۇ ئەمەسمۇ.

— خوپ بوپتۇ، نېمىلا دېگەن بىلەن بىر زىيانداشنىڭ بولىسمۇ يوقالغىنى مەھەللىمىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن خوشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان ئىش.

— ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشمەي تۇرۇپلا جەھەننەمگە سەپەر قىپتۇ، تەلىيى بار نېمىكەن ئۇنىڭ.

كىشىلەر دەل مۇشۇنداق غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقاندا يىراقتىن مۇشۇ تەرەپكە قاراپ ئېگىز بويلۇق بىر قىز ھارغىن قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر ساقچىمۇ بار ئىدى.

— رازىخان قارىسىلا، ئاۋۇ كېلىۋاتقان كىم.، ئىمىن ۋات-ۋات بىر قولى بىلەن كېلىۋاتقانلارنى كۆرسەتتى. لېكىن ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلارنى كۆرسەتكەن ئاشۇ قولى شۇ تاپتا تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئادەمنىڭ قولىدەك تىترەپ كېتىۋاتاتتى. رازىخان چوڭ ئانا كېلىۋاتقانلارغا قاراپ «بۇ نېمە ئىش» دېگەندەك قىلىن كالپۇكلىرىنى بىلىنەر-بىلىنمەس مىدىرلىتىپ، تۇرغان جايىدا داڭ قېتىپ قالدى. ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭمۇ شۇئان ئاغزى بېسىقتى. چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان قىز كەلگەن پېتى ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان رازىخان چوڭ ئانىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى:

— ئانا! . . . . . .

قىزنىڭ يىغىسى ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترىتىۋەتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ نېمىگە يىغلايسەن قىزىم؟ سەن ئەسلىدە بۈگۈن كېچىلىك سىمېنىدا ئىشتىن چۈشەتتىڭ، نېمىشقا ئەمدى قايتىپ كېلىسەن.

قىزىنىڭ يىغلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىگەن ئانىنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا بىر قىسىملا ئۈيەپ كېتىۋاتاتتى..

— ھە، بۇ ئەسلى مۇنداق ئىش.، دېدى ياش ساقچى ئۆمەرجان نېمە ئىشلىقىنى ئۇقالماي تىت-تىت بولۇپ كېتىۋاتقان رازىخان چوڭ ئانىنى خاتىرجەم قىلىشقا ئالدىراپ،. رەيھانگۈل قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. مۇبادا ئەكبەر ئاخشام دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەن بولسا ئېھتىمال قىزلىرى رەيھانگۈل. . . . .

— ئەكبەر؟ ئۇنى باشقىلار ئۆلتۈرۈۋېتىپ-تىمىشقۇ.، دېدى توپ ئىچىدىن بىرەيلەن.

— ياق ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، .دېدى ئۆمەرجان چۈشەندۈرۈپ.، بۇ قىز كېچىلىك سىمېنىدىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئىككى زوراۋان دوقمۇشتىن چىقىپ ئالدىنى توسقان. دەل شۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغان ئەكبەر ئۇ ئىككى زوراۋان بىلەن ئېلىشىپ ئېغىر زەخىملەنگەن. ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىمىز شۇئان يېتىپ كېلىپ ئۇ ئىككى زوراۋاننى قولغا چۈشۈردى. ئەكبەرمۇ دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇۋې-لىندى. بىز ھازىر شۇ ئەكبەرنىڭ يېنىدىن كەلدۇق. ئۇ خەتەرلىك باسقۇچتىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى.

ئۆمەرجان سۆزلەۋاتقاندا ئىمىن ۋات-ۋات بىر قىزىرىپ-بىر تاتىرىپ توپ ئىچىدىن ئاستىلا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك توختىماي تۆكۈلۈپ تۇرغان قىزىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تۇرغان رازىخان چوڭ ئانىنىڭ چېھرىدە بولسا قايغۇ بىلەن غەزەپ-نەپرەت، خۇشاللىق بىلەن مەمنۇنلۇق ئاللىقاچان ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى.

(ئاپتور: شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىك تەپتىش مەھكىمىسىدە ئىشلەيدۇ)





# يازنىڭ ئىچىدىكى ئادەم

## (ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە)

ئەركىن ئەمەت

يۇپىتېر ئوربىتىسىدىكى بۇ كىچىك پلانېت، قىزىرىپ تۇرىدىغان تۇپراق ۋە ھالقىسىمان تاغلاردىن باشقا كۆزگە چېلىقىدىغان ئالاھىدە مەنزىرىسى بولمىغان ئۆلۈك دۇنيا ئىدى. بۇ جايدا ھاۋا، سۇ، ھەتتا جانلىق مىكرو-ئورگانىزم بولمىسىمۇ، ئەمما ئاستىغا قىممەتلىك ئۇران بايلىقى يوشۇرۇنغان بولغاچقا، مارستىن كەلگەن ئۇران قېزىش ئەترىتى مۇشۇ تۇتاش كەتكەن ھالقىسىمان تاغلار ئارىسىغا بازا قۇرۇپ ئورۇنلاشقان ئىدى.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سابىت ئەپەندى بۈگۈن ئەتىگىنى كۆرگەن كۆڭۈلسىز چۈشنى ئاخىرلاشتۇرماستىنلا باش ئېلېكترونلۇق مېڭە مىكرو دولقۇن ئارقىلىق كۈندىكى قەرەلدە، ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئۇخلاش ۋاقتىنىڭ توشقانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇ قورقۇنچلۇق چۈشتىن سابىت ئەپەندىنىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل خىياللار كېچىۋاتاتتى. ئۇ چۈشنىڭ ئادەمنىڭ روھى تەڭپۇڭلۇقىغا كۆرسىتىدىغان ھەر خىل سەلبىي ئامىللىرى ئۈستىدە ئويلىناۋاتاتتى ئىدى. چۈش ئادەم يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ ئەكسى، ئەقىل-ئىدراكنىڭ دۈشمىنى، ئېلېكترونلۇق مېڭىمۇ چۈشنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز ئىدى. ھەر خىل ئەقىل-ئىدراكقا يات ئوي-خىياللار ھامان چۈش ئارقىلىق ئادەمنىڭ روھى تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ، ساغلام بولغان كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتقا پاسسىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. سابىت ئەپەندى ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا تىرىشتى. چۈنكى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئۇنىڭغا كەيپىياتنى خۇشال تۇتۇش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى كىچىككىنە داۋالغۇش قان

تومۇرنىڭ سوقۇشى، يۈرەكنىڭ ھەرىكىتى ۋە فېرمېنتلارنىڭ ئاجرىلىپ چىقىرىش جەريانىدا ئەڭ غايىۋى ھالەتتىن سەل نورمالسىزلىق ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن ئىدى. چۈنكى سابىت ئەپەندى ئادەم ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئادەمنىڭ پىلان ۋە تەرتىپلىك، خاتىرجەم مەنىۋى تىنچلىقى بولغان تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باغلىق بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئۆتكەندىكى دەۋرلەردە، -دەپ خىيالغا چۆككۈشكە باشلىدى سابىت ئەپەندى، -ئىنسانلار ھامان ئۇرۇش، كېسەللىك، نامراتلىق، ئىشسىزلىق، قەرز شۇنداقلا توختاۋسىز ئۆزگىرىشچان تۇرمۇش ۋە روھى بېسىملار تۈپەيلى بۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش مەقسىتىگە يېتەلمەي كەلدى. پەقەت ھازىرقى ئەقلى ئانالىز ئىقتىدارىغا ئىگە ھېسابلاش ماشىنىسىلا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى پىلانلىق، ئەقىل-ئىدراكقا مۇۋاپىقلاشقان ھالدا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىنلا ئىنسانلار ئۇزۇن ھاياتلىق شاپائىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالىدى. سابىت ئەپەندى شۇلارنى ئويلىغاچ ئاشخانىغا كىردى. بازا ئەزالىرى بىرلا ۋاقىتتا بۇ يەردە ھازىر بولۇشقان ئىدى. سابىت ئەپەندى بىر ئىستاكان چاي بىلەن ئىككى تابلېتكىنى يۇتۇۋەتتى. بۇ قانداقتۇ دورا بولماستىن، ئۇنىڭ بەدىنىگە ئېھتىياجلىق ھەر خىل ئوزۇقلۇقلار تەڭشەلگەن تاماق بولۇپ بىر كۈن ئىچىدە ئۇ ئەمدى باشقا ئېنېرگىيە قوبۇل قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولمايتتى.

سابىت ئەپەندى تاماق يەپ بولغىچە، خىزمەتداشلىرىغا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ-سۆز قىلمىدى. بۇ بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن بولماي بەلكى ئۇلارنىڭ باش ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ پروگراممىسىغا ئۇران قېزىشتىن باشقا ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆز تېمىلىرىنى سۆزلەشنى مەنئى قىلغان بولۇپ، بىلەرمەنلىك، مەنمەنلىك ۋە ۋالاقتەككۈردەك توختىماي سۆزلەش ئادەمنىڭ زېھنى قۇۋۋىتىنى زور دەرىجىدە خورىتاتتى.

ئەگەر بىرەرسى بۇ جايدا سۆزمەنلىك قىلسا، ياكى چاقچاقلاشسا، باش ئېلېكترونلۇق مېڭە مىكرو دولقۇن ئارقىلىق خۇددى ئاسماندىن ۋەھى چۈشكەندەك ئۇنىڭ مېڭىسىگە «-سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ! زېھنىڭىزنى چاچماڭ!» دېگەن ئاۋاز تەكرار ئاڭلىناتتى. بۇ بازىدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى پەيلاسوپلار ئېيتقان «سۈكۈت قىلىش-ئالتۇن دېمەكتۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزگە ئەمەل قىلىشاتتى. ئۇلار دەسلەپ كۆرۈشكىنىدە قىسقىچە سالاملىشىپ، باش لىڭشىتىپ قوياتتى. بارا-بارا بۇنىڭغىمۇ زېھنى قۇۋۋىتىنىڭ خورىماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر-بىرىگە سالام-سائەتمۇ قىلىشمايدىغان بولۇشتى. ئۇلار تاماق ۋاقتىدىلا بىر يەرگە جەم بولۇشىمۇ، ئۇلارغا ھامان جىمجىتلىقلا ھەمراھ بولاتتى. بۇ بازىدا مۇزىكا، كۈلكە-چاقچاق، ناخشا-ئۇسسۇل يوق ئىدى. چۈنكى ئادەم مېڭىسىنىڭ ساغلاملىق نۇقتىسىدىن جىمجىتلىقنى ئەڭ ياخشى مۇزىكا دەپ قارىشاتتى. بىراق ئىجادچانلىق روھىغا باي سابىت ئەپەندى ئىشچىلار ئويۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن بىر كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇخلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ھەر قايسى ئۆز ھۇجرىلىرىدا ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى يېشىش ۋە ھەر خىل گېئومېترىيىلىك شەكىللەرنى سىزىشتىن ئۆزلىرىگە چەكسىز مەنىۋى لەززەت تېپىشاتتى. شۇنداقلا جىنسىي مۇناسىۋەت ۋاقتىنىمۇ ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئېلىپ باراتتى.

بۇ كۈنى سابىت ئەپەندى ئېھتىيات بىلەن قەدەملىرىنى يۆتكەپ قوماندانلىق مەركىزىگە كىردى. ئۇ ھەر خىل باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى، تېلېۋىزور ئېكرانلىرى ئالدىدىكى ئورۇندۇققا

كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كان رايونىدىكى ھەر قايسى مەشغۇلات لىنىيىلىرى كۆرسىتىلىپ تۇرغان ئېكرانغا تىكىلگەن ئىدى.

بۇ جايدىن پۈتكۈل بازىدىكى ھەر بىر ئۆزگىرىشتىن تارتىپ، مۇشۇ پلانېتنىڭ تاشقى ئاتموسفېرا قەۋىتىدىكى كىچىككىنە شەپىنىمۇ ئېنىق كۆزىتىپ تۇرغىلى بولاتتى. تۇيۇقسىز تېلېۋىزور ئېكرانىدا پەيدا بولغان ئۇچار جىسىمنى كۆرۈپ سابىت ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ، دىققىتى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتى. ئېكراندا نامەلۇم بىر ئۇچار جىسىم بۇ پلانېتقا يېقىنلىشىۋاتاتتى. يۇپىتېرنىڭ بۇ ھەمرىيى ئىنسانلارنىڭ قەدىمى يېتەلەيدىغان دۇنيانىڭ چەت-چېگرىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئادەتتە مارستىكى باش شىركەتنىڭ قەرەللىك ئوزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈش كېمىسىدىن باشقا كېمىلەرنى ئۇچرىتىش تەس ئىدى. بىراق باش شىركەتنىڭ كېمىسىنىڭ بۇ جايغا كېلىشىگە يەنە خېلى كۈنلەر بار ئىدى. نامەلۇم ئۇچار جىسىم بارغانسېرى تېز سۈرئەت بىلەن بۇ پلانېتقا يېقىنلاشماقتا ئىدى.

— شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنداق نۇر تېزلىكىگە يېقىنلىشالايدىغان ئالەم كېمىسىنى ئۇچۇرۇپ، ئالەم بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلىش تېخى ھېچقانداق ئىنسانغا نېسىپ بولغىنى يوق.

— شۇنداق، بۇنداق تېز سۈرئەتتە سىمسىز ئالاقە ئارقىلىق بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشىمىزنىمۇ قوبۇل قىلماي، بىزگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا بۇ تاشقى پلانېت ئادەملىرىنىڭ بىزگە قىلغان بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز ھۇجۇمى بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار دائىم مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ.

سابىت ئەپەندى قوماندانلىق شتابىدىكى خىزمەتچى خادىملاردىن كۆپ ئېغىر بېسىق بولسىمۇ، بىراق ئۇمۇ مارستىكى باش شىركەت بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلاردىن قارشى تەدبىر ھەققىدە يوليورۇق سورىماقچى بولدى. ئەمما باش ئېلېكترونلۇق مېڭە تېز سۈرئەت بىلەن ئايلىنىپ، بۇ ئۇچار جىسىمنىڭ سۈرئىتى ۋە تاشقى پلانېت ئادەملىرىنىڭ ئۇچار كېمىلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى تەھلىل قىلىپ، جىددى ھالەتكە ئۆتۈپ، باش شىركەت بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆزىنى قوغداش ھەققىدە بۇيرۇق بەرمەيۋاتاتتى. ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قېلىشتى، باش ئېلېكترونلۇق مېڭە بىر تەرەپتىن بۇ ئۇچار جىسىمنى تەھلىل قىلسا، بىر تەرەپتىن ھەر بىر ئەترەت ئەزاسىغا «ئۆز ئىش ئورنىڭىزدا تۇرۇپ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇڭ!» دېگەن بۇيرۇقنى ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە قايتا-قايتا ئۇقتۇراتتى. نامەلۇم ئۇچار جىسىم ئۇلارغا بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا.

سابىت ئەپەندى مارستىكى باش شىركەتتىن يوليورۇق سوراپ، بۇ بازىدا جىددىي ھالەت يولغا قويۇپ ئۆزلىرىنى قوغداشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. ئېكراندا ئۇچار جىسىمنىڭ يەنە نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا بۇ بازىغا يېتىپ كېلەلەيدىغانلىقى كۆرۈندى. بۇ ھالنى كۆرۈپ سابىت ئەپەندى قوماندانلىق شتابىدىكى خىزمەتداشلىرىغا ئوخشاشلا جىددىلىشىپ كەتتى. يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىپ، پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولۇپ، كۆزلىرى چەكچەيدى. شۇ پەيتتە باش ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن «جىددىلەشمەڭ، جىددىلىشىش يۈرەكنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىپ، سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ.» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. سابىت ئەپەندى ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىلگىرى تاشقى پلانېت ئادەملىرىنىڭ مارستىكى بازىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇران قېزىش ئەترەت ئەزالىرىغا ئىسكىلاتتىكى قورال-ياراقلار بىلەن قوراللىنىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئەمما سابىت ئەپەندىنىڭ بۇيرۇقى ئاۋۋال باش ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولۇپ، سىمسىز ئالاقە

ئارقىلىق ھەر قايسى ئەترەت ئەزالىرىغا يەتكۈزۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن باش ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن «زوراۋانلىق ئىشلىتىش سالامەتلىككە زىيانلىق، ئۇ تىنچلىقنى بۇزۇپ، يۈرەكنىڭ سوقۇشىنى تېزلىتىۋېتىدۇ. نەپەس رېتىمىنى بۇزىدۇ، ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشكە زىيان يەتكۈزىدۇ» دېگەن ئاۋاز سابىت ئەپەندىنىڭ مېڭىسىگە ئاڭلاندى. ئېنىقكى ئۇنىڭ بۇيرۇقى كۈچكە ئىگە بولمىغان ئىدى. بۇ بازىدا ھەقىقى خوجايىن ئەمەلىيەتتە يۇقىرى ئەقلىي ئانالىز ئىقتىدارىغا ئىگە ھېسابلاش ماشىنىسى ئىدى. سابىت ئەپەندى ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ بىخەتەرلىك كۆئېففىتسېنتىنى تۆۋەنلەپ مەلۇم چەككە يەتمىگىچە جىددى ھالەتكە ئۆتۈش بۇيرۇقى بەرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئېلېكترونلۇق مېڭىنى مۇتلەق ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە، ئادەمنىڭ بىۋاسىتە تويغۇسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ قارايتتى. نامەلۇم ئۇچار جىسىمنىڭ ئۇران كېنى ئەتراپىغا يېقىنلاپ قالغانلىقى بىلىندى. غەلىتە بىر خىل سىرلىق كۈچ ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىغا كاشىلا سېلىۋاتاتتى. سابىت ئەپەندىنىڭ ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تاقىتى قالمىدى. ئۇ ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ بۇ نورمالسىزلىقى تۈپەيلىدىن بۇ بازىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلەپ قېلىشىدىن ياكى مارستىكى باش شىركەتتىن يولىيورۇق سوراشقا تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى. دەل شۇ ھايات-ماماتلىق پەيتىدە باش ئېلېكترونلۇق مېڭە خىزمەتنى توختىتىپ، قارشىلىق كۆرسىتىش-كۆرسەتمەسلىك توغرىسىدا مارستىكى باش شىركەتتىن يولىيورۇق سوراش توغرىلىق سىمسىز ئالاقە قىلىش كېرەكلىكىنى سابىت ئەپەندىگە ئۇقتۇردى. گەرچە مارستىكى باش شىركەتتىن بۇ بازىغىچە بىر ئايلىق مۇساپە بولسىمۇ ئېلېكترونلۇق مېڭە تورلاشتۇرۇۋېلىنتلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ بازىدىكى باش ئېلېكترونلۇق مېڭە مارستىكى باش شىركەتنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭىسىنىڭ قوماندانلىقىدىلا ئاندىن نورمال ئايلىنالايتتى. باش ئېلېكترونلۇق مېڭە تېز سۈرئەت بىلەن ھېسابلاش ئاناليز قىلىش ئارقىلىق بۇ نامەلۇم ئۇچار جىسىمنىڭ دۈشمەنلىك ھەرىكىتىدە بولۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئاخىرى جەزىملەشتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. خىزمەتنى توختىتىش-توختاتماسلىق شىركەتنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە بولغانلىقتىن، پەقەتلا مارستىكى باش شىركەتنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئېلېكترونلۇق مېڭىسىلا بۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئاناليز قىلىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئۇران قېزىش بازىسىدىكى باش ئېلېكترونلۇق مېڭىگە نۇر تېزلىكىدە ئۇقتۇراتتى. شۇ چاغدىلا بۇ ھېسابلاش ماشىنىسى خىزمەتنى توختىتىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە بۇيرۇق بېرەلەيتتى. ئەمما سابىت ئەپەندى باش ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ بۇيرۇقى ئارقىلىق مارستىكى باش شىركەت بىلەن ئالاقىلىشىش بۇيرۇقىنى بەرمەكچى بولغىنىدا، ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان كېچىككەنلىكىنى سەزدى. كۆزگە كۆرۈنمەس نامەلۇم سىرلىق كۈچ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوماندانلىق شتابىدىكى ئاپپاراتلارنى ئىشتىن توختىتىپ، بارلىق ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرىنى كاردىن چىقارغان ئىدى. باش ئېلېكترونلۇق مېڭىمۇ ئايلىنىشتىن توختاپ ئۆز رولىنى يوقاتقان ئىدى. پۈتكۈل بازا ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ قوماندانلىقىدىن ئايرىلىپ، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ بازىدىكى كىشىلەرمۇ خۇددى بۆرىگە ئۇچرىغان قوي پادىلىرىدەك پاتپاراق بولۇشۇپ، قورقۇنچ ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ئىدى. بۇ بازا خۇددى سېھىرلەنگەندەك بىر خىل كۈچنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەنىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، نامەلۇم ئۇچار جىسىم ئۇلارنىڭ بازىسىنىڭ ئەتراپىدىكى يېقىنلا بىر جايدا ئىدى.

سابىت ئەپەندى قوماندانلىق شتابىدىن چىقىپ مەركىزى پائالىيەت زالىدا نېمە قىلارىنى

بىلەلمەي قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىغا كەلدى. ئەتراپ شۇئان تىمتاسلىقتا چۆمدى:

— ئەمدى بىزنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇشقا ۋاقتىمىز قالمىدى. بىز ياۋۇز تاشقى پلانېت ئادەملىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق. ئۇلار ئاۋۋال بىزنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭىمىزگە زەربە بېرىپ بىزنى قوماندانلىقتىن مەھرۇم قىلىپ، بېشى ئۈزۈلگەن ئىلاندەك قىلىپ قويۇپ، ئاندىن بىزنىڭ ئۇران ئىسكىلاتىمىزغا تېگىپ مەھسۇلاتلىرىمىزنى بۇلىماقچى. ئەمدى بىز ھەرىكەتكە كېلىپ ئىسكىلاتتىكى قوراللار بىلەن بۇ بازىنى قوغدىشىمىز كېرەك،— دېدى سابىت ئەپەندى.

سابىت ئەپەندى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش ئىسكىلاتتىكى ئەپچىل، يېنىك، پارقىراپ تۇرىدىغان كۈچلۈك زەربە دولقۇنى پەيدا قىلىپ دۈشمەننى بىتچىت قىلىۋېتەلەيدىغان لازېر نۇر قورالىنى قولىغا ئالغىنىدا، ئۆز تەبىئىتىگە يات بىر نەرسە قولىغا چىقىپ قالغاندەك ھەم ھەيرانلىق، ھەم قورقۇش ھېس قىلدى. تېنى شۈركەندى، نەپەسى قىسىلىپ، پېشانىسىدە سوغۇق تەر پەيدا بولدى. «نېمە دېگەن دەھشەت! نېمە دېگەن رەھىمسىزلىك ھە! قولۇمدىكى بۇ قورالنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىشىم بىلەنلا ئەجەللىك نۇر ئېقىمى ئېتىلىپ چىقىپ ھەر قانداق جانلىق ئورگانىزمنى شۇ زامان كۇل قىلىۋېتەلەيدۇ.» دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇنداقتىمۇ سابىت ئەپەندى كۆز ئالدىدىكى جىددى ھالدا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان بۇ كىشىلەرگە:

—بىزنىڭ بۇ بازىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىدىغان ۋاقتىمىز يېتىپ كەلدى. بىز پەقەت مارستىكى باش شىركەتنىڭ كېمىسى بۇ بازىغا يېتىپ كەلگىچە بەرداشلىق بېرەلىسەكلا بىزگە نىسبەتەن غەلىبە دېمەكتۇر. شۇڭلاشقا بىز ئاۋۋال بىر كىچىك گۇرۇپپا تەشكىللەپ، بۇ بازىدىن چىقىپ دۈشمەننىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخباراتلارنى ئىگەللەشكە ئېھتىياجلىقمىز. چۈنكى قارشى تەرەپنىڭ ئورنىنى چۈشىنىش جەڭدە غەلىبە قازىنىشنىڭ ئەڭ چوڭ كاپالىتى. مەن سىلەرنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستۈڭلارغا ئېلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن، -دېدى.

قوللىرىدا لازېر نۇر قورالىنى تۇتقان بازا ئەزالىرى قورقىنىدىن شۈمشىيىشىپ چىرايىدا قان قالمىغان ئىدى. ناتونۇش ۋەھشى دۈشمەنگە بولغان تېررورلۇق تۇيغۇسى، ئۇلارنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش پروگراممىسىغا ئاساسەن ھەرىكەتلىنىپ ئادەتلىنىپ قالغان نازۇك، سەزگۈر مېڭىلىرىنى چوڭقۇر كرىزىسقا دۇچار قىلغان بولۇپ، ھەممىسىنىلا بۇ ھايات-ماماتلىق سىناقتىن قانداق ئۆتۈش خىيالى چۇلغىۋالغان ئىدى. ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە، بىراق بۇ يەردە ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى.


— رەئىس ئەپەندى، -دېدى ئارىدىن بىرى بۇ ئېغىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ،— كۆپچىلىككە مەلۇمكى ئورتاق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش ئوخشاشلا ئورتاق مەجبۇرىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش كوئېففىتسىېنتىنىڭ تېخىمۇ جىددى، تېخىمۇ خەتەرلىك بولغان مۇھىتتا تېخىمۇ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇنى تەكلىپ قىلىمىزكى كىملەرنىڭ ئالدىن چارلاش ئەترىتىگە قاتنىشىپ بازىدىن چىقىشىنى چەك تاشلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق بەلگىلەيلى، بۇ ئەڭ ئىلمىي، ئەڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق چارە، -سابىت ئەپەندى قورقۇپ كۆزلىرى ئۈركىگەن كىيىكتەك ئالاقزادىلىك بىلەن تولغان بۇ قوراللىق كىشىلەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى بۇ يېڭى پلانېتقا كېلىپ بويسۇندۇرۇش ۋە ئېچىش جەريانىدا مۇشۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىشەنچلىك كان رۇدىلىرىغا ئىگە بولۇش ۋە بازا قۇرۇش جەريانىدا ھېسابسىز خەتەرلەرگە باش ئەگمەي، قوراللىق قېدىرىپ تەكشۈرۈپ

چىققانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇ بۇ كىشىلەرگە مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامالىنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ، چەك تاشلاش لايىھىسى بويىچە ئىش كۆرۈشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ زامان زالدا جىددىي چەك تاشلاش باشلاندى. سابىت ئەپەندى ئۈمىدسىزلىنىپ قاتمال بۇ ۋەزىيەتنى قانداق ئوڭشاشنى ۋە بۈگۈنكى تەرتىپسىز تۇرمۇشنىڭ بۈگۈنكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش سۈپىتىگە كەلتۈرگەن زىيىنىنى ۋە ئۇنىڭ يىراق كەلگۈسىدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە بولغان ناچار تەسىرىنى قانداق يوقىتىشنى ئويلاپ چوڭقۇر غەمگە پاتقان ئىدى.

تۇيۇقسىز بازىنىڭ بىر تەرىپىدىن دەھشەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغىچە نەپىسى قىسىلىپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇشتى. بۇ بازىنىڭ ئوكسىگېن سىنتېزلەش زاۋۇتى پارتلىتىۋېتىلگەن بولۇپ، ئوكسىگېن مەنبەسىدىن ئايرىلغان ئىدى. يەنە ئارقىدىنلا بىر نەچچە قېتىملىق گۈمبۈرلىگەن ئاۋازدىن كېيىن بازىنىڭ تاملىرى گۈمۈرۈلۈپ، چوڭ تۆشۈكلەر ئېچىلىپ، يۇقىرى بېسىمدىن ئايرىلغان ئوكسىگېن ئۆي ئىچىدىن بوشلۇققا شىددەت بىلەن ئېقىپ چىقىپ كەتتى. بۇ بازا ئەزالىرى كىسلورودلۇق ئالەم كىيىمىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئۆزلىرىنى ئۇياق-بۇياققا ئېتىشىپ جان تالاشتى. سابىت ئەپەندى قولىدىكى قورالىنى تاشلاپ، ئۆزىنى قوماندانلىق شتابىدىكى ئوكسىگېن خالتىسىغا ئېتىپ يۈگۈرگەن بولسىمۇ يەنە بىر دەھشەتلىك پارتلاش ئۇنى بازىنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويدى. ئۇنىڭ شۇ ھامان تىنىقى توختاپ، قانلىرى بۇلدۇقلاپ سىرتقا ئېقىپ چىقتى. بۇ بازىدىكى بىرەرسىمۇ بۇ ئاپەتتىن ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدى.

بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي مارستىن كەلگەن ياردەمچى كېمە يۇپىتېرنىڭ IV ھەمرىيىگە قونۇپ كۆز ئالدىدىكى دەھشەتلىك مەنزىرىدىن چۆچۈپ كېتىشتى. بازا ۋەيران قىلىنغان، ئۇران ئىسكىلاتىدىكى يۇقىرى قويۇقلاشتۇرۇلغان قىممەتلىك ئۇران بۇلانغان ئىدى. بازا خارابىلىققا ئايلانغان، بازا ئەزالىرىنىڭ جەسەتلىرى خېلى يەرلەرگىچە لەيلەپ بارغان ئىدى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئېلېكتر-ئېنېرگىيە قۇراشتۇرۇش شىركىتى مەمۇرى ئىشخانىسىدا)



تۇردى قۇربان يامغۇر

# ئىگە ھەققىدە مۇخەممەس

ھەر قانداق شەيئى مەلۇم ئىگىدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ، ئادەم تېخىمۇ شۇنداق! ئەكس ھالدا، بەلگىلىك روھىي يۆلەك ۋە غايىدىن مەھرۇم بولىدۇ-دە، ھالاكىتى تېزلىشىدۇ.

—خاتىرە دەپتىرىمدىن

تەكتىدىن جان ئۆزى بىر ھور گۈللىتىشكە تەن ئىگە،
بولغىنىدەك يىلقا-قويلارغا جىرا-چېتەن ئىگە،
يۇرمەپەرۋاسىز، نىگارا، قان-يېشىمغا سەن ئىگە،
كەڭرى ئالەمنى كۆزەتسەم بەك مۇھىم ئىكەن ئىگە،
باغلىنىشتا سۇ-بېلىقتەك مەۋجۇدات بىلەن ئىگە.

ئاز ئەمەس جاھاندا سىرلار، تىلسىماتنى كىم بىلەر؟
خۇلق-خۇيى خامبىلېئوندەك بار خېلى كۆپ بەندىلەر،
ئۆتىدۇ كۈن ئايلىنىپ يەر قەدرىگە بىلگەن يېتەر،
ئوي-پىكىرنىڭ شەكلى جۈملە مەنىنى ئىزھار ئېتەر،
باش بولۇپ تۇرغاچ ئۇنىڭغا خاس بۆلەك-تېمەن ئىگە.

ماڭ قاراپ تۈت كوچا ئاغزىدا يېقىلدى قاي چىراغ،
پۇختا ئەتكەن باكۇ-تۇڭدىن زادىلا ئاقمايدۇ ياغ،
كۆرسىتەر تەسىر زېمىننىڭ ئىقلىمىغا چوققا-تاغ،
چېلىقار سەھرادا كۆزگە يار ئېتىز، ۋەيرانە باغ،
بولمىسا چىتلىق-توساق تام، سوقما-قىر، تىكەن ئىگە.

سەن ئەجەبلەنمە پەقەتلا ئاقسا دەريا قېنىدا،
تەڭدىشى يوق ماگما-ئوتلار ياتسا تاشماي ئىنىدا،
قوغدىنىش-قوغداش بىلەنلا ھەممە ئىش ئۆز چىنىدا،
بۇنى بەك چوڭقۇر چۈشەنگەي ئاشىق بۇلبۇل جېنىدا،
شاختىكى گۈل-غۇنچىلارغا قولدىشى تىكەن ئىگە.

ھاجىتى نە خۇرسىنىشنىڭ ياتسا سايغا تاش تولۇپ،
پۈتىدۇ كۆۋرۈكۈ-يوللار، تاش-شېغىللار ئۇل بولۇپ،
قىزغا ئەخلاق بەرسە زىننەت چېھرىمۇ كەتكەي يورۇپ
چۆل-سازلىقنى ئالدىراپلا قالما «بەڭباش» دەپ تونۇپ،
سال نەزەر، ياخشى كۆزەت، يانتاق، قومۇش، يىكەن ئىگە.

نەدە تۇرسۇن ئۇستىخان تىك قاپلىماستىن ئەت-سىڭىر،
ئۆتىدۇ بىكار تەلەتنىڭ كۈنى ئۆلۈمدىن ئېغىر،
جۇرئىتى يوق بەستى-بويىنى باسىدۇ نەس، توڭرا-كىمىر،
تەنگە ھاردۇق يەتسە يەتسۇن ئاشنا بولسۇن ئوي-پىكىر،
مېتە چۈشكۈنلۈك ئۆمۈرگە، دېمە «ياق» ئىشەن، ئىگە.

«ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەيدۇ يوللۇق كونىلار،
ئىشنى باشلاپ باشقا چىققان ئەل ئىچىدە تونۇلار،
بور توزۇپ تۈگەيدۇ، ئەمما دىلغا ئەقىل قويۇلار،
سەن ئىبادەت ئەھلىنى، كۆر، چېھرىدە نۇر-شولىلار،
چۈنكى تېنى پاك داۋامەت، قەلبىدە تىرەن ئىگە.


بەسلىشىشتە يەڭدى، قېنى، يار-يۆلەكسىز قايسى پىل؟
رەستە كۆرمىگەن ئېشەككە تار كېلەر جاڭگال-ئېغىل.
پۈت دىرىلدەپ، تىل تۇتۇلغاي كەتسە ئىشەنچ، بۇنى بىل،
لالما ئىت بىرلە تالاشچى ئىتنى سەن «كۆرگەزمە» قىل،
يەڭمىكى بەرھەق يېنىدا بولغىنى ئەرەن ئىگە.

شارچى شارنى كۆپتۈرۈپ راس قويىدۇ ئۆرە باھا،
سايرىسا پەي تار دۇتاردا بولغۇسى دىل مەھلىيا،
تۆھپىگە سالغاي ئاساس ۋارتاچى قىلىپ جان پىدا،
جارچىلار چوقانى بىرلە توپچى توپ تېپەر ئۇدا،
ئۇندىگەن بايراقتا چۈنكى ئەسلىدىن ۋەتەن ئىگە.

يار، پىراق مەھسۇلى دەۋرگىن بۇ كۆڭلۈم مۇڭىنى،
ۋەلى «ياق-ياق» دەپ تۇرۇپ كۆزلەيدۇ نەپىنىڭ چوڭىنى،
بەك قىيىن شۇ كۈندە تاپماق مەخلۇقاتنىڭ «تولڭ»نى،
بولسا جۈرئەت كىمدە-كىم قىلغۇسى ئىشنىڭ چوڭىنى،
توغرا يولدا تۇرسىلا چىلىڭ كىم تاپار ئېۋەن، ئىگە.

ياخشى سۆز، ھېكمەت-ئىلىملەر كىشىنىڭ قەلبىگە نۇر،
قاچۇرۇپ ئۇ ئەسكىلىكتىن بىخلىتار ۋىجدان-غۇرۇر،
ئاڭلىساڭ، خەت بىلمىگەنلەر ئۆز-ئۆزىنى دەيدۇ: كور،
«تەلەپ-سەۋەب» بۇ دۇنيانىڭ چىن-ھەقىقىي يارىدۇر،
قىل ئەمەل، كەم بولسا رىسقىڭ، دەيدۇ تەڭرى، مەن ئىگە.

(ئاپتور: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى)



ئىمىنجان روزى (تاقىتى)

# ئانامغا مەكتۇپ

I

بۇلاقلاردىن تاشقاندا تامچە،
پەرىلەردەك قالدىڭ قول سىلكىپ.
بوشلۇقلارغا سىڭدى «خەير-خوش!»
كېزەر شامال كۆز-ياشنى سۈرتۈپ.

ئانا، سەندىن ئايرىلغان شۇ كۈن،
ئەسلىمەمگە جۆر بولدى ئەجەپ.
چىن يۈرەكتىن زارىقتىم بۈگۈن،
تاشقىن ھېسلار ئاققاچ كۆۋەجەپ.

مۇجۇقلىدى يۈرەكنى شۇنداق،
ئازاب بىلەن ھىجراننىڭ تىغى.
سالام خەتكە ئايلاندى بۈگۈن،
دەردكە تولغان يۈرەكنىڭ بېغى.

I


سۈۋغا قىلسا ساڭا پەرىشتە،
يېڭى يىلنى يۇدۇپ ئەكىلىپ.
چانىقىڭدا مۇگدەرمۇ شەبنەم،
يىراقتىكى مېنى سېغىنىپ!

ئاق چېچىڭدا ئۆي تۇتسا باھار،
كەلمىدى، دەپ چۆكمە تەشۋىشكە.
مېنىڭمىغۇ جان، دەپ بارغۇم بار،
تويغۇالسام، دەيمەن ئاشكۆككە.
ئايرىلىقىمىز بەك يىراق.ئەمما،
مۇساپىمىز ئوخشار پەلەككە.

ئۇچۇپ باراي، دەيمەن جان ئانا،
قورقىتىدۇ ئىمتىھان روھى.
يىغلىمايمەن، ئەمما سوغۇق ياش،
مۇزلىتىدۇ ئالەمنى،
چۈنكى:
يوق، يېنىمدا بىر گىردە پۇلى.

تاش يۈرەك، دەپ ئەيىبلىمىگىن،
قۇشتەك ئۇچۇپ بارغۇم بار، ئەمما...
مىسرالىرىم يوقلايدۇ چوقۇم،
زىناقىڭدا ئۇخلىسا دۇنيا!...

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە ئاۋات بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە)



ھەسەنجان بوساق

# گەر نېسىپ بولغاندا قايتا بىر سۆيۈش

تاقەتسىز تەلمۈرۈش، زارىقىپ كۈتۈش. . .
شۇمىدى قالدۇرغان سوۋغىتىڭ گۈلۈم؟
گەر نېسىپ بولغاندا قايتا بىر سۆيۈش،
رازىدىم قوينىڭغا ئالسىمۇ ئۆلۈم. . .

تاڭلارنى كۈتمەن تۈندە ئۇخلىماي،
تاڭ ئاتسا، تىلەيمەن تاڭلارنى يەنە.
كەل نىگار سۆيگۈدە بېخىللىق قىلماي،
بىلىنەر سېنىڭسىز ھايات بىمەنە.

ئاھ، ئەجەب لەززەتلىك شۇ دەقىقىلەر،
كۈتمەن، قاچانمۇ كېلەر قايتا دەپ.
مەندىكى ساغىنىلا خاس ئەقىدىلەر،
ئۆتەرمۇ كۈنى-تۈن قايغۇ-ھەسرەت يەپ؟

چۈشۈمگە كىرسەن نازلىنىپ، كۈلۈپ،
لەۋلىرىم تامشىيدۇ ئويغانسام سەھەر.
تۈگۈشەر بولدىغۇ يۈرۈكۈم كۆيۈپ،
ھەي، گۈلۈم ۋەسلىڭگە يەتكەنگە قەدەر.

كېلىمەن، بەزىدە باغلار ئارىلاپ،
ئىككىمىز ئۇچراشقان مەجنۇنتاللىقتا.
ناۋادا كەپ قالساڭ ئايدەك مارىلاپ،
چىدارمۇ يۈرۈكۈم بۇ خۇشاللىقتا؟!

گۈلزارلىق ئىچىدە تۇرىمەن ئۆزۈم،
ئەتراپىم، ھەتتاكى، ئالقىنىمدا گۈل.
ۋە لېكىن، بىر ساڭا تىكىلگەن كۆزۈم،
ئۆزگە گۈل خالىماس (مەيلى رەنجى، كۈل).

شاماللار ھىدىڭنى ئەپ كېلەرمۇ دەپ،
يۈرايمەن ئەتراپنى تۇرۇپ سەھەردە.

يۈرۈكۈم رىتىمسىز سوقار گۈپۈلدەپ،
قىلچىلىك شەپەڭنى سەزسە ئەگەردە.

نەدىندۇر ئاڭلانسا، ئاشۇ ئاخشىمى،
ئىككىمىز ئاڭلىغان ناخشىنىڭ ئۈنى،
خىيالغا چۆمۈلۈپ ئۇشبۇ ناخشىنى،
يادلايدۇ يۈرۈكۈم كۈنى ۋە تۈنى.

بىلمەيمەن، قانچە رەت سۆيگەنلىرىمنى،
سەن ماڭغان يوللارنىڭ گىرۋەكلىرىگە.
قانداقمۇ دادلايمەن كۆيگەنلىرىمنى،
ئېسىلىپ كىملەرنىڭ بىلەكلىرىگە.

مەلەڭگە تالاي رەت بارىمەن، ئەمما،
ئېھتىيات ئەيلەيمەن ئۆسەك سۆزلەردىن.
ھېچ جاۋاب ئالالماي قايتىمەن تەنھا،
سەندىكى سېھىرلىك بۇلاق كۆزلەردىن. . .

سېغىندىم مەن سېنى، سېغىندىم ئەجەب،
ھەر دەقىق مىڭ يىلدەك بىلىنەر گويا.
تاقەتنى تۈگەتتىم سەن ئۈچۈن خەجلەپ،
سېنىڭسىز قەپەزدۇر ماڭا كەڭ دۇنيا.

نەقەدەر لەززەتلىك كۈتۈش ئازابى،
يۈگرەيدۇ ئارمانلار دىدارلىششقا.
پىراقتا، قورقىمەن ۋىسال شارابى،
مەست قىلىپ تاشلارمۇ بىزارلىششقا؟!

ئازابلىق بولسىمۇ تەلمۈرۈپ كۈتۈش،
ئۈمىدىم روھىمغا بېرىدۇ مەدەت.
ئۈتۈنگىدا مىڭ يىلچە كۆيۈپ بىر ئۆچۈش،
مەن ئۈچۈن شەرەپتۇر ئەبەدىل-ئەبەت!

(ئاپتور: قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات باشقارمىسىدا)

ئابدۇرېھىم ئابدۇرۇسۇل (ئىنتىزار)

# شۇنداق ئادەممەن

ھاياتىمدا كۆپ يىغلاپ، كۈلەلمىگەن ئادەممەن،
دەرد-ئەلەمدىن خالى بوپ، يۈرەلمىگەن ئادەممەن.
بۇ ژاپاسىز دۇنيادىن جۇدا بولاي، مەڭگۈ، دەپ
ھايات شېرىن تۇيۇلۇپ ئۆلەلمىگەن ئادەممەن.

يۈرەكتىكى سۆزۈمنى دېيەلمىگەن ئادەممەن،
خالىغاننى يەپ-ئىچىپ، كىيەلمىگەن ئادەممەن.
خىيال بىلەن لاغايلاپ ئۆزۈم ئۆتۈپ غورىبەتتە،
باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيەلمىگەن ئادەممەن.

دوستلار بىلەن قىلچە ئەپ، ئۆتەلمىگەن ئادەممەن،
ئاتا-ئانامنى رازى قىپ، كۈتەلمىگەن ئادەممەن.

تۇساتتىنلا بىر ئەمەل كېلەمدىكىن قولغا دەپ-
تېرىقىنمۇ «مېھمانسىز» يۇتەلمىگەن ئادەممەن.

قەلبىمدىكى جانانىنى سۆيەلمىگەن ئادەممەن،
قاملاشتۇرۇپ، ئۇتىدا كۆيەلمىگەن ئادەممەن.
كۆڭلۈمدىكى جۇرىنى تاپالماستىن بىر ئۆمۈر،
تەنھالىقتا يا چىداپ، كۆنەلمىگەن ئادەممەن.

مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرەلمىگەن ئادەممەن،
بۇ ھاياتتىن يا خوژلۇق كۆرەلمىگەن ئادەممەن.
كۈلسەم بىر كۈن ئۆزەمچە، يىل يىغلايمەن بوقۇلداپ،
ئانا يۇرتۇم باغرىدا «تۆرەلمىگەن» ئادەممەن.

(ئاپتور: شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئوقۇغۇچىسى)



نۇرئامىنەم ئەھەت

# شېئىرلار

## بىر...

ئاسمىنىنى تىترىتىپ ئالەمنىڭ،
يىغلىغۇم بار ئۈنلۈك ئاۋازدا.
تىزەكلىكتە نىمجان تۇرقۇمغا،
تامچىلىدى يامغۇر ئاستىلا.
توپا يولنىڭ تونۇش دوقمۇشى،
كاۋا ئېقىپ كەلگەن كەڭ ئۆستەڭ،
ئايلانماقتا جىمى نەرسىلەر.
مەن تونجى رەت سۆيمەكچى بولغان
ھېلىقى بىر پاكار بىرسىگە،
ئىشىك ئالدىدىكى قېرى ئۈژمىگە.
ئۇنىڭ چېچى ئىلىنىپ قاپتۇ.
دەپ خىيالىم يەتكۈزدى خەۋەر.
ئوت رەڭگىگە ئايلاندى كېچە.
كۈندىكىدەك
ئارىلىدىم سۈرلۈك كېچىنى.
يالاڭ ئاياغ ئەمەسمەن بۈگۈن
ھاۋا سوغۇق ئاھ بەكلا سوغۇق.
يالغۇز قالغان لەنىتى دەرەخ
مېنى قىلدى يەنە مەسخىرە.
يالغۇز قاپتۇ شۇ بىر دەرەخمۇ
ئوخشىغۇسى بارمىكىن ماڭا؟
يىغلىغۇم بار بار كۈچۈم بىلەن.
لەيلەپ چۈشتى سېرىق ياپراقلار،
بىر... ئىككى... ئۈچ... ئاشۇ ئىزىمغا،
شېئىر يازدىم كىمگىدۇر ئاتاپ،
چۈشۈرمىدىم قەغەزگە تېخى.
شىۋىرلىغۇم بار كىملەرگىدۇر،
ئۇنىڭ قەلبى بوش قالغان چېغى.
سىلكىنمەكتە ھارغىن تۇرقۇمدىن،
لەيلەپ-لەيلەپ قارا مۇھەببەت.
كەل ئەي ساڭا بىر نەچچە شەبنەم،
ئوقۇپ بېرەي ئاچچىق سالام خەت.
يالغۇز ئىشىك يوچۇقلىرىدىن
قارىغۇم كېلەر كۆڭلۈمدىن ساڭا.
...
لەيلەپ چۈشتى سېرىق ياپراقلار
بىر... ئىككى... ئۈچ... ئاشۇ ئىزىمغا.

## خىيالىمدەك پاكار بوي بالا

چېچىمدىكى ئاقۇش لېنتامنى،
توپا يولغا قويدۇم چۈشۈرۈپ.
مەستخۇش بولۇپ ئۈزىدىم بۇندىن،
ماڭا تونۇش ئاشۇ دوقمۇشنى،
قايماقچىغا بەردىم ئۆتۈنۈپ.

خىيالىمدەك پاكار بوي بالا،
ئىڭەك يۆلەپ تۇرار نەلەردە؟
ئېھ سوغ شامال يەلپۈگىنە ئېھ،
لېۋىمدىكى قارامتۇل مەڭنى،
ئېلىپ كەتكىن ئاشۇ يەرلەرگە.
بىخەۋەردۇر تېخى ئۇ بالا،
كۆڭلىكىمنىڭ رەڭگىدىنمۇ ھەم.

ماڭا قاراپ پىچىرلىغاندەك،
شىلدىرلايدۇ دەرەخ شاخلىرى.
يۈرۈكۈمنى سالار لەرزىگە،
ئاشۇ لېنتام يوقالغان مەھەللە،
نامرات قىزنىڭ كۆلگۈنچەكلىكى...

مەستخۇش بولۇپ ئۇزايمەن ئەمدى،
يالاڭغداق كېتەرمەن ئاستا،
يۈتۈپ كەتكەن ئاقۇش لېنتامدىن،
پورەكلىسۇن ئاپئاق ئەتىرگۇل.
ماڭا تونۇش ئاشۇ يىگىتنىڭ،
لايىقىنىڭ سوۋغىتى بولۇپ.

## خىلۋەتتىكى ئوت

قەلبىمدە بار مېنىڭ بىر پىنھان سۆيگۇ،
مەن تېخى ھېچكىمگە قىلمىغان بايان.
مەجنۇنتال ھەم تۆكۈپ كۆلگەن كەچلەردە،
تەنھالىق باغرىدىن تۆكۈلەر ئارمان.

غەملەردىن خۇشاللىق باشلىغان سۆيگۈم،
كېلىدۇ بىر يارقىن نۇرغا بۆلۈنۈپ.
يېزىقلىق دوسكىغا مۇھەببەت كۈيى،
يۈرىمەن تاڭلاردا ھېسقا كۆمۈلۈپ.

چېچەكلەر توزىغان ئالمىلىق باغدا،
كۈتىمەن بىرىنى، كۈتىمەن شۇنداق.
سۈكۈتكە چىلاشقان خالى ئىستىكىم،
بۇ پىنھان سۆيگۈمگە ئاچارمۇ قۇچاق.

(ئاپتور قەشقەر پېداگوگ ئىنىستىتوتى ئوقۇغۇچىسى)

ئۆمەرجۇمە

# ئەللەيلىنىپ يۈرەمسەن مەڭدەپ

سەھەر كۆرۈپ، ھە بۈگۈن كېچە،
ئويلاپ چىقتىم ئۇخلىماي سېنى.
تاڭمۇ ئاتتى ئويغاق ياتىمەن،
ئىشقىڭمىدۇ قىيىنىغان مېنى؟

ئاھ! ئاخىرى چۈشىنىپ يەتتىم،
كۆيۈپ قالغان ئىكەنمەن ساڭا.
ئوتلۇق كۆزۈڭ سۆزلەپ تۇرىدۇ،
ئەسلى بۇرۇن كۆيۈپسەن ماڭا.

مۇھەببەتنىڭ سېھرى كۈچىدە،
ئەللەيلىنىپ يۈرەمسەن مەڭدەپ؟
ئالارسەنمۇ قولۇڭغا بەرسەم،
چىن مۇھەببەت مېۋىسىن يەڭ دەپ؟!...

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە ئانار كۆل يېزىسىدا)

ئابدۇقېيۇم مەجنۇن

# شېئىرلار

## تەڭسىزلىك

تارازىغا قويۇلدى جۇپ تاش،
تەڭپۇڭ بولدى دەپ قويدى ئادەم.
يوشۇرۇن سىر بولغاندەكلا پاش،
بىر ئوي ئۆتتى كۆڭلۈمدىن شۇ دەم.

قالدى بىزدىن گۇدەكلىك يىراق،
كىچىك ئىدۇق ئەمدى بولدۇق چوڭ.
تەڭپۇڭ بولدى تارازا بىراق،
بىز يۈرۈيمىز بولالماي تەڭپۇڭ.

## ئانا ۋە ھايات

كىچىكىمدىن يىغلاڭغۇ ئىدىم،
يىغلاپتىمەن خېلى ياشقىچە.

ئانام تۇنى ئۆتمەس ئىدى جىم،
مېنى بەزلەپ ئۆتەتتى كېچە.

ئەركىلىكمۇ ياكى بەڭباشلىق،
جېدەل قىلىپ يوقنى تاپ دەيتتىم.
مانا كۆزۈم ياشقا تولۇپ لىق،
ئاخىر ئانام «يېشىغا يەتتىم».

ئەركىلىكمۇ ئەمدى ماڭا يات،
قېنى ئەمدى؟ ئانام يوق دەيمەن.
ئانام ئوخشاش بەزلىمەس ھايات،
ئۆزەم يىغلاپ ئۆزەم توختايمەن.

## ۋىسالسىز سۆيگۈ

تونۇمايتتىم سېنى ئەۋۋىلى،
تونۇمايتتىڭ مېنىمۇ ئەسلا.
ئىسمىڭ نېمە؟ ئورنۇڭ قەيەردە؟
سەن كىممۇ ھەم بىلمەيتتىم ھەتتا.
تۇۋا دەيمەن تونۇشتۇق بۈگۈن،
تونۇشتۇردى بىزلەرنى تەقدىر.
شېئىر يازغاچ پەقەت سەن ئۈچۈن،
بولۇپ قالدىم يىغلاڭغۇ شائىر.

تونۇشمىساق بوپتىكەن ئەسلى،
سۆيگۈڭ ماڭا بولمىدى نېسىپ.
ۋىسالىڭدا زار يىغلاپ جېنىم،
ئۆتەرمەنمۇ باغرىمنى ئېزىپ.

(ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىدا ئىشلەيدۇ)



# ئىپتىخارلىق سوۋغا

(ئۈچ توپلامنى تارقىتىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40يىللىقى، قاراماي نېفىتلىكى چارلاپ ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ 40يىللىق مەرىكىسىنى تەبرىكلەۋاتقان كۈنلەردە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى جۈملىدىن قاراماي نېفىتلىكىدىكى ھەر مىللەت نېفىتچىلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا بىر ئىپتىخارلىق سوۋغا تەقدىم قىلىندى. ئىدارە شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۈزۈلگەن بۇ مەنىۋى سوۋغا نېفىتلىك ئاپتورلىرىنىڭ جاپالىق ئەجرى بىلەن ئاخىرى جامائەتچىلىككە يۈز ئاچتى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، بۇنىڭدىن 40يىل مۇقەددەم جۇڭغارىيە ۋادىسىدىكى بۇ كەڭ نېفىتلىك ـقۇم بارخانلىرى بىلەن تولغان بىر بىپايان چۆللۈك ئىدى. بىرىنچى ئەۋلاد نېفىتچىلار بۇ چۆللۈك باغرىغا نەرە تارتىپ كىرگىنىدە بۇ يەرلەردە نە ئولتۇراق جاي، نە بىر مەدەنىيەت سورۇنى، نە بىر گېزىت-ژۇرنالدىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت تۇنجى نېفىتچى سېلىم بوۋايدىن يالدامى قالغان راۋابىنىڭ مۇڭلۇق ناۋاسى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى قىزىل يۇلغۇنلۇقلار ئارىسىدىن ناگان-ناگاندا ئاڭلىنىپ قالاتتى خالاس. ئەينى چاغلاردىكى نېفىتلىكنى ئاچقۇچىلار جاپا مۇشەققەتلىك ئىگىلىك تىكلەش يىللىرىدا ھارغىنلىق ئىش سائەتلىرىدىكى دەم ئېلىش مىنۇتلىرىدا بىر ئورام موخۇركا قەغىزى ئۈچۈن يىرتىۋالغان گېزىت پارچىلىرىنى قولمۇ قول ئۆتكۈزۈپ چالا-بۇلا ئوقۇۋالغاندىن كېيىنلا كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا موخۇركا يۆگىشەتتى. دېمەك، شۇ چاغلاردىكى مەنىۋى مەدەنى ھاياتنى ھازىرقى ياشلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىپ كېتىشى ئاسان ئەمەس.

1950-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە نېفىت ئىدارە پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن نېفىتچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنى ھاياتىدىكى بىر تەكچە خۇش پۇراقلىق گۈلگە ئېرىشتى. ئەينى يىللاردىكى بارماق بىلەن سانىغۇدەك بىر نەچچىلىگەن قەلەمكەش چۆل كېمىلىرىگە ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئوخچۇپ فونتانلاپ تۇرغان ماي بۇلاقلىرىنى زىيارەت قىلىپ، قەھرىمان نېفىتچىلارنىڭ جەسۇرانە ئىش-ئىزلىرىنى يورۇتۇپ، شۇ بىر تەكچە گۈلنى پەرۋىش قىلىپ كەلدى. بۇ بىر تەكچە گۈلمۇ ئۆزىنىڭ خۇش ناۋا بۇلبۇللىرى، نېفىتلىك قەلەمكەشلىرىنى ئەتراپىغا جەم قىلىپ، گۈزەل رۇخسارىنى نامايان قىلدى.

ئارىدىن يىگىرمە يىللار ئۆتكەندە، نېفىتلىك قوشۇنى تېخىمۇ زورىيىپ، بۇ زېمىندىكى مەنىۋى تۇرمۇشمۇ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بېيىپ جۇشقۇن ھاياتى كۈچكە تولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە نېفىتچىلار سېپىدە يېڭى ئەۋلاد قەلەمكەشلەر يېتىشىپ چىقتى. قەھرىمان نېفىتچىلارنىڭ مەدەنىيەت سېپىدىكى بۇ ئەزىمەتلىرى جاپالىق خىزمەت ئورۇنلىرىدا قوللىرىدىكى قەلەمنى چۈشۈرمەي قەلبى قايناق، قولى چىۋەر نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ جەڭگاھلاردىكى تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىدىغان ئاجايىپ مۆجىزىلىك ئىش-ئىزلىرىنى مەدھىيىلەپ ئاز بولمىغان داستانلارنى ياراتتى.

ئەينى يىللاردىن تارتىپ تاكى يېقىنغىچە «نېفىت دولقۇنى»، «نېفىتچىلار ناخشىسى»، «ئالتۇن بۇلاقلار» . . . قاتارلىق بىر قانچىلىغان ئەدەبىي توپلام زور كۈچ سەرپ قىلىش بەدىلىگە مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ توپلاملاردىكى سالماق ئەسەرلەر كىشىلەر قەلبىنى جاراھەتلىگەن

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئالدى-كەينىدىكى سولچىللىق ئىدىيىلەرنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، توپلاملار مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن «3 نى گەۋدىلەندۈرۈش» رامكىسىدىن ئۆزۈل-كېسىل چىقىپ كېتەلمىگەن. بەدىئىلىك جەھەتتىن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئىستېتىك زوق بېغىشلاش تەلىپىگە يېتەلمىگەن، بەلكى، رېئال تۇرمۇشنىڭ رەڭسىز سۈرىتىنىلا سىزىپ بېرەلىگەن ئىدى. بۇنىڭلىق بىلەن بىز ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىمىزدىكى ئالدىنقى بىر نەچچە باسقۇچلۇق ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنىڭ ئىجادى قىممىتىنى، ئەينى چاغلاردىكى ئاپتورلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى ئىنكار قىلماقچى ياكى تۆۋەنلەتمەكچى ئەمەسمىز، بەلكى، رۇشەن سېلىشتۇرما ۋە پەرقلەرگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقتىن ئىبارەت رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىمەكچى-خالاس.

«يالغۇز گۈل ئېچىلسىلا باھار بولماس» دېگەندەك، نېفتلىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيەت ئىشلىرى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىمۇ پەقەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكىدەك، پارتىيە مەركىزى كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا ھەقىقىي كۆكلەم باھارغا ئېرىشتى. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەك بىر نەچچىلىگەن قەلەمكەش مانا ئەمدىلىكتە سەپ تارتقان قىران بۈركۈتلەردەك پەرۋاز قىلىپ، ئېگىز چوققىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى تۇتاشتۇرغان كۆركەم ھەسەن-ھۈسەندەك رەڭدار شولىسىنى نامايان قىلماقتا. ھازىر كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئۈچ ئەدەبىي توپلام ئەنە شۇ ئەزىمەتلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى ھەمدە دۆلەت بايرىمى ۋە «قوش قىرىق يىللىق مەرىكە» گە سۇنغان ئىپتىخارلىق سوۋغىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى يورۇتۇپ، كېيىنكىلەرگە ئۈلگە بولۇشقا مۇناسىپ.

«ئۈچ توپلام» غا تەييارلىق خىزمىتىنىڭ پىلانى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. دەسلەپتە، بۇلتۇر 11-ئاينىڭ 12-كۈنى شەھەر-ئىدارە پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن ھەر قايسى زاۋۇت، باشقارمىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ۋە تەشۋىقات كادىرلىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، «ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى» تۈزۈشكە كۆچ ئۇيۇشتۇرۇش سەپەرۋەر قىلىندى. ئارقىدىنلا 12-ئايدا ئورۇمچىدە ئېچىلغان «ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى» غا قاتناشقان 20 نەچچە نەپەر كۇرسانتقا يېزىقچىلىق ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ نېفتلىكى، شەرقىي جۇڭغار نېفتلىكى، گېئولوگىيە باشقارمىسى، نۇرباغ بەنسىچو، نېفىت ئىنستىتۇتى، مايتاغ-قاراماي رايونىدىن بولۇپ جەمئىي 50نەچچە نەپەر قەلەمكەش ماتېرىيال توپلاش ۋە ماقالە يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

«ئۈچ توپلام» غا تەييارلىق خىزمىتى ئەنە شۇنداق قىزغىن كېتىۋاتقان مەزگىلدە، قاراماي خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن زور بالايى ئاپەت- «8-دېكابر» ھادىسىسىنىڭ قايغۇ-ئەلەملىرى تۇيۇقسىزدىن بىر مەزگىل ھەممە ئادەمنىڭ دىلى سۇنۇق بولۇپ قولى ئىشقا بارمىدى. پەقەت بۇ يىل 4-ئايغا كەلگەندىلا قەلەمكەشلەر ئەس-ھوشىنى يىغىپ، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇش ھېسسىياتى بىلەن قاراماينىڭ ئوبرازىنى يېڭىلاشتىن، قاراماي خەلقىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇشتىن، قاراماي ئۈچۈن تېخىمۇ زور شان-شەرەپ كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، ۋاقىتنىڭ قىسلىقىغا قارىماي، ھەر قايسى ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈپ، پېشقەدەم ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، رەھبىرىي كادىرلار ۋە زىيالىيلار قوشۇنىدىكى كۆپلىگەن تۆھپىكارلارنى زىيارەت قىلىپ، سۆھبەتلىشىش، ئەھۋال ئىگەللەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى يول ئېچىپ ئىگىلىك ياراتقان جاپالىق ئىش-ئىزلىرىنى، كۈرەش تارىخىنى بىرمۇ بىر خاتىرىلەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، دەسلەپكى قەدەمدىلا «ئەدەبىي ئاخبارات»، «ئۇچقۇن»، «ئەسلىمە» ۋە «زىيارەت خاتىرىسى»

قاتارلىق ئەدەبىي ژانىرلاردا جەمئىي 50 پارچىدىن ئارتۇق 800 مىڭ خەتلىك ئەسەر يېزىلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا ياندىشىپ 82 مىڭ خەتلىك تەرجىمە ئەسەر ۋە قاراماي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن چىقىرىلغان «قاراماي تارىخى ماتېرىياللىرى» دىن ئېلىنغان 96 مىڭ خەتلىك تارىخى ئوچېركلار قوشۇلۇپ جەمئىي 1 مىليوندىن ئوشۇق خەتلىك ماقالە تەييارلاندى. بۇ ماقالىلەرنى كىتاب ئىشلەشتە ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىش، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا ماقالە كۆرسىتىش، مۇقاۋا ئىشلەش ئۈچۈن تەھرىر بۆلۈمىمىز تەرىپىدىن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچىگە 5ـ6 قېتىم مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىلدى. ماقالىلار، ئەسەرلەر تەييارلانغاندىن كېيىن «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كېچە-كۈندۈزلۈك جاپالىق ئەجرى ئارقىلىق ئاخىرى 540 مىڭ خەتلىك بۇ «ئۈچ توپلام» مەيدانغا كەلدى. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، شەھەر ئىدارە پارتكوم «نېفىتلىكنىڭ 40 يىلى» ناملىق توپلام ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن، قالغان ئىككى توپلام ئۈچۈن 60 مىڭ يۈەن جەمئىي 160 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجراتتى. مانا مۇشۇنداق غەمخورلۇق ۋە زور تىرىشچانلىقلار بولمىغان بولسا، بۇ «ئۈچ توپلام» نىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن ئەلۋەتتە ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

بۇ توپلاملاردىكى ئەسەرلەردە ئاساسەن، نېفىتچىلار بىپايان جۇڭغارىيە ۋادىسىدىكى بۇ چۆللۈككە نەرە تارتىپ كىرىپ، تۇنجى قۇدۇقنى فونتانلاتقىنىدىن تارتىپ، گۈزەل زامانىۋى سانائەت شەھىرى بەرپا قىلغىچە، تۈنۈگۈنىنىڭ ئۆلىنى سىلىپ، بۈگۈنكى بەختىيار ھاياتنى يارىتىپ، پارلاق يېڭى ئەسىرنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقىچە بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلىگەنلەر، شۇنداقلا تەتۈر پەلەكنىڭ قىسمىتىگە دۇچار بولۇپ، بىز بىلەن ۋاقىتسىز ۋىدالاشقان پېشقەدەملەرنىڭ شانلىق ھايات مۇساپىلىرى يورۇتۇپ بېرىلدى.

نېفىتلىكتىكى 40 يىللىق جەڭگىۋار ھاياتنىڭ شانلىق سەمەرىسى، 40 يىللىق كۆرەش تارىخىنىڭ نامايەندىسى، 40 يىللىق شانلىق مۇساپىنىڭ ئابىدىسى بولغان بۇ «ئەسلىمىلەر» توپلىمىنىڭ قوشماق يالدامىسى- «چۆلدىكى تۇنجى چىراغ» بىلەن «ئىزدىيارلىرىكىسى» ناملىق ئىككى توپلىمۇ كەڭ جامائەتچىلىك، ئوقۇرمەنلەر بىلەن تەشنالىق ئىلكىدە يۈز كۆرۈشتى.

بۇ ئىككى توپلام بىپايان نېفىتلىكىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت سەھنىسىدىكى كۆركەم ئىككى دەستە گۈل. بۇ ئىككى توپلامنىڭ ھەر مىللەت ئاپتورلىرى مىللەت ئايرىمىسى، تىل ئايرىمىسى، مەرتىۋە ئايرىمىسى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، جاپالىق خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئالدىنقىلارنىڭ شەرەپلىك ئىش-ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن شانلىق ئابىدە تىكلەشكە بەل باغلىغانلار بولۇپ، بۇ ئىجادىي ئەمگەكلەر ئۇلارنىڭ ئوتلۇق يۈرەكلىرىنى دەۋەت قىلىپ، يۈرەك قانلىرىنى سىياھ قىلىپ، قان تومۇرلىرىنى قەلەم قىلىپ پۈتۈپ چىققان پۈتۈكلىرىدۇر.

«چۆلدىكى تۇنجى چىراغ» توپلىمىغا 25 نەپەر ئاپتورىمىزنىڭ ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان 75 پارچە ئەسىرى ئىچىدىن 26 پارچە نادىر ھېكايىسى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. «ئىزدىيار لىرىكىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا 33 نەپەر ئاپتورنىڭ 400 پارچىدىن ئوشۇق شېئىرى ئىچىدىن 167 پارچىسى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ توپلاملارنىڭ ئاپتورلىرى نېفىتلىكىمىز قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يۈزلىگەن قەلەمكەشلەرنىڭ ئازلا بىر قىسمى بولۇپ، بۇ توپلامدىكى ئەسەرلەر ئۇلار ياراتقان نەچچە يۈزلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بىر تامچىسىدىنلا ئىبارەت. ۋاقىت قىس، ئەمگەك كۈچى ئاز، كىتاب ھەجمى چوڭ بولماسلىقتەك ئىلاجسىزلىقلار تۈپەيلىدىن، كۆپلىگەن ئاپتورلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى بۇ توپلاملاردىن ئورۇن ئالالمىغانلىقىغا تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمىز. بۇ سۆزىمىز گەرچە

كىچىك بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ موللىقى، شەكلىنىڭ ھەر خىللىقى، بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىسى ۋە پوئېزىيەچىلىكى خەزىنىسىنىڭ بىر ئۇلۇشى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل ۋە بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمىز.

بۇ «ئۈچ تۇپلام» نەشىردىن چىقىشى بىلەن-ئابىھايات تارىم دەرياسىنىڭ بىپايان قۇملۇقلارغا سىڭىپ كەتكىنىدەك، نەچچە مىڭ يىللىق تۇرپان كارىزلىرىنىڭ چاڭقىغان ئوت يۇرتىنى قاندۇرغىنىدەك، شاۋقۇنلۇق ئىلى دەرياسىنىڭ كەڭ دالىلارغا گۈل چەككىنىدەك، جۇڭغارىيە ۋادىسىدىكى جىمىرلاپ تۇرغان سان-ساناقسىز مايبۇلاقلىرىنىڭ ئۇلۇغ دىيارىمىزغا ئۆچمەس چىراغ ياققىنىدەك خەلقىمىز ۋە يۇرتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىي ھاياتىنى بېزەپ، روھى ئوزۇق بېرەلىشى بىلەن ئىپتىخارلىنىمىز.

بىر مەشئەل تۇتقۇزغان ئىدىڭ ئەي بوۋا،
بىر ئۆمۈر ئۆچۈرمەي كەلدۇق بىز مانا.
كەلگۈسى ئەۋلادقا تۇتقۇزالىساق-
ۋە ئاندىن بىزلەرنى ئەزىمەت سانا!

«مايبۇلاق» ژۇرنىلىدىن ئابدۇۋاھىت ئوسمان.
1995-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى

ئا. ئالماس

# ئەدەبىياتنى سۆيەيلى

(ئۈچ تۇپلامنى تارقىتىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز)

مەن ئالدى بىلەن «ئىز دىيار لىرىكىسى»، «چۆلدىكى تۇنجى چىراغ»، «شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ 40 يىلى» قاتارلىق ئۈچ تۇپلامنى تارقىتىش يىغىنىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھۆرمەتلىك رەھبەرلەردىن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خادىملىرىدىن، بۇ تۇپلاملارغا ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن جاپاكەش ئىجادكارلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن. ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن نۇسرەت ۋە ئامان-ئېسەنلىك تىلەيمەن.

مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ چارلاپ ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ 40 يىللىقىنى قۇتلاش ئۈچۈن شەھەر-ئىدارە پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئىدارە، شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە نەشىر قىلغان «ئىز دىيار لىرىكىسى» ناملىق شېئىرلار تۇپلىمىنى كۆرۈپ چىقتىم، بۇ «قوش» بايرامغا قىلىنغان سوۋغا نېفىتلىك ئاپتورلىرىمىزنىڭ قان-تەرى بىلەن مەيدانغا كەلگەن، بۇنىڭغا نامسىز قەھرىمان-تەھرىر، باسما زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭمۇ كۆپ ئەجرى سىڭگەن. شۇڭا ئاپتور، تەھرىر ۋە باسما زاۋۇت ئىشچىلىرىغا يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر ئېيتىمەن.

تۇپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىنى بۇرۇن كۆرگەن بولساممۇ، لېكىن بۇ قېتىم يەنە ئېرىنمەي تەپسىلى كۆرۈپ چىقتىم. شېئىرلارنىڭ مىسرالىرىدا ئىلگىرىكى توپ-توپ جەرەنلەر يايراپ يۈرۈيدىغان پايانسىز چۆللۈك قاراماينى قايتا كۆرگەن بولسام، ھازىر جەننەت دەپ تەرىپلىنىۋاتقان زامانىۋى نېفىتلىككە ئايلانغان بۇ گۆھەر زېمىننىڭ بۈگۈنكى گۈزەل سىماسىنىمۇ

ئەينەن كۆرگەندەك بولدۇم. بۇ شېئىرلار توپلىمى ئوبدان ئىشلىنىپتۇ. توپلامدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىسى ساغلام، تىلى گۈزەل، مەزمۇنى رەڭمۇ رەڭ ئىكەن. بۇ توپلام ھەر بىر نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ چوقۇم ئوقۇپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

توپلامدا نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ قارامايدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر ۋادىدا ئادەم تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان غەيرەت بىلەن جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، بۇ مۇقەددەس تۇپراقتىن نېفىت تېپىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقانلىقى بىر قەدەر يورۇتۇپ بېرىلگەن، تامچە سۇدا قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولغاندەك، توپلامدىكى شېئىرلاردا نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى كۆرگىلى بولىدۇ. توپلامدا قارامايدا تۇنجى قۇدۇقنى قېزىپ نېفىت تاپقان بىرىنچى ئەۋلاد-باتۇر نېفىت ئىشچىلىرىغا بېغىشلانغان مۇنداق مىسرالار كۆزگە چېلىقىدۇ:

قاراماي تېغى باغرىدا،
تۇنجى قازغان قۇدۇق بار؛
ئەجدادلارنىڭ كۆمۈلمەس
باسقان ئاياغ ئىزى بار.

ئادى، چۈشىنىشلىك ئاشۇ مىسرالاردىن تۇنجى قۇدۇقنى قازغان قەھرىمان نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئۇنتۇلمايدىغان ئىزلىرىنى كۆرگەندەك ھېس قىلىساق،

جەننەت گۈزەل، راھەت ئېمىش رىۋايەتتە،
لاپ گەپ ئەمەس، شۇ رىۋايەت بۇندا رېئال؛
تۇنۇگۈنكى چۆلنى بۈگۈن جەننەت قىلغان،
كۆرەش-ئەمگەك (ئەمەس ھەرگىز قۇرۇق خىيال).

دېگەن مىسرالاردىن قارامايىنى بۈگۈنكىدەك جەننەت ماكانغا ئايلاندۇرغان ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز-نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى كۆرەلەيمىز. توپلامدىكى «تەرىپىڭگە ئاز مايتاغ مىڭ قەسىدە، مىڭ داستان» ناملىق شېئىردا ئاپتور ئانا نېفىتلىك مايتاغدىكى بۈيۈك ئۆزگىرىشلەرنى ئادەمنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە تەسۋىرلەپ، جاسارەتلىك نېفىت ئايرىش ئىشچىلىرىنىڭ غەيرىتىگە باركاللا ئېيتقان، توپلامدىكى «ياشلىقىم سۇلماي تۇرار ياشىرىپ»، «سالام ساڭا پېشقەدەملەر» دېگەن شېئىرلاردا ئەڭ دەسلەپ قارامايىنى چارلاپ ئۆزلەشتۈرۈشكە ھاياتىنى بېغىشلىغان ياشانغان ئىشچىلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنىڭ مەڭگۈ يادلىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قۇربان بولغانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ نامى، تۆھپىسى ياد ئېتىلگەن ۋە ئىشچىلارنىڭ جۇڭغارغا تەقدىم قىلىنغان گۈزەل ياشلىق گۈللىرىنىڭ مەڭگۈ سۇلماي ياشىرىپ تۇرىدىغانلىقى يارقىن بايان قىلىنغان. توپلامدىكى «ۋىشكىلار ئارا» ناملىق شېئىردا بۈگۈنكى نېفىتلىكتىكى قايناق، جۇشقۇن ھايات گۈزەل سۈرەتتەك سىزىلغان بولسا، «جۇڭغاردا مەشرەپ باشلىدۇق» ناملىق شېئىردا نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن بۈيۈك غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ جۇڭغاردا مەشرەپ ئوينىغانلىقى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن.

توپلامدا يەنە پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، 1991-يىلى «تارىم» تەھرىر بۆلۈمى بىلەن «شىنجاڭ ياشلىرى» تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «ئالتۇن چاغ» شېئىرلار مۇسابىقىسىدە «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، قارامايغا شان-شەرەپ كەلتۈرگەن «ئانا يۇرت سۆيگۈسى» ناملىق شېئىرمۇ بار، بۇ شېئىردا يۈرەكنى تىترىتىدىغان مۇنداق مىسرالار بار:

ئېزىز يۇرتۇم، گۈل دىيار جەننەت خىجىل ئالدىڭدا،
پەرزەنتلىرىڭ سۆيۈملۈك پاك كۆكسۈڭدىن سۈت ئەمگەن.
مەنمۇ شائىر ئەمەسمەن، راستىنلا شائىر ئاتالسام،
ماڭا مۇشۇ شۆھرەتنى ئانام بەرگەن-سەن بەرگەن.

توپلامدىكى «يۇرتۋازلارنى تونۇشتۇرۇش» ناملىق ساتىرادا مىللەتكە ئاپەت كەلتۈرىدىغان يۇرتۋازلىقمۇ قاتتىق، رەھىمسىز قامچىلانغان، بۇ يامان ئىللەت تۈگىتىلمىسە مىللەتنىڭ ئاخىرى خاراب بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىلگەن، شۇنداقلا مىللەت ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ بۇ رەزىل ئىللەتكە قارشى تۇرۇشى چاقىرىق قىلىنغان.

ئىنسانلار ھاياتىدا زادى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھەببەت ھەققىدىكى لىرىكىلارمۇ توپلامدىن ئالاھىدە ئورۇن ئالغان. «سۆيگۈ» ، «مۇھەببەت ياشايدۇ مەڭگۈگە» ، «سېغىنىش» ، «سۆيگۈ سەرگەردانى» ، «ئېسىڭدىمۇ دىلبىرىم» ، «پىنھان سۆيگۈ» ، «سەن يېنىمدا بولمىساڭ بىر دەم» ، «تولۇنئاي گۇۋاھ» ، «لەۋلەر» دېگەنگە ئوخشاش بىر تۈركۈم لىرىكىلاردا نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ساپ مۇھەببىتى بىر قەدەر ئوبدان تەسۋىرلەنگەن بولسا، «كەچكۈز لىرىكىسى» ، «ئۈن ئىلھاملىرى» ، «تولۇنئاي» ، «باياۋاننىڭ ئىللىق شامىلى» ، «قارامايىنىڭ ئىسسىقى يامان» قاتارلىق شېئىرلاردا نېفىتلىكنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىمۇ ئالاھىدە سۈرەتلەپ بېرىلگەن، بۇنىڭدىن باشقا توپلامدا يەنە ئىلىم-مەرىپەت، ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا مەزمۇندىكى شېئىرلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

نېفىتلىكنىڭ ئەدەبىيات چىمەنزارلىقىدىكى ئاپتورلار «تەڭداشسىز بىر ئالتۇن قەدەھسەن جۇڭغار» دىن شەربەت ئىچىپ ئۇسسۇپ يېتىلگەنلەر، ئۇلار ئىپتىخار بىلەن «ئەي ئەزىز جۇڭغارىم سېنىڭ ئاتام» دەپ ئىجادىيەت گۈلزارىدا بۇلبۇل كەبى سايرىماقتا. شۇڭا ئۇلار ساپ قېنىنى نېفىت ئۈچۈن ئوخچۇتماقتا، ئىجادىيەتتىن ئىبارەت جاپالىق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، راھەت-پاراغەتتىن ۋاز كېچىپ، قاتتىق ئىزدەنمەكتە، قان-تەرى بەدىلىگە كەلگەن ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى كەڭ ئاز سانلىق مىللەت نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىستېتىك زوق ئېلىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىۋاتىدۇ. بۇ، نېمە دېگەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئالىيجاناب روھ-ھە! نېفىتلىك ئاپتورلىرىنىڭ كۆپچى نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى، ئۇلارنىڭ ياشلىرى قارامايدا تۇغۇلغان ئەۋلادلاردىن بولغاچقا، ئۆزلىرى ئوبدان چۈشىنىدىغان قەلبى ئوتلۇق، دىلى پاك، قولى گۈل، جاسارەتلىك نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ رەڭگا-رەڭ تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلىگەن.

ھازىر نېفىتلىك ئاپتورلىرىنىڭ نېفىت شەھىرىگە ئوخشاش تازا قىران ۋاقتى، دولقۇنلار يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئالتۇن مەزگىلى، ئۇلاردا ئۈمىد بار، ئۇلارنىڭ قەلبىدە چاقنىغان غايە مەشئىلى ئۇلارنى ئىجاد قىلىشقا چاقىرماقتا. نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئۇلاردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. مەن ئۇلارنىڭ تىرىشىدىغانلا بولسا، نېفىت ئىشچىلىرىغا ئوبدان ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بەكمۇ جاپالىق ئىش. ھەقىقىي شائىر، يازغۇچى بولۇش ئانچە ئاسان ئەمەس، نېفىتلىكتىكى ئاپتور، ھەۋەسكارلار ئەدەبىياتقا ئۆزلىكىدىن ئاشىق بولغانلار، ئۇلار جاسارەتلىك بولۇشى كېرەك، بۇنى ئىجادىيەت گۈلزارىغا كىرگەن ھەر بىر يولداش ئوبدان ھېس قىلىشى لازىم، ئەلۋەتتە. ئىجادكار بولۇش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ بولۇش ئانچە ئوڭاي ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن مول بىلىم بولۇش كېرەك، بۇ شائىر، يازغۇچى بولۇشتىكى ئاساسىي-توپ ئامىللارنىڭ بىرسى. بۇنى ھەر بىر ئاپتور ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقى

كېرەك.

بۈيۈك ئالىم چارلىز دارۋىن: «مەن ئۆزلەشتۈرۈۋالغان قىممەتلىك بىلىمگە پەقەت ئۆزلۈكىمدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن» دېگەن. راست گېپىمنى قىلسام، ئادەم ئۆچۈن قان بولمىسا بولمىغاندەك، شائىر، يازغۇچى ئۈچۈن مول بىلىم بولمىسا بولمايدۇ، ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق، بۇ، مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھايات كەچمىشلىرىمدىمۇ روشەن ئىسپاتلانغان بىر نۇقتا. مەن نېفىتلىكتىكى ئاپتورلارنىڭ ئۆزلىرى ياراتقان ئازغىنە ئىجادىي مېۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، كېرىلىپ كەتمەي، كەمتەر بولۇپ، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، قەيسەرلىك بىلەن خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ۋە باشقا بىلىملەرنى ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىشنى بىر مىنۇت-بىر سېكۇنتمۇ توختاتماسلىقىنى، بۇ ئارقىلىق كەم بىلىمنى تولۇقلىشىنى قايتا-قايتا تەكىتلەيمەن. يەنە ئۇلارنىڭ نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي ئىگىلىك تىكلەش پارلاق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى نېفىت ئۈچۈن تەقدىم قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجادىيەتتىمۇ مول مېۋىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

پاكىستان شائىرى مۇھەممەد ئىقبال «شائىر مىللەتنىڭ جېنى» دەيدۇ. قارامايى نېفىتلىكىدە زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىيات قوشۇنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە، بۇ ئەدەبىيات قوشۇنى بىزنىڭ بايلىقىمىز؛ ھازىر بۇ قوشۇنغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تازا كۆكۈل بۆلىدىغان ئالتۇن چاغ، ئىمكان يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئاپتورلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، ئىجادىي ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز، بولۇپمۇ ئەدەبىيات قوشۇنىمىزدىكى تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە كۆكۈل بۆلۈشىمىز، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ چاچىدىغان، ئىجادىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلىدىغان، يوق يەردىن تۈك ئۈندۈرۈپ دىلىغا ئازار بېرىدىغان ناچار قىلمىشلارنى سادىر قىلماسلىقىمىز، ئىجادىيەتچىلەرنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا قولىمىزدىن كېلىشىچە سەمىمىي ياردەم قىلىشىمىز، ئانا بالىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنۈشىمىز، ئۇلارنى سۆيۈشىمىز، قەدىرلىشىمىز كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرسى، ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش ئىمكانىيىتىمىز بولمىغانلار مەنىۋى جەھەتتىن بولسىمۇ ھېسداشلىق قىلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولغاندا تالانت ئىگىلىرىمىزنىڭ نېفىت ئەدەبىيات گۈلزارلىقىنى جۇلالاندۇرىدىغان ئوبدان ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشىغا ئىلھام بېرەلەيمىز. نېفىتلىك ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش غايىمىزگە يېتەلەيمىز.

«ئىز دىيار لىرىكىسى» توپلىمى ھەققىدىكى يۈزەكى تەسىراتىمنى بايان قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بىر ئاز ئەدەبىي بىلىم ئۆگىنىشى توغرۇلۇق توختىلىشنى زۆرۈر، مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرسى دەپ قارىدىم، روسىيىنىڭ بۈيۈك يازغۇچىسى ل. تولستوي «ئەگەر سەنئەت بولمىغان بولسا، ئىنسانىيەت دۇنياسى قاراڭغۇلۇق بىلەن قاپلانغان بولاتتى» دەپ ھۆكۈم قىلغان. «خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ھەم كىشىلەرنى تەربىيىلەيدۇ ھەم لەززەتلەندۈرەلەيدۇ. ئۈمىد، تەسەللىي بېرەلەيدۇ، ھايات-تۇرمۇش، جەمئىيەت ھەققىدە باشقا ساھەلەر بېرىشكە قادىر بولالمايدىغان بىلىملەرنىمۇ بېرەلەيدۇ، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئاشۇرالايدۇ. . . ئەدەبىياتنىڭ ئىنساننىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى، ھېسسىياتىنى، بىلىمىنى، ھەۋىسىنى يېتىلدۈرۈشتىكى رولىنى باشقا ھەر قانداق نەرسە ئۆتىيەلمەيدۇ» (چىڭغىز ئايتماتوۋ).


2. دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندا نېمىس يازغۇچىسى ھېنرى توماس ئامېرىكىغا كەتكەن، ئۇ ئايروپىلاندىن چۈشكەندە، مۇخبىرلار ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ: گېرمان مىللىتى تۈگىدى، دېگەندە،

ھېنرى توماس «مەن بار، گېرمان مىللىتى بار» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ سۆز بۈگۈنكى كۈندە يازغۇچى ھېنرى توماس موزېيىنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە يېزىپ قويۇلغان. ئىقتىدارلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر بىر ئەسىرىدە: «بالام، ئەدەبىياتنى ئاسرا، بىزدەكلەر ئۆلىدۇ، لېكىن ئەدەبىيات ئۆلمەيدۇ، ئەدەبىيات ئۆلمىسىلا خەلقىمىز ئۆلمەيدۇ» دەيدۇ. قازاق يازغۇچىسى مۇقتەر ئەۋېزوۋ «ئاباي» ناملىق رومانى بىلەن كەڭ ئاسىيا دالىسىدىكى قازاق خەلقىنى جاھانغا تونۇتقان بولسا، يولداشلارغا تونۇشلۇق بولغان، ھازىر جاھانغا نامى پۇر كەتكەن مەشھۇر قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋ «ئاق پاراخوت»، «جەمىلە»، «ئەلۋىدا، گۈلسارە»، «بوتاكۆز»، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «قىيامەت» قاتارلىق بىر يۈرۈش پوۋېست، رومانلىرى بىلەن قىرغىز مىللىتىنى جاھان سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى. لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇنداق چولپانلار چىقمىدى، بۇ ئادەمنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

ئەدەبىياتمۇ مۇھىم، چوڭقۇر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات بىر خىل پسىخولوگىيە ئىلمى بولۇپ، ئادەمنىڭ روھىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، ئۇ گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىشنى، رەزىللىكتىن يىرگىنىشنى ئۆگىتىدۇ. ئەدەبىياتچى بولمىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرمۇ بىر ئاز ئەدەبىي بىلىم ئۆگىنىشى كېرەك. «مۇبادا سەن سەنئەت ئەسەرلىرىدىن لەززەتلەنمەكچى بولساڭ، چوقۇم بەلگىلىك سەنئەت تەربىيىسى ئېلىشىڭ كېرەك» (كارل ماركس). مېنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىشتىكى تۈپ مەقسىتىم: ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش، ھوزۇرلىنىش، ئىپتىخارلىنىش ۋە ئۆزىنى تەربىيىلەش ھەۋىسىنى قوزغاپ، ئەدەبىياتنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى سۆيىدىغان تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشكە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت. ھازىر مىللىتىمىزدە كىتاب-ژۇرنال سېتىۋېلىشنى ئانچە ياقتۇرمايدىغان، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى سېتىۋېلىشقا، ئوقۇشقا تازا قىزىقمايدىغان ناچار ئىللەت ئۆسۈپ قالدى.

قاراماي شەھىرىمىزدە شىنخۇا كىتابخانىسى بار، لېكىن بۇ دۇكاندىن كىتاب سېتىۋالىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى خەنزۇ ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگە قارىغاندا بەكمۇ ئاز، كىتابلارنى پۇل ئالماي ئارىيەت بېرىپ تۇرىدىغان قاراماي شەھەرلىك كۇتۇپخانىمۇ بار، بۇ نەچچە قەۋەتلىك، كۆركەم، ھەيۋەتلىك بىنا بىر بىلىم گۈلزارى، بۇ يەردە بىلىمنىڭ ھەممە تۈرى تېپىلىدۇ، بۇ گۈلزارنىڭ خەنزۇ بۆلۈملىرىدە گېزىت-ژۇرنال كۆرۈۋاتقان، كىتاب ئارىيەت ئېلىۋاتقانلار مىژ-مىژ قىلسا، ئاز سانلىق بۆلۈمدە ئادەم يوقنىڭ ھېسابىدا، ئاز سانلىق مىللەت كىتاب، گېزىت-ژۇرنال بۆلۈمى جىم-جىت بولۇپ، ئادەم ئازلىقىدىن غېرىبسىنىپ تۇرماقتا.

«بىر مىللەتنى پەقەت شۇ مىللەتنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى داۋالاشلا ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ». ۋۇجۇدىمىزدا پەيدا بولۇپ، بىزنى بارغانچە زاۋاللىققا سۆرەۋاتقان ناچار ئىللەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىمىزنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، ئەدەبىيات-سەنئەتنى سۆيىدىغان ئېسىل، پارلاق ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، بەدىئىي ئەسەرلەردىن لەززەتلىنىش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.



غالىپ توختى

# ئۆچمەس تارىخ

(ئۈچ توپلامنى تارقىتىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز)

خەلق، پەقەت خەلقلا تارىخنى ياراتقۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر.
— ماۋزېدۇڭ

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، يولداشلار:

ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى ۋە قاراماي نېفىتلىكى چارلاپ ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن شەھەر-ئىدارە پارتكومىنىڭ قوللىشى، ئەدەبىيات، سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىۋاسىتە تۇتۇشى ۋە ئاپتورلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى نەتىجىسىدە شېئىر، ھېكايە، ئەسلىمىلەر توپلىمىدىن ئىبارەت 3 توپلام مەيدانغا كەلدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ خۇشاللىنارلىق، تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش. ئىسمى-جىسمىغا لايىق 40 يىللىققا قىلىنغان سوۋغا.

يىغىنىدا بىر قانچە يولداش شېئىر ۋە ھېكايە توپلىمى ئۈستىدە ئۆز تەسىراتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. تۆۋەندە مەن ئەسلىمىلەر توپلىمى توغرىسىدىكى تەسىراتىمنى يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ئەسلىمىلەر توپلىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ. ئۇ بىر تارىخ. يەنە كېلىپ نېفىتلىكىمىزدە ياشاپ ئۆتكەن، ياشاۋاتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ، پېشقەدەملەرنىڭ تارىخى. ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى نېفىتلىك تەرەققىيات تارىخىنىڭ يارقىن كۆرۈنۈشى. نېفىتلىكنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزلىرى بار. قولغا كەلگەن ھەر بىر نەتىجىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەجىر-تۆھپىسى سىڭگەن. بۇ ئەسلىمە ئەۋلادلارغا، ياشلارغا بۈگۈنكى تەرەققىياتنى تونۇتۇش، ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يەتكۈزۈشتە جانلىق دەرسلىك بولالايدۇ. قازاقلاردا مۇنداق بىر ماقالە بار ئىكەن «ئۆيۈڭدە ياشانغانلارنىڭ بولىشى خۇددى بىر تارىخى كىتابىڭ بولغاندەك، ئىشىكىڭ ئالدىدا تاغنىڭ بولۇشى خۇددى بىر ئات باغلاقلىق تۇرغاندەك» دېمەك بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزى بىر تارىخ. مايتاغ كان رايونىنىڭ ئېچىلىش تارىخى بويىچە ھېسابلىغاندا 40-50 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان بىزنىڭ پېشقەدەملىرىمىز، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق كۈچىنى، زېھىن قابىلىيىتىنى گەرچە قاقاس-چۆللۈك بولسىمۇ ئانا ماكان بولغان بۇ ئىز دىيارنىڭ باغرىدا كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىق مەنبەسىنى ئېچىشقا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىشقا سەرپ ئەتكەن ئىدى. ئەسلىمىنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلب قىلىش كۈچىنىڭ زور بولۇشىدىكى سەۋەب شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا ئەسلەپ ئۆتۈلگەن، ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان شەخسلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىزگە تونۇشلۇق بولۇشىدا. ئۇلار بىزگە ئۇستاز بولغان، بىز بىلەن بىر سەپتە ئەمەلىي ئىش ھەرىكىتى ئارقىلىق بىزنى يېتەكلىگەن، تەربىيىلىگەن. ئادەم ئايىغى تەگمىگەن چۆل-جەزىرىلەرگە تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ ئاياغ ئىزى چۈشكەن. تالاي-تالاي قېتىملىق بوران-چاپقۇن، ئاچلىق، جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئۇلار قىلچە

ۋايسماي بۈگۈنكىدەك بەختلىك تۇرمۇش ئۈچۈن ئەۋلادلىرىنىڭ، كېيىنكىلەرنىڭ راھەت-پاراغىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ياشلىقىنى، كۈچ-قۇۋۋىتىنى، زېھنى قابىلىيىتىنى تەقدىم قىلغان. نېفىتلىكنىڭ ھەر قايسى ساھە، ھەر كەسپىدە ئۇلار ئاشۇنداق ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى نامايان قىلىشىپ بىزگە مەڭگۈلۈك ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئىگىلىك تىكلەش كۈرەش قاينىمىدا ياراتقان، قەلبىگە سىڭگەن، ئادىتىگە ئايلانغان نېفىتچىلارغا خاس جەڭگىۋارلىقى، خالىس تۆھپە قوشۇش روھى ئەسلىمىنى ئوقۇغان ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن نامايان بولىدۇ.

كىم ئۇ، ھېچقانداق ئىلغار تېخنىكا، ئاپپارات-ئۈسكۈنە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بېنزىن، سالياركىلارنى تىلىداتېتىپ بېقىپ ئايرىغان؟!

كىم ئۇ، مايتاغدىن قارامايغىچە يول لىنىيىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۈچۈن ئايلاپ پىيادە يول يۈرۈپ يەرنى سىيلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ كەلگۈسى ئۈچۈن يول ئاچقان؟!

كىم ئۇ، جۇڭگەي، داگەي، شاۋگەي، ئورقۇ چۆل-جەزىرىلىرىدە قاتتىق نان غاجىلاپ، بىر قاچا سۇدا ھەپتىلەپ يۈز يۇيۇپ نېفىت چارلاش، ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپ تەرتۆككەن؟!

كىم ئۇ، ئايلاپ، يىللاپ ئائىلىنىڭ ھوزۇر-ھالاۋەت لەززىتىدىن كېچىپ، بوران-چاپقۇن، جۇت شۇۋرىغان ئىچىدە نېفىتلىكنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە مېھنەت تۆھپىسى بىلەن قۇياشتەك نۇر چېچىپ ئۆتكەن؟! ئۇلار بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز، پېشقەدەملىرىمىز. ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈۋاتقان ياشانغانلار ۋە ئارزۇ-ئارمان بىلەن ئارىمىزدىن كەتكەنلەر. ئۇلارنىڭ مېھنىتىسىز بۈگۈنكى بەختلىك كۈنلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇلارنىڭ مېھنەت نەتىجىسىدىن، ئەجىر-تۆھپىسىدىن جۇڭغار ۋادىسىدا بەرپا بولدى بۈگۈن ئالەمگە مەشھۇر نېفىت شەھىرى گۈزەل قاراماي! ئەجدادلار ئىشلىرىغا شاھىت، تىرىك تارىخ، تۇنجى قۇدۇقتىن ماي ئېلىش ئۈچۈن ئايلاپ كۈرەش قىلغان، تيەنئەنمېن مەيدانىدا بۇ ئانا دىيارنى ئالەمگە تونۇتۇشقا ئاساس سالغان جەڭگىۋار نېفىتچىلار ۋەكىلى ئولتۇرىدۇ. ئارىمىزدا ئەنە-ئەيسا قارىۋاي.

بۇ ئانا دىيار شۇنداق ئۇلۇغ. ئەجدادلىرىمىز، پېشقەدەملىرىمىز جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق شۇ ئۇلۇغلۇققا چۆمۈلگەن. ئەجىر-تۆھپىسىدىن ھۆرمەت بۆشۈكىگە بۆلەنگەن. ئىپتىخار ئىلكىدە، مىليونلار قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرۇپ ئانا يەر قوينىغا كۆمۈلگەن. شۇڭا ئېسىمىزدە بۇ تۇپراقنىڭ ئىگىسى، شەھىرىمىزنىڭ تۇنجى پۇقراسى سېلىم بوۋاي!!

خەلق، پەقەت خەلقلا تارىخنى ياراتقۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. نېفىتلىكنىڭ 1- ئەۋلاد ئىشچىلىرى بولغان بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز، پېشقەدەملىرىمىزنىڭ بەزىلىرى مۇجاڭ، سەتراچ، موزدوز، ئاشپەز، قاسساپ، دېھقان، بەزىلىرى ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى بولسىمۇ بۇ جەڭگىۋار سەپتە كۈرەشنى كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئۆگىنىپ، 40 يىللىق ئەمەلىيەت جەريانىدا نامى ئۇلۇغ نېفىتچىغا ئايلىنىپ تارىخ بېتىدە يارقىن ئوبرازىنى نامايان قىلدى.

بۇ ئەسلىمە ئۇلار ئۈچۈن تىكلەنگەن مەڭگۈلۈك ئابىدە. بۇ تارىخ بىزنىڭ جەلقىمىز ياراتقان، نېفىتلىكنىڭ پېشقەدەملىرىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن شەكىللەنگەن تارىختۇر. شۇڭا ئۇ تارىخ مەڭگۈ ئۆچمەس، مىليونلار قەلبىدىن ئەبەدىل كۆچمەس!

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك بۇ ئەسلىمە 40 يىللىقتا قىلىنغان ئەمىلى سوۋغا. شۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى بۇ ئەسلىمە نېفىتلىك ئاپتورلىرىنىڭ، يازغۇچىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ۋاقىت قىس، ۋەزىپە جىددىي ئەھۋال ئاستىدا ئەسلىمە يېزىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان، تاپشۇرۇلغان يولداشلار تارىخى چىنلىققا ئۇيغۇن ھەقىقىي پاكىت-ماتېرىياللارنى

توپلاش، ھاياتلار بىلەن سىردىشىپ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ئاز جاپا چەكمىدى. بەزى ئاپتورلار ئەھۋال ئىگىلەش، ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن ۋاقىت سۈرۈشتە قىلماي، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلىپ 5ـ4 قېتىملاپ تۇرپان، ئۈرۈمچى، مايتاغ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىزدەندى، ماتېرىيال توپلىدى، ئەھۋال ئىگىلىدى. مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە نەچچە قېتىملاپ بېرىپ پاكىتلارنى توغرىلىدى. نەتىجىدە قولىمىزدىكى بۇ توپلام تارىخ چىنلىقىغا ئۇيغۇن، ۋەقەلىكلىرى جانلىق، ئەسلىمىلىرى تەسىرلىك، ئىپادىلەش شەكلى ئاممىباب، تىلى راۋان نېفىتلىك تارىخىمىزنىڭ ئەجداد، پېشقەدەملىرىنىڭ جانلىق ئوبرازى بولۇپ شەكىللەنگەن ھالدا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇپ تۇرماقتا.

ئەسلىمىلەر توپلىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى نېفىتلىك تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. ھازىر نېفىتلىكنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە ياشلار 2ـ، 3ـ ئەۋلاد نېفىتچىلار ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىگىلىك تىكلەش مەزگىلىدىكى جاپا-مۇشەققەتلىك كۈرەش تارىخىغا نىسبەتەن چۈشەنچىسى كەمچىل، ئەڭ ئاددىسى چوڭ دادا، چوڭ ئانىلىرى مۇشۇ نېفىتلىكنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان. مېنىڭ باللىرىم-ئەينى چاغدىكى جاپالىق شارائىتنى، تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى، ھەپتىدە بىر چىقىدىغان 9ـ8 بال بورانىنى، 3يىللىق تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئازابىنى سۆزلەپ بەرسەك، ھازىرقى بەختىيار تۇرمۇش، رەت-رەت بىنالار مۇشۇ پېتىلا ئاسماندىن چۈشۈپ قالغاندەك «ئۇ دېگەن ئۆتمۈش» دەيدۇ. دېمەك ئۆتمۈشنى ئەسلىگەندىلا، ئۆتمۈشنى بىلگەندىلا بۈگۈننىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئەسلىمىلەر توپلىمى مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ياشلارغا نېفىتلىكنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تونۇتۇپ، ئەجدادلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىس بولۇپ 2ـ قېتىم ئىگىلىك تىكلەشتىن ئىبارەت نۆۋەتتىكى قارامايىنىڭ ئوبرازىنى قايتا تىكلەش كۈرەش مۇساپىسىدا ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلغۇسى. ئۇلارغا ياخشى دەستۇر بولغۇسى.

ئاخىرىدا بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ۋە كىتابخان بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئۈچ توپلامنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان، قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن، ئەجىر-مېھنەت سىڭدۈرگەن بارلىق يولداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، كۆپچىلىككە رەھمەت.

تۇرسۇن مۇسا

# «چۆلدىكى تۈنجى چىراغ» توپلىمى ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

(ئۈچ توپلامنى تارقىتىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز)

بۇ يىلقى كۈز بىزنىڭ قوش توي مەرىكىمىزگە توغرا كەلدى. بۇ ھەر مىللەت نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ قان تەر ئاققۇزۇپ ئىگىلىك تىكلىشىدىكى ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان، ئاپىرىن ئوقۇيدىغان پۇرسەت. ئاشۇ سۇلماس روھ، ئېگىلمەس ئەقىدىلەرنى كۈيلەيدىغان پەيت. قىرىق يىل ئۆتتى دېمەك بىر بوۋاق تۇغۇلسا قىرىق ياشقا كىردى دېگەن گەپ. مۇشۇ بىر ئادەمنىڭ يېرىم ئۆمرىگە تەڭ مۇساپىدە جاپاكەش نېفىت ئىشچىلىرى بىر نىيەت بىر مەقسەتتە جان-پىدالىق بىلەن ئىشلەپ ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىپايان چۆلدە خان ئوردىسىدەك شەھەردىن بىرنى

بەرپا قىلدى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۆۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرى.

مۇشۇ قىرىق يىللىق قوش تويغا شەھەر. ئىدارە پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شەھەر-ئىدارە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «مايبۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى سوۋغا سۈپىتىدە مىللى تىلدا ئۈچ توپلام تەييارلىدى. ئەسلىمىلەر، ھېكايىلەر، شېئىرلار توپلىمىدىن تەركىب تاپقان بۇ بىر يۈرۈش توپلام، قاراماي نېفىتلىكىدىكى ھەقىقىي ئىشلار ۋە كىشىلەر شۇنداقلا ھەر مىللەت نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزىگە بىر قەدەر كەڭرەك مۇجەسسەم قىلغان بولۇپ، بۇ توپلاملاردىن قارامايىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى مەلۇم جەھەتتىن كۆرۈۋالالايمىز.

مەن تۆۋەندە مۇشۇ ئۈچ توپلامنىڭ بىرى بولغان «چۆلدىكى تۈنجى چىراغ» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى ئۈستىدە قىسقىچە تەسىراتىمنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشتۇرماقچىمەن.

مەن مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ «مىللەتكە ئەسكەر ۋە باشلىق بولمىسىمۇ بولىدۇ، يازغۇچى بولمىسا بولمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان. بۇ، بىر مىللەتنى، زامانىنى، ماكانىنى، ئۆرپ-ئادەت جۈملىدىن شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ئېكىلوگىيىلىك مۇھىتىنى پەقەت يازغۇچىلا جاھانغا تونۇتالايدۇ دېگەنلىك. يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ئەتراپتىكى كىشىلەردىن پەرقلىق تەپەككۇر ۋە ئالدىن سېزەرلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەر تەييارلانماي تۇرۇپ قولغا قەلەم ئېلىش مېنىڭچە سەل كۆلكىلىك.

يازغۇچى قان بىلەن ئەسەر يازغاندا يازغان ئەسىرىدە جان بولىدۇ. ھەقىقىي يازغۇچىنى ھۆرمەتلىگەنلىك مىللەتنى ھۆرمەتلىگەنلىك، مىللەتنى ھۆرمەتلىگەنلىك ئۆزىمىزنى ھۆرمەتلىگەنلىك.

گەپنى يىغىپ نېفىتلىك پىروزىچىلىقى ئۈستىگە كەلسەم، بىز ئاش نېنىمنى يەۋاتقان مۇشۇ نېفىتلىكتە ھەممىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان يۈرىكىمىزدىكى خۇشاللىق ۋە دەرد-مۇڭلىرىمىزغا ئورتاق بولغان خېلى كۆپ يازغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. بۇ يازغۇچىلار ئېغىر جىسمانى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە ئوخشاش چىن ئىنسان كۆيىنى ياڭرىتمۇۋاتقان جاپاكەش لېكىن بەختىيار نېفىت ئىشچىلىرىنى كۈيلەيدىغان نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىپ بىزنىڭ نېفىتلىكىمىزنى، قەھرىمان ئىشچىلىرىمىزنى، تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزنى كەڭ رايونىمىزغا تونۇتتى ۋە كۆرسەتتى. «چۆلدىكى تۈنجى چىراغ» بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

ھېكايە-باشقا ئەدەبىي ژانىرغا قارىغاندا تۇرمۇشنى ئەركىن ھەم كەڭرەك ئىپادىلەيدۇ. ھېكايە بىلەن تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش مۇكەممەل ھەم گەۋدىلىك بولىدۇ.

«چۆلدىكى تۈنجى چىراغ» توپلىمى يۇقىرىقى پىكىرنى ئېنىق ئىچىپ بەرگەن. توپلامدىكى ئەسەرلەرنى باشتىن كۆرۈپ چىقساق، نېفىتلىك چارلاپ ئۆزلەشتۈرۈلگەننىڭ ئالدى-كەينىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇزۇن بىر مۇساپىنى يارقىن، كونكرېت، ھاياجانلىق تۇستە كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ. توپلامدىكى ئەسەرلەر نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، خىزمەت ئۇسۇللىرى، سۆيگۈ-مۇھەببەت سىمفونىيىسى بولۇپ ھەر بىر ئەسەردىن نېفىتنىڭ پۇرىقىنى ئېنىق پۇراۋالالايمىز.

بۇ ئەسەرلەردىكى دېتاللار ھەر قايسىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن ئېلىنغاچقا ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئادەملەر، ۋەقەلەر ھەممىمىزگە بەكمۇ تونۇش. تۇرمۇشنى چۈشەنمەي ئەسەر يېزىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. بىر تۆمۈرچىنى يېزىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قىزارغان تۆمۈرنى سەندەلگە قانداق قويغانلىقىدىن تارتىپ بولقىنى قانداق ئۇرغانلىقىغا قەدەر ئىنچىكىلىك بىلەن بىلمەي بۇنىڭغا ئەكىلىپ قاسساپنىڭ تۇرمۇشنى تەسۋىرلەپ قويساق تازا مۇۋاپىق ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم تۆمۈرچىنى چۈشىنىمىز، سىرتقى پائالىيىتى بىلەن ئەمەس ھەقىقىي قەلبىنى چۈشىنىشىمىز لازىم. نېفىتچىنى يېزىشمۇ شۇنىڭدەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ئاپتاپتا كۆيگەن، سوغۇقتا تاراسلاپ يېرىلىپ پىشقان قەھرىمان

نېفىتچىلارنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى بىلەن پىششىق تونۇشقاندىلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى ئىنچىكە، ئېنىق ۋە توغرا چۈشەنگەندىلا نېفىتچىلارنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى ياراتقىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنىمۇ يەنىلا «چۆلدىكى تۈنجى چىراغ»تىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

مۇنداقچە ئېيتقاندا «چۆلدىكى تۈنجى چىراغ» نېفىتلىكتىكى نادىر ھېكايىلەر توپلىمى. چۈنكى توپلامدىكى زور كۆپ ئەسەرلەر ئاپتونوم رايون ۋە ئىدارە شەھەرلىك ھەر خىل ئەدەبىي مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر.

نېفىتلىك چارلاپ ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆزمەي قەلەم تەۋرىتىپ نېفىتچىلارنى كۈيلەپ كېلىۋاتقان ئا. ئالماس، ئۆمەرجان كېرىم، ئا. قاسىم، ئابدۇرېشىت قادىرى قاتارلىق پېشقەدەملەر ھېلىمۇ ئارىمىزدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار مەيلى سەۋىيىسى يۇقىرىراق ئەسەر يازسۇن مەيلى سەۋىيىسى تۆۋەنرەك ئەسەر يازسۇن ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىنى ئۈزۈپ قويماي بىزگە ئۈلگە بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز. قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى ئاشۇ ئۇستازلار ئەجرىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز. ئارسلان تالىپ، مۇھەممەت مەمتېلى، ئابدۇرېشىت نىياز، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا، دولقۇن ئەلى، ئادىل غوجالىم قاتارلىق بىر تۈركۈم پروزا ئىجادىيىتىدە دادىل كېتىۋاتقان ياش يازغۇچىلاردىن ئۈمىد كۈتۈۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن نېفىتلىك پروزىچىلىقىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئىلگىرىكى يىللاردا نېفىتلىكىمىزدە سىراجىددىن سېيىتنىيازنىڭ «موللاخۇن»، خالىدىن ساتتارنىڭ «مىنوپ مەزىن»، ئا. ئالماسنىڭ «يۇرتداشلار» ۋە بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ بىر تۈركۈم نادىر ھېكايىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسا، 90- يىللارغا كەلگەندە بۇ ساھە كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە مەيلى سان، مەيلى سۈپەت جەھەتتە ئېشىپ باردى. ئارسلان تالىپ، مۇھەممەت مەمتېلى يازغان «چۆلدىكى تۈنجى چىراغ» سىراجىددىن سېيىتنىيازنىڭ «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر» ئابدۇرېشىت نىيازنىڭ «تەبىئەت ۋە ئانا»، «دادىسىغا ئەۋەتىلگەن خەت»، دولقۇن ئەلىنىڭ «قېنى سەن قىزىم سەلىمە»، ئابدۇرېھىم ئابدۇللانىڭ «قونالغۇدا»، تۇرسۇنجان ھاشىمنىڭ «تۇمانلىق دۇنيا» قاتارلىق ئەسەرلىرى كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. نېفىتلىكتىكى جەڭگىۋار ھاياتنى، نېفىتچىلارنىڭ سۇلماس ئىرادە ۋە ئېگىلمەس روھىنى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەپ بەرگەن.

بىر پۈتۈنلۈكتىن قارىغاندا نېفىتلىك پروزىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يازغۇچىلار ھازىر سىرتقى مۇھىت بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇرماي قەلەمنى نېفىتچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىغا يەنى نېفىتچىلار قەلبىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا بىۋاسىتە قاراتتى. شەھەر تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى يەنىلا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىدى. بۇ خىل تەسۋىر ھەرگىزمۇ ئاددى ۋە يۈزەكى بولماستىن بەلكى نېفىتچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ھەر تەرەپتىن ئىپادىلىدى.

يۇقىرىدا مەن نېفىتلىك پروزىچىلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە قىسقىچە توختالدىم. مەقسىتىم مۇۋەپپەقىيەتنى باھالاش بولغاچقا بىر قىسىم سەۋىيىسى تۆۋەن ئەسەرلەر ئۈستىدە توختالمىدىم.

كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆز-ئارا رىقابەت، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ ئالاقە سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ پوزىتسىيە تەلەپ قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە نېفىتلىكتىكى ھەر قايسى ئەدەب ۋە سەنئەتكارلاردىن تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تېخىمۇ كۆپ تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ كەڭ نېفىت ئىشچىلىرىغا سوۋغا قىلىشنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

گۈزەلنۇر مۇتەللىپ (شىنجاڭ داشۆ ئوقۇغۇچىسى)

# سىنىڭ قەدرىڭ

(نەسر)

ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون كىيسەم قورۇنغان تەنلىرىم،
ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كۆلاھۇ-جەندىمەن.
— ت. ئېلىيوف

تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئېغىر، ئىنسانمۇ ھەم شۇنداق.
دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار قاتارى مەن تېخىمۇ شۇنداق. يۇرت گۈزەل، يۇرت ھامان مېھرىبان.
ئېھ! ئانا، نېفىتلىك ماكانى، قەلبىمدىكى گۈزەللىك ئالەمى. خىيالىمدىكى چوڭقۇر ئەسلىمەم.
يۇلتۇزلار يۇرتى، سۆيۈملۈك دىيار-قاراماي. سەن شۇ تاپتا مەندىن قانچىلىك يىراقلاردا قالغانسەن-ھە! مەن بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. پەقەت تولىمۇ چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ياد ئەتمەكتىمەن.

بىلمىدىم، قانچىلىك يەرلەرنى كەزدىمكىن. ئىشقىلىپ بارمىغان جايلىرىم ئاز قالدى. مەيلى بېيجىڭ، مەيلى شاڭخەي، مەيلى قەدىمىي پايتەخت-نەنجىڭ بولسۇن ۋە ياكى ھازىرقى گۈزەللىك دۇنياسى دەپ ئاتالغان شېنجېن، گۇاڭجۇلار بولسۇن، شىنجاڭنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇلارنىڭ گۈزەل تاغلىرى، باغلىرى، دەريالىرى، قەدىمىي ئاسارە-ئەتىقىلىرى، شۇنداقلا دۇنياغا مەشھۇر سېپىللىرى، كىشىنىڭ مەستلىكىنى ھەم ھەيرانلىقىنى كەلتۈرگۈدەك ئاجايىپ قۇرۇلۇشلىرى بولسۇن، مەيلى بوغدا چوققىسى، مەيلى سايرام كۆلى بويلىرى بولسۇن ھەممىسى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك گۈزەل بولسىمۇ ھەممىسىلا مەندە سەندەك گۈزەللىك، مېھرىبانلىق، ئىللىقلىق تەسىراتىنى قوزغىيالمىدى. مەيلى كىشىلەرنىڭ مېنى «ۋاي» دېيىشلىرىدىن، «كەشپىياتچى» دەپ ئالقىشلاشلىرىدىن قەتئىي نەزەر ئۇ ھۆرمەتلەر، ئۇ ئىززەتلەر سېنىڭكىدەك يېقىملىق بىلىنمىدى. سەندەك مېنى ئۆزىگە تارتالمىدى. ساڭا بولغان چوقۇنۇشۇمنى، مۇھەببىتىمنى ئۆچۈرەلمىدى. كۆز يېشىمنى تۇسالمىدى. يۈرىكىمدىكى تەشنالىقنى قاندۇرالمىدى. خۇشاللىق، بەخت بەخش ئېتەلمىدى. سەھەر تۇرۇپ كۈن ساناش ئادىتىمنى ئۆزگەرتەلمىدى.

ئاھ، يۈرىكىم نېمانچە سوقىدىغاندۇ. بەلكىم ئۇمۇ سېنى ئەسلەۋاتقاندۇ. كۆكرەك قەپىزىمدىن ئۇچۇپ چىقىپ سېنى بىر كۆرۈپ، جامالىڭغا قېنىۋېلىشنى ئويلىنىۋاتقاندۇ.

ئاھ، تومۇرلىرىمدا قانلىرىم نېمانچە جۇشقۇنلىنىدىغاندۇ، بەلكىم ئۇمۇ تېزراق ئېقىپ، نېفىتلىك دېڭىزىغا تامچە بولۇپ قوشۇلۇشقا تەقەززادۇر. ئاھ، خىياللىرىم سەلەرگە قاراپ قانات قېقىۋاتقاندۇ؟ ھە-ئەسلىمە سېنىڭ يېنىڭغا ماڭغان ئىكەن-دە.

مانا مەن كېتىۋاتىمەن، چەكسىز كەتكەن نېفىتلىك باغرىدا.

مانا مەن تاقلاۋاتىمەن كوچىلىرىڭدا، توختىماي ۋارقىراۋاتىمەن، خۇشاللىقىمدىن ئۆزەمنى باسالمىغان ھالدا، ھەممىسى مەن تونۇش بولغان كوچىلار. تونۇش بولغان كىشىلەر، مانا مەن قۇچاقلىشىۋاتىمەن ئامراق دوستلىرىم بىلەن. شادلىقتىن كۈلۈۋاتىمەن. سېغىنىش ياشلىرىمنى توختىماي تۆكۈۋاتىمەن. كۆزلىرىمدىن ئاققان شادلىق تامچىسى نېفىت بولۇپ ئاقماقتا. مانا مەن

قاراۋاتىمەن. مەن تەربىيىلەنگەن ئانا مەكتەپلىرىمگە چوڭقۇر ئىھتىرام ھەم ھۆرمەت بىلەن قاراۋاتىمەن. ئىھ! ھەقىقىي گۈزەللىك دۇنياسى ساڭا قاراپ تويمايمەن. جامالىڭغا قارىسام قارىغۇم كېلىدۇ. سەن ھەجەپ گۈزەل ئىكەنسەن-ھە! مۇبادا ئەينى چاغدا سېنىڭ مەن ئۈچۈن بۇنچىلىك چوڭ ئەسلىمە بولۇپ قالىدىغىنىڭنى بالدۇراق بىلگەن بولسام ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر بىر كوچا، ھەر بىر بىنا، ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىڭغىچە ياخشىراق قارىۋالغان بولاتتىم. ئەپسۇس، بۇ ھازىر پەقەت مېنىڭ خىيالىمغا ئايلىنىپ قالدى. كۆرەي دېمەن كۆرەلمەيمەن. باراي دېمەن بارالمايمەن. بەزى چاغلاردا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاشۇ قۇشلارغا قاراپ مەستلىكىم كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ خالىغان يېرىگە بېرىپ خالىغان يېرىدە تۇرالايدۇ. لېكىن مەنچۇ؟ مەن تۇرمۇش قانۇنىيىتى بويىچە سېنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ نۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن بىلىم ئىگەللىشىم كېرەك. ئىھ! ئانا، ھەجەپ سېغىندىم. ئاشۇ ۋىشكىلىرىڭنى، قاپ-قارا يالتىراق ئالتۇن بۇلاقلىرىڭنى قاچانمۇ قايتا كۆرەرمەن. زەمزەم سۇلىرىڭنى قاچان قايتا ئىچىشكە مۇيەسسەر بولارمەن. بىباھا تۇپرىقىڭنى قاچانمۇ كۆزۈمگە سۈرمە قىلىپ سۈرەرمەن. راست «زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىگە يەتمىگىنىگە» ئوخشاش، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ باقمىغان مەندەك سەبىمۇ دەل ۋاقتىدا قەدرىڭنى بىلمەيدىكەن. پەقەت ئۆزگە يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ، ھەر جايلارغا تېرىق كەبى چېچىلغاندا، ساۋاقداشلار ئۆز-ئارا ئايرىلغاندا، ئانا يۇرت، ئۇرۇق-تۇغقان قېرىنداشلاردىن يىراقلاشقاندا ئاندىن ھەقىقىي يۇرت ۋە دوست قەدرىنى بىلىدىكەن. مانا بىز بىلىۋاتىمىز. سېنى مىنۇتلاپ ياد ئېتىۋاتىمىز....

ئىھ! ئانا، سېنى قاچانمۇ كۆرەرمەن. قانغۇدەك سۆيەرمەن، ھەجەپ سېغىندىم....

رېھىمجان رەھمەتجان (قاراماي سىفەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى)

# تېخىرقاش ئىلكىدە يېزىلغان خەت

(ھېكايە)

ئالگېبرا دەرسىگە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئوقۇغۇچىلار ئۆز جايلىرىدا ئولتۇرۇشتى. بىراق ئوقۇتقۇچى كىرمىدى.

- يەنە بالىسى ئاغرىپ قالدىمۇ نېمە؟ - ئالىم شۇنداق دېدى.

- ئۆتكەن سائەتمۇ ئاغرىپ قالغان، ھەر قانچە بولسىمۇ ساقايغاندۇ؟ - بەزىلەر شۇنداق دېيىشتى.

بىر دەمدىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى كىرىپ كەلدى ۋە:

- ئالگېبرا ئوقۇتقۇچىڭلارنىڭ بالىسى ئاغرىپ قاپتۇ، ئۆزەڭلار مۇزاكىرە قىلىڭلار، - دەپ چىقىپ كەتتى.

بالىلار بىر- بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، ئېغىر «ئۇھ» تارتتى -دە كىتابلىرىنى ئېلىپ، مەشق ئىشلەشكە باشلىدى.

مەن پارتىدا ئولتۇرۇپ كىتابلىرىمنى ۋاراقلاپ قويدۇم. بىر تۇرۇپ ئوقۇتقۇچىمغا ئاچچىقىم كەلدى. نېمە دېگەن بىغەم مۇئەللىم بۇ؟ مۇشۇنىڭ بىلەن ئالتە سائەت ۋاقتىمىز بىكارغا كەتتى. «بالام ئاغرىپ قالدى» دەپ بىز بىلەن كارى بولمىسا بولامدۇ؟ مەن شۇ ئويلار بىلەن مۇئەللىمگە بىر پارچە خەت يېزىش قارارىغا كەلدىم ۋە قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم.

«ھۆرمەتلىك مۇئەللىم ياخشىمۇسىز!؟

سىز بەلكىم بۇ خەتنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەنسىز، «كۈندە دېگىدەك كۆرۈشۈپ تۇرساق يەنە نېمىگە خەت يازغاندۇ؟» دەپ ئەجەبلەنگەنسىز؟ ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى بىز كۆرۈشمىگىلى ئىككى ھەپتە بولدى. مەن بۇ خەتنى يازايمۇ-يازمايمۇ دەپ ئاخىرى يېزىش قارارىغا كەلدىم.

مۇئەللىم بالىڭىز ئاغرىپ قاپتۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتۇق. ئەمما شۇ بانا بىلەن بىزگە ئالتە سائەت دەرس ئۆتمىدىڭىز. سىزنىڭ دەرس سائىتىڭىزدە گاھى باشقا پەن ئۆتىدۇ، گاھى بولسا تەكرار قىلىمىز.

مۇئەللىم ئويلاپ بېقىڭ؟ بىز بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان سىنىپ. بىزنىڭ ئالگېبرا ئاساسىمىز سەل ئاجىز. بۇنى سىزمۇ بىلىسىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپرەك كۈچ چىقارمىساق بولمايدۇ. بىزمۇ سىزنىڭ باشقا ئوقۇتقۇچىلاردەك بىزگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، بىز ئۈچۈن كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ تەكرار قىلىپ بېرىشىڭىزنى ئارزۇ قىلاتتۇق. ئەپسۇس، سىز ئۇنداق قىلالمىدىڭىز. توغرا، بالىڭىز سىزنىڭ كۆيۈنۈشىڭىزگە مۇھتاج، ئەمما سىنىپتىكى 35 بالا بالىڭىزدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنۈشىڭىزگە مۇھتاج ئىدىغۇ!؟

مۇئەللىم سىزنىڭ بىر بالىڭىز بالا بولغان بىلەن سىنىپتىكى 35 بالىمۇ بالىغۇ!؟ بىراق سىز بۇنى ئويلىمىدىڭىز، ئازراقمۇ ئويلىمىدىڭىز. مۇئەللىم بىزمۇ سىزنىڭ بىزگە خۇددى ئۆز پەرزەنتىڭىزدەك كۆيۈنۈشىڭىزنى نەقەدەر ئۈمىد قىلىمىز-ھە! مۇئەللىم بىزنىڭ ئىستىقبالىمىزنى ئويلاڭ!

ھۆرمەت بىلەن: سىنىپىڭىزدىكى 35 پەرزەنتىڭىزدىن»

مەن خەتنى شۇنداق ئاياغلاشتۇردۇم. ئەمما خەتنى مۇئەللىمگە بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. ھۆرمەتلىك كىتابخان مەن بۇ خەتنى ئوقۇتقۇچىمغا بېرىشىم كېرەكمۇ؟ قېنى، سىز ئويلاپ كۆرۈڭ؟

رىسالەت رېھىم (شەرقىي جۇڭغار 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى)

# نەسىرلەر

## مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار

مېنى بىر توپ يولۋاس يوغان كامارغا سۆرەپمېڭىۋاتىدۇ. مەن تېخى كامارغا كىرمىدىم، بىراق ھامان ئاشۇ قاراڭغۇ كامارغا كىرىمەن. چۈنكى مەن بىخەستىلىك قىلىپ قويدۇم، سەگەك تۇرمىدىم، قارشىلىق بىلدۈرمىدىم، كۈرەش قىلمىدىم، قان تۆكۈلۈشتىن قورقتۇم، ئۇنىڭ كۈچىنى تەڭداشسىز كۈچ دەپ قارىدىم.

## تاڭ ئاتقاننى تۇيمىغان ئىنسان

تاڭ ئېتىپ كۈن پاتاي دەپ قالدى، ئۇ ئىنسان يەنىلا ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ئۇخلاۋاتىدۇ، ئەجىبا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانمىدۇ؟ ياكى بىلمەسكە سېلىپ يۈرەمدىغاندۇ؟ جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىۋاتقان ھادىسە ۋە شەيئىلەرگە نەزەر سالمىغانمىدۇ؟ ياكى ئۇ ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر تەرىپىدىن پەس قارىلىپ، كىشىلەر نەزەرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەس

ئارتۇقچە بولۇپ قالغانلىقىدىن زارلىنىپ ھەممىدىن ۋاز كەچتىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇ بار كۈچى بىلەن ھەققانىيەت يولىدا كۈرەش قىلىپ، كىشىلەر ھۆرمىتىنى قوزغاپ، بۈيۈك نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشسا بولماسمىدى؟

## ئانا، سىز نەدە؟


جېنىم ئانا، مەن سىزنى ئىزدەپ ھالىمدىن كەتتىم، نىم جان بولۇپ قالدىم، مەڭگۈلۈك ماغدۇردىن كەتتىم. سىز بۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز؟ مەن سىز ئۈچۈن بارلىقىمنى ئاتاشقا رازى، بىراق سىز نېمىشقا مەندەك يۈرەك پارىڭىزنىڭ بەختى، كەلگۈسى ئۈچۈن ئازغىنە كۈچىڭىزنى سەرپ قىلمايسىز؟ بەلكىم سىز، مېنىڭ سىزنى كۆرەلمەي، نادامەت ئىچىدە ئۇ دۇنياغا كېتىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيدىڭىز؟

## بىلىم كۈچى

مېڭىۋاتىمەن، مېڭىۋاتىمەن، ماڭغانسېرى ئېسىۋالغان سومكام يەلكەمنى ئېغىر باسماقتا. قانچە ئىلگىرىلىگەنسېرى بۇ سومكا ماڭا گويا تاغدەك بىلىنمەكتە، بۇ بەلكىم مېنىڭ بۇ سومكىنى، ئۇزۇن يىل تۈگىمەس، قىممەتلىك بىلىم بايلىقلىرىنى جۇغلاشتا ئۆتكۈنچى كۆۋرۈك قىلغىنىمدا.

## زارلانما

مەن نۇرغۇن قەلبلەر بىلەن قەلبداش بولۇپ ئۆتتۇم، قەلبداشلىرىم ماڭا ھەمىشە شۇنى ئىدا قىلىدۇ: سېنىڭ قەلبىڭنى نادامەت قايغۇسى، قوللىرىڭنى جاپالىق ئەجىر سىمۇولى چوڭقۇر داغ ئىزلىرى قاپلىدى. سەن ئاز بولمىغان رىيازەت چەكتىڭ، خار-زار بولدۇڭ، لېكىن شۇنى ئېسىڭدە تۇت، «بىر خار، بىر ئەزىز بولىدۇ، قايغۇ ئىچىگە خۇشاللىق، بەخت يوشۇرۇنغان بولىدۇ».



مەريەم نوخنى(غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى)

# شېئىرلار

## تەشۋىش

بىدار يۇرۇپ نەچچە كۈن پەسىل،
ئۇيقۇسىراپ قالدىم ھەم ھېرىپ.
بىراق تۈندە ئىلىنسا كۆزۈم،
ئەنسىرەيمەن بوۋام، موماملاردەك
قالارمەنمۇ بىر ئۆمۇر قېتىپ،
بىلەلمەستىن ھايات چىرىغىم،
ئۆچۈكمۇ، يا تۇرامدۇ يېنىپ.

## شائىرغا

ھۆرمىتىم چەكسىزدۇر سۆز پىشۋاسى،
ھەر قەلب زوقىنى تارتقان شائىرغا.
تەپەككۇر سىرىنى ئېچىپ دائىما،
قەلەمدە گۈلىستان سىزغان شائىرغا.

ئوقسام ھەر دائىم شېئىرلىرىڭنى،
لىرىكالىق قىلىدۇ مەپتۇن ئۆزىگە.
قارايمەن زوقلىنىپ زور ھەۋەس بىلەن،
كەشتىلەر چېكىلگەن قەغەز يۈزىگە.

يازغىن، ياز، يېزىۋال! ئىلھامچىلىق كۆپتۇر،
ئۇرغۇتۇپ فونتاندەك سۆز غۇنچىلەرنى.
خەلقىمىز ئۇنىڭدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئالسۇن،
ئېچىلدۇر گۈلزاردا گۈل-غۇنچىلارنى.

## ئىلتىجا

ئۆتۈنەي مەن سەندىن تەقدىرىم،
بالىلىقنى بەرگىن قايتۇرۇپ.
مىلىق جاپادا چولىق قىلسالىق، ئەپسۇس!
قالدىم يەنە ئېزىپ قايمۇقۇپ.

بالىلىقتا ئارمانسىز ئىدىم،
گۈزەل ئىدى سەبى خىياللار.
چولىق بولغاندا مەست قىلدى مېنى،
رېئاللىقتا سىرلىق تۇمانلار.

بالىلىقنى بەرگىن قايتۇرۇپ،
ئۇندا باردۇر دېڭىز-ئوكيانلار.
ئەمدى مانا كۆردۇم ھەممىنى،
كۆز ئالدىمدا تۇمەن چايانلار.

ئىچ ئاغرىتقىن ماڭا تەقدىرىم،
ئويلاپ تاپقىن تېزراق ئامالار.



جۇدىدۇك

# سىرلىق قوشنا

(ھېكايە)

بىر جۈپ ياش ئەر-خوتۇن ياندىكى ئۆيگە شەپىسىزلا كۆچۈپ كىردى. ئەر ئېگىز بويى سالاپەتلىك بولۇپ، كۈندە موتىسىكلىتىنى مىنىپ ئەتىگەن چىقىپ كەتسە، كەچ كىرەتتى. ئۇنىڭ زادى نېمىگە ئالدىراش يۈرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئايالى ئاجىز كەلگەن بولۇپ، كۈندە ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، يولدىشىنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، تاماقنى ئېتەتتى. بىكار قالغان ۋاقىتلىرىدا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، جىمجىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

ئۇلار پەقەت كىشىلەر بىلەن ئارىلاشمايتتى. كۈنلەرنى بىر خىل مۇقىم ئەمما ئىنتايىن سۇر، كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. بىر كۈنى ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتتىم. ئەگمىدىن ئۆتكىنىمدە، يولدىكى چىراغ نۇرىدا ئۇ ئايالنىڭ قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى، چىرايىنىڭ تامدەك تاتىرىپ، كۆز قارچۇقىنىڭ قېتىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ شۇ تۇرقىدا قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، ئەمدى ھەرگىزمۇ ياش تۆكمەيدىغان ئادەمگە ئوخشاپ قالغان ئىدى.

ئۇ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بەستلىك ئېرىنىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئىشىك ئالدىغا كەلگەن چاغدا، كەينىمگە ئەنسىزلىك بىلەن قارىغىنىمدا، ئەر ئايالنىڭ قولىنى تارتقىنىچە تۆۋەن ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. ئايال بولسا، كۆچىنىڭ بىرىچە بوشۇنۇپ يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭدى، ئەر يەنە يېتىشىۋېلىپ، ئايالنىڭ بىلىدىن قۇچاقلاپ قويۇپ بەرمەي، تۆت ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى. ئۇ يىراقتىن مېنى كۆردى.

يۈرۈكۈم تارتىشقاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ بىلگىم كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئەر-خوتۇن ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ، ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدىم-دە، بېشىمنى تۆۋەن سالغىنىمچە ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

شۇ كۈندىن كېيىن، ھېلىقى كىشى بۇرۇنقىدەكلا موتىسىكلىتىنى مىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، ئايالمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۈن-تىنسىز ئۆي ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ ئۆتتۇۋەردى. تۇنۇگۇنكى ئىش خۇددى چۈشتەكلا بولۇپ قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، مەن ئۇ ئايالنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلىدىغان بولدۇم. ئۇ خۇددى كۆندۈرۈلگەن ھايۋانغىلا ئوخشايتتى.

مەن ئۇ ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن دائىم ھەسرەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ تۇرمۇشنى ۋە بۇ ئەر كىشىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوبۇل قىلمىغانلىقىنى، بۇنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر سىر بارلىقىنى جەزىم قىلدىم. دەل شۇ كۈنلەردە ئارقا-ئارقىدىن بىر قانچە ئايالنىڭ ئالداپ سېتىلغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان گېزىت خەۋەرلىرىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئىختىيارسىز غەزىپىم تاشتى-دە، ساھىپجامالLARنى قۇتقۇزىدىغان قەھرىمان بولماقچى بولدۇم، ئەمما، بۇلارنى قىلىشتىن ئاۋۋال ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى.

مەلۇم بىر كۈنى چۈشتە، مەن سىناپ باقماقچى بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم.

— يەڭگە، سىز قايسى يۇرتتىن؟

ئۇ تېخىرقىغان هالدا ماڭا بىر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ:

— شەرقىي شىمالدىن.

— ۋۇي بىز يۇرتداشكەنمىز. شىشەنگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

— توي قىلىپ بولىمامدۇ.

مەن يەنە نېمىلەرنى دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم، ئۇنىڭغىچە ئايالمۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتكەن بولسا كېرەك. بىر كۈنى قاش قارايغان ۋاقىتتا، بۇ بىر جۈپ ئەر-ئايال قاتتىق سوقۇشۇپ كەتتى. مەن جىمجىت ئۆيدە قۇلاقلىرىمنى دىڭ تۇتقان هالدا، ئۇ ئايالنىڭ بىر تەرەپتىن ھەسرەتلىك يىغلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرگە ۋارقىراپ:

— مېنى يەنە تۇتۇۋالىمەن دەپ ئويلىما، مەن هازىرلا كېتىمەن، يوقال كۆزۈمدىن كالۋا. سەن مېنى تىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرمىدىڭ، مېنى تىڭ بىلەن بىللە بولغۇزمىدىڭ، ھەممىنى قىلغان سەن ھەممىنى قىلغان سەن، كالۋا،— دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

مەن مۇشتۇملىرىمنى تۈگۈپ، هۇجۇمغا تەييارلاندىم.

ئەمما، ۋاراڭ-چۇرۇڭ ناهايىتى تېزلا بېسىقىپ كەتتى، ئازراقمۇ ئاۋاز يوق، مەن بىر تەرەپتىن شەپىنى تىڭشىغاچ يەنە بىر تەرەپتىن قانداق قىلىشنى ئويلاپ، كارىۋاتتا ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدىم.

تاڭ يورىدى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، هايال بولمايلا ئۆيدىن چىقىپ ئەگىمگە كەلدىم ۋە هېلىقى ئەركىشىنى تۇتىۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدۇم. بىردەمدىن كېيىن ئۇ كۆزلىرى قىزارغان هالدا موتسىكلىتىنى مىنىپ كەلدى. مەن قولۇمنى پۇلاڭشىتىپ ئۇنى توختاتتىم-دە، شارتلا قىلىپ موتسىكلىتىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋالدىم. هەم قوپاللىق بىلەن:

— ئاداش ماڭا ئېيتە، ئۇ ئايال بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟-دەپ سورىدىم. ئۇ ئويلىنىپ:

— ئەلۋەتتە ئەر-خوتۇنمەن،— دېدى. مەن كۈلۈپ كېتىپ:

— ئاناڭنى، قالايمىقان سۆزلىمە. راستىڭنى ئېيت، سىلەر كۆچۈپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ مەن سىلەرگە دىققەت قىلغان، ئالىلىبۇرۇن ئاشكارىلىنىپ قالدى،-دېدىم.

— نېمە قىلماقچىسەن؟-دېدى ئۇ چەكچىيىپ.

— سەن ئۇنى قويىۋەت، كۆڭلىدىكى كىشىسىنىڭ قېشىغا كەتسۇن، بولامدۇ؟ قارىماسەن ئۇنىڭ بىچارىلىقىنى، هېچقانداق شاد-خۇراملىق يوق، خۇددى ياغاچ ئويمىدەك ياشاۋاتىدۇ. ئۇنى شۇنداق باغلىۋېلىشقا قانداق ۋىجدانىڭ چىدايدۇ؟-دېدىم. ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى نەملەندى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ:

— ئىنىم، سەن بىلمەيسەن، ئۇنىڭ نېرۋىسىدا چاتاق بار،— دېدى.

ئاغزىمنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپلا قالدىم.

ئۇ يەنە:

— ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشكەنىدىم. كېيىن يۇ تىڭ ئىسىملىك بىر بالا ئارىمىزغا كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مېنى تاشلاپ ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. ئىككىسى بىر-بىرىنى ناهايىتى ياخشى كۆرۈشەتتى. سايىغا ئوخشاش بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايتتى. ئويلىمىغان يەردىن، ئىككى يىلدىن كېيىن، بىر قېتىملىق قاتناش هادىسىسى يۇتىڭنى هاياتتىن ئايرىدى. ئۇ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپلا نېرۋىسىدىن ئادىشىپ، كوچىغا چىقىپ كۆرگەن ئادەمدىن «مېنىڭ يۇتىڭىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟ مېنىڭ

يۈتكۈمنى كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ سوراپ يۈرگەن يېرىدىن مەن ئۇنى ئۆزەمنىڭ ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز چىڭ قوچاقلاپ قويۇۋەتمىدىم. كېيىن ئۇ ئاستا-ئاستا بوشىشىپ پەيلىدىن ياندى. ئەمما، مۇشۇنداق تىرىك ئۆيمىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتا-ئانامغا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇلار قەتئىي قارشى تۇردى. ماڭا ئۆيمۇ، پۇلمۇ بەرمىدى. ئامالسىزلىقتىن بۇ شەھەر سىرتىدىكى دېھقاننىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاددىيلا توي قىلدىم، تويدىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى ھېچقانداق ياخشىلانمىدى. پەقەت مېنىڭ سىرتقا چىقىپ، سودا قىلىپ تاپقان ئازراق پۇلۇمغىلا تايىنىمىز. مەن ئۇنى مۇشۇنداق قوغدىغىلى، مۇشۇنداق بەزلىگىلى ئالتە يىل بولدى، -دېدى.

ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ئاڭلاپ، ئاخىرى ئاستاغىنە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدىم:

— خاپا بولما، مەن خاتالىشىپتىمەن، سېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئويلىماپتىمەن.

— ئىنىم، -دېدى ئۇمۇ، -ئەمەلىيەتتە سەنمۇ ياخشى ئادەم ئىكەنسەن.

گېپىنى تۈگىتىپلا يولغا راۋان بولدى، مەن بىلەن خوشلاشقان چاغدا، ئۇنىڭ كىرپىكلىرى يەنىلا نەم ئىدى. مەن تاكى ئۇ كېلىپ-كېتىۋاتقان ئادەملەر دېڭىزى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولغىچە قاراپ تۇردۇم. ئادەملەر ھەمىشە ئالدىراش-تېنەش ئىچىدە يۈرىدۇ، ئەمما ئاشۇ ئالدىراپ-تېنەپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى راستىنى ئېيتقاندا تۇغقانلىرى-يېقىنلىرى ياكى ئۆز ئائىلىلىرىنىڭ ھالەكچىلىكىدە، خالاس.

بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ياخشى ئادەملەر-ھە!

(شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئوقۇغۇچىسى ئاينۇرە نەيىم تەرجىمىسى)



يۈەن شياۋخۇ

# ۋاڭ ئەرگۈنىڭ تۇرمۇشتىكى ئۈچ قائىدىسى

( I ) ۋاڭ ئەرگۈ ئوغلى بىلەن:

ئوغلى تۇغۇلغاندا: ۋاھ، مەن ئوغۇل كۆردۈم!

ئوغلى 3 ياشقا كىرگەندە: بۇ ئوغلۇم نېمە دېگەن ئوماق ھە!

ئوغلى 5 ياشقا كىرگەندە: ئوغلۇم راست ئەقىللىق بالا بوپتۇ.

ئوغلى 8 ياشقا كىرگەندە: بۇ قانداق قىلغىنى، ئۇ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن ھەممىنى بىلەتتى، ھازىر نېمىشقا دائىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ؟

ئوغلى 18 ياشقا كىرگەندە: سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بۇندىن كېيىنكى يولۇڭنى ئۆزەڭ تېپىپ مېڭىشىڭغا توغرا كېلىدۇ.

ئوغلى 25 ياشقا كىرگەندە: بۇ نېمە قىلغىنى، ئۇ مۇھەببەت تۇتۇپ ئاپتۇ، بۇ ئىش توغرىلىق ئۆيدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقايمۇ دېمەپتۇ.

ئوغلى 30 ياشقا كىرگەندە: دائىم قالايمىقان ئىش قىلىپ يۈرمە، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز قائىدىسى بولىدۇ، سالماقراق بولۇشۇڭ كېرەك.

ئوغلى 35 ياشقا كىرگەندە: ئەستاغپۇرۇللا، ئوغۇل چوڭ بولسا دادىسىنىڭ گېپىگە كىرمەيدىكەن، نېمە قىلسا قىلمامدۇ!

ئوغلى 45 ياشقا كىرگەندە: ھاياتلىقتا غەيرەتلىك بولۇش كېرەك ئوخشايدۇ. سىلەر بۇ دەۋردىكىلەر راستىنلا بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكىلەردىن ئارتۇق ئىكەنسىلەر.

ئوغلى 55 ياشقا كىرگەندە: سەنمۇ خېلى ياشقا كىرىپ قالدىڭ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان ئىشتەك قىلىدۇ!

ئۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوغلىغا تاپىلاپ: مەن مېڭىپ تۇرىدىغان بولدۇم، سەنمۇ قېرىدىڭ، ئۆينىڭ ئىشلىرى ساڭا قالدى، ئەمما كىشىنىڭ يېشى بىر نەچچە ياش چوڭايسا، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئالغان تەسىراتى ھامان ئانچە ئوخشاش بولمايدىكەن.

( I ) ۋاڭ ئەرگۈ دادىسى بىلەن:

7 ياشلىق ۋاڭ ئەرگۈ: مېنىڭ دادام بەكمۇ قالتىس، ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ.

15 ياشلىق ۋاڭ ئەرگۈ: بۇ قانداق گەپ؟ دادامنىڭمۇ بىلمەيدىغان ئىشلىرى بار ئىكەنغۇ.

20 ياشلىق ۋاڭ ئەرگۈ: ۋاي جانەي، بۇ قېرى دادامنىڭ كۆز قارىشى خېلى بۇرۇنلا دەۋر ئېقىمىنىڭ كەينىدە قاپتىكەن.

35 ياشلىق ۋاڭ ئەرگۈ: ھەي! بۇ قېرىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا مېنىڭ ئەقلىمنىڭ يېرىمىچىلىك ئەقلى بولغان بولسا، ئۇ خېلى بۇرۇنلا مىليونېر باي ياكى مەنسەپ يۇقىرى، پۇلى كۆپ بولغان بولاتتى.